



# ئەدگار رەيس بارو (ئامېرىكا)

# مــــۇنـــدەرىــــجــــە

1 ـ باب ....................................................... 4
2 ـ باب ....................................................... 12
3 ـ باب ....................................................... 19
4 ـ باب ....................................................... 28
5 ـ باب ....................................................... 35
6 ـ باب ....................................................... 41
7 ـ باب ....................................................... 46
8 ـ باب ....................................................... 53
9 ـ باب ....................................................... 59
10 ـ باب ....................................................... 64
11 ـ باب ....................................................... 77
12 ـ باب ....................................................... 85
13 ـ باب ....................................................... 92
14 ـ باب ....................................................... 101
15 ـ باب ....................................................... 113
16 ـ باب ....................................................... 124
17 ـ باب ....................................................... 136
18 ـ باب ....................................................... 146

19 ـ باب ........................................................ 151
20 ـ باب ........................................................ 157
21 ـ باب ........................................................ 168
22 ـ باب ........................................................ 180
23 ـ باب ........................................................ 192
24 ـ باب ........................................................ 200
25 ـ باب ........................................................ 211
26 ـ باب ........................................................ 218
27 ـ باب ........................................................ 226
28 ـ باب ........................................................ 233

بارلىق ھوقۇق ئۇيغۇر ئىجادىيەت تور كۇلۇبىغا تەۋە ، ئۇيغۇر
ئىجادىيەت تور كۇلۇبى تارقاتتى .

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى :

تـــــەھــــرىـــــر :

بىلىك كۇلۇبى ۋە ئىنتىل سەيناسىدىن كۆلكە0997

بىرىنچى باب

# ئارىزونا شتاتىدىكى تاغ ئۈستىدە

مەن ناھايىتى قېرىپ كەتتىم، ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە قېرىپ كەتكەنلىكىمنىمۇ بىلمەيمەن. يۈز ياشتىن ئاشقان بولۇشۇم ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ قېرى بولۇشۇم مۇمكىن. بالىلىق چاغلىرىمنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىمۇ ئېسىمدا قالماپتۇ. يادىمدا قالغىنى ئۆزۈمنىڭ ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بىر ئەزىمەت ئىكەنلىكىدىنلا ئىبارەت. ھازىرقى ھالىتىم بۇندىن قىرىق يىل بۇرۇنقى ھەتتا ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھالىتىم بىلەن پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئەمما شۇنى ھېس قىلىمەنكى ، مەن بۇنداق ياشاپ كېتىۋەرسەم بولمايدۇ، ھامان بىر كۈنى ھەقىقى ئۆلۈشۈم ، ئۆلگەندىن كىيىن قايتا تىرىلمەسلىكىم كېرەك. ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈمدىن نېمە ئۈچۈن قورقىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. مەن ئىلگىرى ئىككى قېتىم ئۆلگەن بولساممۇ ئەمما يەنىلا ھايات تۇرۇۋېتىمەن. شۇنداقتىمۇ خۇددى بۇرۇن ئۆلۈپ باقمىغان ئادەمگە ئوخشاش ئۆلۈمدىن ئىنتايىن قورقىمەن. دەل مۇشۇنداق ئۆلۈمدىن قورقىدىغان پىسخىك كەيپىيات ئۆزۈمنىڭ مۇقەررەر ھالدا ئۆلىدىغانلىقىمغا شەكسىز ئىشەندۈرىدۇ.

ئەجىلىمنىڭ مۇقەررەرلىكىگە ئىشەنچىم بولغانلىقى ئۈچۈن مەن ئۆزۈمنىڭ ھايات ۋاقتىمدىكى ۋە ھالاك بولغان ۋاقتىمدىكى قىزىقارلىق ئىشلارنى يېزىپ خاتىرە قالدۇرۇش قارارىغا كەلدىم. مەن بۇ ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ئامالسىزمەن. مەن پەقەت بىر تەلەيلىك ئەسكەرنىڭ ئاددىي تىلى بىلەن بېشىمدىن كەچۈرگەن غەلىتە ئىشلار توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرماقچى . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەن ئاللىقاچان ئۆلۈپ، جەسىدىم ئارىزونا شتاتىدىكى بىر تاغ غارىدا ياتقان ھەم باشقىلار تەرىپىدىن بايقالمىغان ئون يىل ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن.

مەن ئەزەلدىن باشقىلارغا بۇلارنى سۆزلەپ باقمىدىم، شۇنداقلا مەن مەڭگۈ ئۆلۈپ

كېتىشتىن بۇرۇن ھەرقانداق ئادەتتىكى بىر ئادەممۇ بۇ قولىيازمىنى كۆرۈپ باقمىدى. ماڭا ئايانكى، كىشىلەرنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيىسى قوبۇل قىلالمايدىغان بۇنداق نەرسىگە ئۇلار ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ . شۇڭا، پەقەت كەلگۈسىدىكى ئىلىم ـ پەنلا ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان ئەمەلىيەتنى سۆزلىگەن چېغىمدا، ئۆزۈمنىڭ جامائەتچىلىكنىڭ مەسخىرىسىگە، مۇھاكىمە يىغىن ۋە ئاخبارات ساھەسىنىڭ كۈچلۈك ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدىغانلىقىمنى، شۇ دەقىقىدە ئۆزۈمنىڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۇچىغا چىققان چوڭ ئالدامچى بولۇپ قالىدىغانلىقىمنى ھېس قىلىمەن. مەن مارستا ئېرىشكەن ئىلھامىم ھەم مېنىڭ بۇ كىتابتا بايان قىلىپ بېرەلىگەن مەزمۇنلار، بەلكىم بىزنىڭ ئاچا ـ سىڭىل پىلانىتىمىز مارسنىڭ سىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشىنىشكە ئاز ـ تولا ياردىمى بولۇپ قىلىشى مۇمكىن. باشقىلار ئۈچۈن سىرلىق تۇيۇلغان ئىشلار ھازىر مەن ئۈچۈن سىر ئەمەس .

مېنىڭ ئىسمىم جون كارتېر، بەلكىم، ۋىرگىنىيە شتاتلىق ستارشى لېيتنانت جېك كارتېرنى يەنىمۇ كۆپ كىشىلەر تونۇشى مۇمكىن. جەنۇب-شىمال ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەن نەچچە يۈزمىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا ئىگە بولدۇم ھەم مەلۇم ھەربىي قىسمنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر ستارشى لىيتنانتلىق ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتىم. ئەمما بۇ قىسىم ھازىر مەۋجۇت ئەمەس. جەنۇب فىدراتسىيىسىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن مېنىڭ بۇ دۆلەتتىكى خىزمىتىممۇ ئاخىرلىشىپ، ئىگە ـ چاقىسىز،ئۆي ـ ماكانسىز قالدىم. ھايات ـ ماماتلىق ئۇرۇشمۇ كەلمەسكە كەتتى، شۇڭا مەن غەربى جەنوپقا بېرىپ ئالتۇن قىزىپ قولدىن بېرىپ قويغان مال-دۇنيانى قايتۇرۇپ كېلىشكە بەل باغلىدىم.

مەن يەنە بىر جەنۇب فىدراتسىيىسىنىڭ ئەمەلدارى بىلەن بىرلىكتە بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئالتۇن كانى ئىزلىدۇق. ئۇ ئادەم رىچمونلۇق ستارشى لىيتىنانت جامېس پوۋېل بولۇپ، تەلىيىمىز ئوڭدىن كەلدى. نۇرغۇن جاپالارنى تارتقاندىن كېيىن 1865ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئالتۇن مىقدارى مول كۇۋارتىسلىق كان قاتلىمىنى تاپتۇق. بۇ بىزنىڭ چۈشىمىزگىمۇ كىرمىگەن ئىدى. ئىلگىرى كان ئىنژېنىرلىرىنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان پوۋېلنىڭ ئېيتىشىچە،

بىز قىسقىغىنا ئۈچ ئاي ۋاقىت ئىچىدە  قىممىتى بىر مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدىغان كان رودىسىنى بايقاپتىمىز.

ئۇسكۈنىلىرىمىز بەك ئاددىي بولغاچقا كان رودىسى قېزىش خىزمىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئارىمىزدىن بېرەيلەن مەدەنىيەتلىك رايونغا قايتىپ زۆرۈر بولغان كان قېزىش ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىشى ۋە يېتەرلىك ئادەم كۈچى ئېلىپ كېلىش بېكىتىلدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە  بىز كان قېزىش ھوقۇقىمىزنىڭ باشقىلارنىڭ دەخلى ـ تەرز قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەركىتىمىزنى تىزلەتمىسەك بولمايتتى.  پوۋېل مەدەنىيەتلىك رايونلارغا تونۇش، شۇنداقلا كان رودىسى قېزىشقا قانداق ماشىنا ـ زاپچاسلارنىڭ كېتىدىغانلىقىنى تەپسىلىي بىلگەچكە ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ ئۇنىڭ بېرىشىنى قارار قىلدۇق.

1866 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى پوۋېل يېمەكلىك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ مەن بىلەن خوشلىشىپ ئېتىنى مىنىپ يولغا چىقتى ۋە تاغ باغرىنى بويلاپ جىلغىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. تاغ جىلغىسىدىن ئۆتكەندە  ئۇ  بىرىنچى باسقۇچتىكى سەپەرگە  قەدەم باسقان ئىدى.

خۇددى ئارىزونا شتاتىنىڭ باشقا كۈنلىرىدىكىدەك پوۋېل يولغا چىققان كۈنى ئەتىگەن ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. مەن پوۋېلنى ھەم ئۇنىڭ يېمەكلىك ئارتىلغان ئېشىكىنىڭ تاغ باغرىنى بويلاپ جىلغىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇردۇم، چۈشتىن بۇرۇن پات ـ پات ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇم. ھەر قېتىم ئۇنىڭ تىك تاغ باغرىدا ياكى تەكشى تۈزلەڭ جايدا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم.  پوۋېلنى ئەڭ ئاخىرىدا كۆرگەن ۋاقتىم چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇ چاغدا پوۋېل  تاغ جىلغىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى تاغ تىزمىسىنىڭ كۆلەڭگىسى ئاستىغا يېتىپ بارغان ئىدى.

تەخمىنەن يېرىم سائەتلەردىن كېيىن مەن ئىختىيارسىز تاغ جىلغىسىغا كۆز يۈگۈرتۈپ پوۋېلنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن ئورۇندا ئۈچ كىچىك چېكىتنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. مەن ئارتۇقچە ئىشلارغا چېچىلىشنى خالىمايتتىم ،

ئەمما ئۆزۈمنى پوۋېلنىڭ ساق-سالامەت ئىكەنلىكىگە ، تاغ يولىدىكى بايا مەن كۆرگەن ئۈچ چېكىتنىڭ بوكەن ياكى ياۋا ئات ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرگەنسېرى تېخىمۇ خاتىرجەمسىزلەندىم.

بىز بۇ يەرگە كەلگەندىن بىرى بىرەر يامان نىيەتلىك ئىندىئانغا يولۇقۇپ باقمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ناھايىتى بىپەرۋا بولۇپ كەتكەن ئىدۇق. ھەتتا ئىندىئانلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ۋەقەلەرنى رىۋايەت دەپ قاراپ كەلدۇق. كىشىلەر بۇ ئادەملەرنىڭ تاغ يوللىرىدا گاھى كۆرۈنۈپ گاھى غايىب بولۇپ، قولغا چۈشۈپ قالغان ھەربىر ئاق تەنلىكنى ئېچىنىشلىق ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرۈدىغانلىقى ياكى قىيىنايدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىشاتتى.

پوۋېل خىل قوراللانغان، شۇنداقلا جەڭ قىلىشقا ماھىر. مەنمۇ ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ شىمالىدىكى ئىندىئانلار قەبىلىسىدە تۇرغان ھەم كۆپ يىل جەڭ قىلغان. شۇڭا ئىندىئانلارنىڭ ۋەھشىيلىكى ماڭا بەش قولدەك ئايان ئىدى. مۇبادا پوۋېلنى ئابو قەبىلىسىدىكى بىر توپ ھىيلىگەر ئىندىئانلار قوغلاپ كەلسە ھايات قىلىش پۇرستى ئىنتايىن ئاز بولاتتى. مىنىڭ كۆڭلۈم ئېغىپ، ئاخىرىدا داۋاملىق ئويلاشقا جۈرئەت قىلالماي كولتا شىركىتى ئىشلىگەن ئالتە ئاتار تاپانچا ۋە بىر دانە كارابىن مىلتىقى بىلەن قوراللىنىپ، مۈرەمگە ئوقدان تاسمىسىنى ئېسىپ، ئېگەرلىك ئاتقا مىنىپ پوۋېلنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ تاغ جىلغىسىغا قاراپ يولغا چىقتىم.

مەن تۈزلەڭ يەرگە كېلىشمگىلا ئېتىمنى چاپتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتىم. كەچ كىرەي دەپ قالغاندىلا ئاندىن باشقا ئىزلار بىلەن پوۋېلنىڭ ئىزى ئارىلىشىپ كەتكەن جايىنى تاپتىم. بۇ ئىزلار تاقلانمىغان تۆت ئاتنىڭ ئىزى بولۇپ قارىماققا ئۇلارنىڭ تېز سۈرەتتە چاپتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. مەن ئىزنى بويلاپ ئاتنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ تاكى تۈن قاراڭغۇسى يېيىلغىچە يۈردۈم. ئەمدى ئاينىڭ چىقىشىنى ساقلىماي بولمايتتى . بۇنداق چاغدا قوغلاپ يېتىشنىڭ مۇمكىن بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ماڭا ئېنىق ئەمەس ئىدى، بەلكىم مەن ئويلىغان خەتەر يۈز بەرمەس، خۇددى نېرۋىسى

زىيادە سەزگۈرلىشىپ كەتكەن قىرى خوتۇننىڭ ئۆيلىگىنىدەك. بەلكىم مەن پوۋېلغا يېتىشىۋالغاندا ئۇ مېنىڭ پەمسىزلىكىمدىن ئۆزىگە دەخلى قىلغانلىقىمنى مەسخىرە قىلار. شۇنىسى مەن نېرۋىسى زىيادە سەزگۈرلىشىپ كەتكەن ئادەم ئەمەس. ھاياتىمدا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى قانداقلا سەۋەب كەلتۈرۈپ چىقارمىسۇن، باشتىن ئاخىر بۇ خىل تۇيغۇغا ھۆرمەت قىلىپ كەلدىم. دەل مۇشۇ تۇيغۇ مېنىڭ ئۈچ جۇمھۇرىيەتتە شان ـ شەرەپ قۇچۇشۇمغا ياردەم قىلغان.بۇ شان ـ شەرەپلەر قۇدرەتلىك كونا پادىشاھلىق ھەم بىرقانچە بەگلىكلەرنىڭ ئوردىن ۋە دوستلۇقى بولۇپ، مەن ئۇلار ئۈچۈن ئىشلىگەن ۋاقتىمدا جىسمىم كۆپ قېتىم قىيقىرىل قان بىلەن بويالغان ئىدى.

تەخمىنەن كەچ سائەت توققۇز بولغاندا ئاي نۇرى ئەتراپنى ئېنىق يورۇتۇپ مېنىڭ ئىلگىرلىشىمگە ۋە ئات ئىزىغا قىلچە توسالغۇسىز ئەگىشىپ مېڭىشىمغا قۇلايلىق يارىتىپ بەردى. مەن شۇ ماڭغانچە تۇن نىسبىدىن ئاشقاندا ئاندىن توختىدىم. بۇ ۋاقىتتا مەن ئاللىقاچان پوۋېل ئارام ئېلىشنى كۆزلىگەن سۇ بويىغا يېتىپ كەلگەن ئىدىم. بۇ يەر تىپ ـ تىنچ بولۇپ ئادەم ئارام ئالغانلىقنى ئىپادىلەيدىغان ھېچقانداق ئالامەتلەر يوق ئىدى. مەن ئىز قوغلىغۇچىلارنىڭ(ھازىر ئۇلارنىڭ ئىز قوغلىغۇچىلار ئىكەنلىكىنى شەرتسىز مۇقۇملاشتۇرۇشقا بولاتتى) ئاياق ئىزىدىن ئۇلارنىڭ پوۋېلنى جىددىي قوغلاۋاتقانلىقىنى پەملىدىم. ئۇلار سۇ بويىدا بىردەم توختىغاندىن كېيىن پوۋېل بىلەن ئوخشاش سۈرئەتتە ئۇنى قوغلاپ كەتكەندەك قىلاتتى. مەن شۇنداق مۇقۇملاشتۇرالايمەنكى، ئىز قوغلىغۇچىلار ئېنىق ئابو قەبىلىسىدىكى ئىندىئانلار، ئۇلار پوۋېلنى تىرىك قولغا چۈشۈرمەكچى ھەم ئۇنى ئېچىنىشلىق قىيىن-قىستاققا ئېلىپ كۆڭلىنى ئاچماقچى. مەن بۇلارنى ئويلاپ دەرھال ئېتىمنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە چاپتۇرۇپ، قىزىل تېرىلىك ئالۋاستىلار ھۇجۇم قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇلارغا يېتىشىپ بېرىشنى قارار قىلدىم.

ئالدىمدا ئانچە يىراق بولمىغان يەردىن كەلگەن ئىككى قېتىملىق ئاجىز ئوق ئاۋازى بارلىق خىياللىرىمنى ئۈزۈپ قويدى. مۇشۇ ۋاقىتتا پوۋېل ماڭا ئەڭ ئېھتىياجلىق. شۇلارنى ئويلىغىنىمدا مەن يەنە كېچىكىشىنىڭ زور خاتالىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئېتىمنى

ئەڭ تېز سۈرئەتتە چاپتۇرۇپ ئېگىز ـ پەس تاغ يوللىرى بىلەن ئۇق چىققان تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. مەن بىر ئىنگلىز مىلى ياكى ئۈنىڭدىن كۆپرەك يۈرگەن بولساممۇ مىلتىق ئاۋازى قايتا ئاڭلانمىدى. بۇ چاغدا تاغ يولى تۈيۈقسىز جىلغىغا قاراپ سوزۇلدى. جىلغىغا كىرىش ئېغىزىنىڭ چوققىسىغا يېقىن ئورۇندا بىر كەڭ كەتكەن ئېگىزلىك بار ئىكەن. بۇ ئېگىزلىككە كىرىشنىڭ ئالدىدا مەن بىر تار خەتەرلىك تاغ قىياسىدىن ئۆتكەن ئىدىم. ئېگىزلىككە چىقىپ كۆرگەن مەنزىرە مېنى تەشۋىشكە سالدى ۋە قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈردى .

بۇ كىچىك تۈزلەڭلىك شىمالىي ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ كونۇس شەكىللىك كىگىز ئۆيلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، يىراقتىن قارىماققا ئاپئاق كۆرۈنەتتى . بەش يۈزدەك قىزىل تەنلىك ئىندىئان قەبىلە مەركىزىنىڭ يېنىدىكى مەلۇم نىشانىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن دىققەت نەزىرىنى قىزىقىش نۇقتىسىغا تىكىپ تۇراتتى. بەختكە يارىشا ئۇلار مېنى بايقىمىدى. شۇنداق بولغاچقا مەن ناھايىتى ئاسانلا تاغ قىياسىنىڭ قاراڭغۇ جايىغا بېرىپ ئۆزۈمنى مۇتلەق بىخەتەر يوشۇرۇپ قالالايتتىم. مەن ئۆزۈمنى باتۇر ئەزىمەت دەپمۇ ھېسابلىمايتتىم . لېكىن، نەچچە يۈز قېتىملاپ ھالاكەتكە يۈزلەنگەن پەيتلەردە بىرەر قېتىممۇ قورقۇنچاقلىق قىلىپ باقمىغان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى مېنىڭ بۇ كاللام سەۋرچانلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزمەيلا بىلىپ بىلمەي مېنى مەجبۇرىي ھالدا مەسئۇلىيەتكە سادىق يولغا مېڭىشقا ئۈندەيدۇ.

مەن نەق مەيداننى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال ئىككى دانە ئالتە ئاتار تاپانچامنى چىقىرىپ ئېتىمنى چاپتۇرۇپ تۇۋۇلغان پېتىم ئىندىئان توپىغا باستۇرۇپ كىرىپ ھۇجۇمغا ئۆتتۇم. ئات ئۈستىدە بولغانلىقىم ئۈچۈن باشقا تېخىمۇ ياخشى تاكتىكا قوللىنىش مۇمكىن بولمايتتى. قىزىل تەنلىكلەر تۇيۇقسىز زەربە يەپ، ئۆزلىرىنى بىر گورۇپپا مۇنتىزىم قىسمىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان بولساق كېرەك، دەپ ئويلاپ تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ ئوقيا ۋە قوراللىرىغا ئۆزلىرىنى ئاتتى.

پوۋېل ئارىزونا شتاتى ئاسمىنىدىكى ئاينىڭ يارقىن نۇرى ئاستىدا يەردە ياتاتتى.

بەدىنىمنىڭ ھەممە يېرىگە ئىندىئانلار ئاتقان ئوقيا ئوقى سانجىلغانىدى. مەن ئۇنىڭ ئالىقاچان ئۆلگەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرغاندەك تېزلىك بىلەن ئونىڭ جەسىتىنىمۇ قۇتۇلدۇرۇشۇم، ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ ئىندىئانلارنىڭ قولىدا نەچچە پارچە قىلىپ پارچىلىنىپ كېتىشىگە قاراپ تۇرماسلىقىم كېرەك ئىدى. مەن ئېتىمنى چاپتۇرۇپ پوۋېلنىڭ جەسىتىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئات ئۈستىدىلا جەسەتنىڭ ئوق تاسمىسىغا قولۇمنى ئۇزۇتۇپ ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاتنىڭ ئۈستىگە توغرىسىغا ئارتتىم.  كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا كەلگەن يولۇم بىلەن قايتىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم.  شۇڭا تاغ ئېغىزىنىڭ چىقىش يولىغا قاراپ ئات چاپتۇردۇم. بۇ چاغدا ئىندىئانلار مېنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ قوغلاپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئاي يورۇقىدا توغرا قارىغا ئالالىشى ئىنتايىن تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز زەربىدىن قاتتىق پارەكەندىچىلىككە ئۇچۇرغانلىقى ھەم نىشانى تېز سۈرئەتتە يۆتكىلىشچان بولغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ئامان قىلىشقا ھەم ئۇلارنىڭ قايتىدىن تەشكىللىنىپ قوغلاپ كەلگىچە ئۆزۈمنى تاغ قاپتاللىرىنىڭ يوشۇرۇن جايلىرىغا ئېلىپ بېرىشقا كۆزۈم يېتەتتى. ئېتىم يولنى ماڭا قارىغاندا توغرا بىلىدىغاندەك قىلاتتى، شۇڭا مېنىڭ باشقۇرۇشۇمسىز ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئەپچىللىك بىلەن مېڭىپ يۈرۈپ تاغ ئېغىزىغا تۇتىشىدىغان يولغا ئەمەس، ئەكسىچە تاغ چوققىسىغا چىقىدىغان خەتەرلىك يولغا كىرىپ قاپتۇ. مېنىڭ ئويۇمچە بولسا تاغ ئېغىزىدىن مېڭىپ جىلغىغا بېرىپ خەتەردىن قۇتۇلۇش ئىدى. ئاتنىڭ دەل مۇشۇنداق خاتا يولغا كىرىپ قىلىشى ھاياتىمنى بىر قېتىم قۇتۇلدۇرۇپ قالدى ھەم مېنىڭ كېيىنكى ئون يىل جەريانىدا غەلىتە، ئەمما ئىنتايىن مەنىلىك ئىشلارنى، ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرۈشۈمگە ۋە قورقۇنچقا تولغان تەۋەككۈلچىلىك ھايات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈشۈمگە سەۋەبچى بولدى.

سول تەرەپتىن قوغلاپ كېلىۋاتقان قىيا ـ چىيا ئاۋازىنىڭ بارا ـ بارا  ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگەن چېغىمدىلا ئاندىن مىنىڭ ئەسلىدىكى بارماقچى بولغان يولغا

ماڭمىغانلىقىمنىڭ توغرىلىقىنى چۈشەندىم. بۇ چاغدا مەن ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكىنىڭ يان تەرىپىدىكى ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تاش قاتلىمىنىڭ سول تەرىپى بىلەن قوغلاپ كەتكەنلىكىنى، مېنىڭ ئېتىم مەن ۋە پوۋېلنىڭ جەسىتىنى يۈدۈپ تاش قاتلىمىنىڭ ئوڭ تەرىپى بىلەن چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم. كىچىك بىر تەكشىلىكتە ئېتىمنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختاپ، سول تۆۋەن تەرەپتىكى تاغ يولىغا نەزەر تاشلاپ مېنى قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ قوشنا تاغ چوققىسىدا غايىب بولغانلىقىنى كۆردۈم. ئىندىئانلار ئۇزۇنغا بارمايلا يولنى خاتا ماڭغانلىقىنى بىلىشىدىغانلىقى، شۇنداقلا ناھايىتى تېزلا ئىزىمنى تېپىۋېلىپ توغرا يۆنىلىشكە قاراپ قايتىدىن مېنى قوغلاپ كېلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئالدىمدا خېلى تۈز بىر تاغ يولى ناھايىتى ئېگىز بىر تىك يارغا يېيىلىپ ياتاتتى. مەن ئالدىمغا بىرئاز ماڭدىم. بۇ تاغ يولى كەڭ ھەم تەكشى، يۇقىرىغا قاراپ سوزۇلغان بولۇپ، مەن بارماقچى بولغان تەخمىنىي يۆنىلىشكە تۇتىشاتتى. ئوڭ تەرىپىم ئېگىزلىكى نەچچە يۈز فوت كېلىدىغان تىك يارغا، سول تەرىپىم تىك تۆۋەنگە ، چوڭقۇرلۇقى يەتتە يۈز فوت كېلىدىغان تاغ جىلغىسىغا تۇتىشاتتى. مەن تاغ يولىغا قاراپ ئالاھازەل يۈز يارد ماڭغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز يۆنىلىشنى ئوڭغا بۇراپ بىر چوڭ تاغ ئۆڭكۈرىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ئۆڭكۈرنىڭ ئېگىزلىكى تۆت فوت، كەڭلىكى ئۈچ ـ تۆت فوت بولۇپ مۇشۇ تاغ يولىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ئىدى. بۇ چاغ تاڭ سەھەر ۋاقتى بولۇپ، ئارىزونا شتاتىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مەنزىرىسى شۇكى تاڭ ئېتىشنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق ئالامەت يوق بولۇپ كۈندۈزى تۇيۇقسىزلا يېتىپ كېلەتتى.

مەن ئاتتىن چۈشۈپ پوۋېلنىڭ جەسىتىنى يەرگە قويدۇم. جەسەتنى ئىنچىكە كۆزۈتۈپمۇ ھاياتلىقتىن بېشارەت بېرىدىغان بىرەر ئالامەتنى بايقىمىدىم. مەن سۇدانىدىكى سۇنى ئۇنىڭ ئېغىزىغا قۇيدۇم، يۈزىگە چاچتىم ھەم ئۇنىڭ ئىككى قولىنى سىيلىدىم. قايتا تىرىلىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ يوقلۇقىنى بىلسەممۇ يەنىلا يېرىم سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۇنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن جىددىي قۇتقۇزدۇم. مەن پوۋېلغا ناھايىتى ئامراق ئىدىم، ئۇ ھەرقايسى جەھەتلەردىن يېتىشكەن ئەزىمەت، ياخشى تەربىيە كۆرگەن

جەنۇبلۇق بولۇپ قەتئىي، مەرد، سادىق ھەمراھلاردىن ئىدى. مەن ئىپادىلەش قىيىن بولغان ئىنتايىن چوڭقۇر ئازاب ئىچىدە ئۇنى داۋاملىق چاقىرىشنى توختاتتىم. پۈۋىلىنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر پارچە تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويغاندىن كىيىن ئۆڭكۈرگە كىردىم ۋە ئىچىنى كۆزەتتىم. ئۆڭكۈر ئىچىدە چوڭ بىر غار بولۇپ دىئامېتىرى تەخمىنەن يۈز فوت ، ئېگىزلىكى 30ـ40 فوت كېلىدىكەن. تەكشىلەنگىنىگە ئۇزۇن بولغان تۈپتۈز يەر يۈزى، كۆيدۈرۈلگەن ئوتۇننىڭ كۈلى ۋە باشقا قالدۇق نەرسىلەر بۇ يەردە ئىلگىرى ئادەم تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئۆڭكۈرنىڭ كەينى تەرىپى قاراڭغۇ بولۇپ، باشقا غارلارغا تۇتۇشىدىغان يولنىڭ بار-يوقلىقىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى . مەن ئالدىمغا كىتۋىتىپ تاتلىق ئۇيقا كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ ئاتلىق ئۇزۇن يول باسقانلىقتىن ھاردۇق يەتكەنلىكى ھەم جەڭ قىلىش ۋە قېچىش جەريانىدىكى زىيادا چارچاشتىن بولۇۋاتقان ئەكس تەسىر ئىدى. ئۆڭكۈردە تۇرۇپ ئۆزۈم يالغۇز بىر توپ ئاتلىق دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغىلى بولىدىغانلىقىغا گەپ كەتمەيتتى. شۇڭا بۇ يەر مەن ئۈچۈن بىرقەدەر بىخەتەر بىلىندى.

ئۇزاق ئۆتمەي تاتلىق ئۇيقۇ مېنى ھالسىزلاندۇرۇپ يەردە يېتىپ بىردەم ئارام ئېلىۋېلىشتەك كۈچلۈك ئىستەككە قارىشى تۇرۇش چىدامچانلىقىمنى بىتچىت قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. ئەمما مەن بۇ يەردە ئۇخلىسام ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلسام مېنىڭ قىزىل تەنلىكلەرنىڭ قولىدا ئۆلۈشۈم مۇقەررەرلىشىپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ۋاقىت ماڭا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى. مەن خۇددى مەست بولۇپ قالغان ئادەمگە ئوخشاش ئۆڭكۈر تاملىرىغا چاپلىشىپ جىسمىمدىكى ئاخىرقى ماغدۇرنى قول ـ پۇتلىرىمغا يىغىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرلىدىم. لېكىن ئاخىرى يۈزۈم يەرگە قارىغان پېتى تامدىن سىيرىلىپ يىقىلدىم.

## ئىككىنچى باب

# گۆر ئاغزىدىن قۇتۇلۇش

تاتلىق ئۇيقۇ مېنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالغان ئىدى. مۇسكۇللىرىم بوشىشىپ ئەمدى ئۇخلاي دەپ تۇرۇشۇمغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى. ئورنۇمدىن تۇراي دېسەممۇ مۇسكۇللىرىم ماڭا بوي سۇنمىغاندەك بىلىندى. سىرتتىكى ئاۋازلارنىڭ يېقىنلىشىشىدىن سەل سەگەكلىشىپ تەستە كۆزۈمنى ئاچتىم. ئەمما مۇسكۇللىرىم ئالىقاچان ھەرىكەتتىن قالغان بولۇپ بىر پارچە تاشقىلا ئوخشايتتى.  دەل شۇ پەيتتە مەن ئاچىماق شەكىلدىكى ئىككى يولغا بۆلۈنگەن ئاجىز تۇماننىڭ ئۆڭكۈر ئىچىگە تولغانلىقىنى بايقىدىم.  تۇمان ناھايىتى شالاڭ بولۇپ پەقەت قوياش نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان ئۆڭكۈر ئېغىزىدىلا ئۇنى كۆرگىلى بولاتتى. غىدىقلىغۇچى بىر خىل سېسىق  پۇراق بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. شۇ ھامان ئۆزۈمنىڭ زەھەرلىك گازنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقىمنى پەرەز قىلدىم. ئەمما ھەيران قالارلىق ئىش شۇكى، پۇت ـ قولۇم مېنىڭ باشقۇرۇشۇمغا بوي سۇنماي مىڭ تونىنا تاشتەك قىمىر قىلماي تۇراتتى.

مەن يۈزۈمنى ئۆڭكۈر ئاغزىغا قارىتىپ ياتاتتىم، شۇڭا ئۆڭكۈر بىلەن تاغ قاپتىلىنى ئايلىنىپ ئۆتكەن تاغ يولىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئوتتۇرىلىرىدىكى كىچىك بىر بۆلۈك تاغ يولىنى كۆرەلەيتتىم. يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاللىقاچان توختىغان ئىدى. مەن ئىنىدىئانلارنىڭ ئۇششاق تاش پارچىلىرىنى ئاستا ـئاستا دەسسەپ، ماڭا قاراپ ئوغرىلىقچە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىغا ھۆكۈم قىلدىم. مەن كۆڭلۈمدە ئۇلارنىڭ مېنى تېزرەك بىرتەرەپ قىلىۋېتىشىنى ئۈمىد قىلدىم،  چۈنكى ئۇلارنىڭ مېنى تۈرلۈك قىيىن ـ قىستاق ئۇسسۇللىرىنى قوللىنىپ ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈشىنى خالىمايتتىم.

ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاجىز بىر ئاۋازدىن ئۇلارنىڭ ماڭا خېلى يېقىنلا كېلىپ قالغانلىقىنى

بىلدىم. بېشىغا قۇش پېيىدىن چەمبىرەك كىيىۋالغان ، يۈزىگە تال ـ تال سىزىقلار سىزىلغان بىر يۈزىنىڭ ئېھتىيات بىلەن تاغ ئۆڭكۈرىنىڭ ئېغىزىدىكى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر پارچە قۇرام تاشنى ئايلىنىپ ئۆتكەنلىكىنى، كەينىدىنلا ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرىدىغان بىر جۈپ كۆزنىڭ ماڭا مىختەك قادالغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ ۋاقىتتا كۈن نۇرى ئۆڭكۈر ئېغىزىدىن ئۆتۈپ مېنىڭ بەدىنىمگە چۈشۈپ تۇرغان بولۇپ، ئۇ ئۆڭكۈر ئىچىدىكى خىرە يورۇقلۇق ئىچىدە مېنى كۈزىتىۋاتاتتى.

ئۇ ئەبلەخ ماڭا يېقىنلاشمىدى ، ئەكسىچە جايىدا تۇرۇپ ماڭا تىكىلدى. ئۇنىڭ ئىككى كۆزى بۆرتۈپ چىققان، قاپىقى تۆۋەنگە ساڭگىلىغان سەت، بەتبەشىرە ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر قورقۇنچلۇق چىراي كۆرۈندى ، ئارقىدىنلا ئۈچىنچى ، تۆتىنچى ۋە بەشىنچى چىراي كۆرۈندى. ئۇلار تۇرۇۋاتقان ئورۇن تار بولغاچقا قىستىلىشىپ بويىنىنى سوزۇپ ئالدىكى ئەبلەخنىڭ مۈرىسىدىن بېشىنى چىقىرىشىپ، نۆۋەتلىشىپ بەتبەشىرە چىرايلىرىنى كۆرسىتىشەتتى. ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى پەقەت ئون يىلدىن كېيىنلا ئاندىن چۈشەندىم. ماڭا قارىشىپ تۇرغان بۇ ئەبلەخلەرنىڭ كەينىدە ئېنىقكى ، يەنە بىر توپ خۇمپەر بار، ئالدىدىكىلەر كەينىدىكىلەرگە بولۇۋاتقان ئەھۋالنى ئاستا يەتكۈزگەن ئىدى.

ئاجىز، ئەمما ئېنىق ئاڭلىغىلى بولىدىغان بىر خىل ئاۋاز كەينىمدىكى غارنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن چىقىپ ئىندىئانلارنىڭ قۇلىقىغا كىرىشكە ئۇلار قورققىنىدىن ئالاقزادە بولۇپ كەينىگە بۇرۇلۇپلا قاچتى. ئۇلار مېنىڭ كەينىمدىكى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر نەرسىدىن قاتتىق چۆچۈپ ئالدىراپ ـ تېنەپ قېچىشماقتا ئىدى. ھەتتا ئۇلاردىن بىرى تامدىن غۇلاپ تاشنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ چۈشتى. ئىندىئانلارنىڭ قىيا-چىيالىرى تاغ جىلغىسىدا كۈچلۈك ئەكس سادا پەيدا قىلغاندىن كېيىن تۈيۈقسىز جىمىپ قالدى. نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشىنەلمەيلا قالدىم.

ئىندىئانلارنى قورقۇنچقا سالغان بايىقى ئاۋاز قايتا پەيدا بولمىدى. ئەمما بۇ ئاۋاز مېنىڭ كەينىمدىكى غارنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇنغان قورقۇنچلۇق بىر نەرسىنى پەرەز

قىلىشمىغا يېتىپ ئاشاتتى. ئۇنىڭ نېمىلىكىنى، قانداق قىلىپ ئىندىئانلارنى بۇنچىلىك ساراسىمىگە سېلىۋەتكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا ۋە تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلاتتىم. قورقۇش نىسبىي ئاتالغۇ. شۇڭا مەن كېچىدە قىچىش جەريانىدا بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن خەتەرلىك جەريان بىلەن ھازىرقى ھېسياتىمنى سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم.

پۈتۈن بەدىنىم ئۇيۇشقان بولۇپ ھېچقانداق ھەرىكەت قىلىشقا ئامالسىز ئىدىم. مەن يەردە يېتىش جەريانىدا كەينىمدىن كېلىۋاتقان ئاجىز ئاۋازنى يەنە نەچچە قېتىم تىڭشىغاندەك قىلدىم. ئاڭلىماققا بۇ ئاۋاز بىراۋنىڭ ئېھتىيات بىلەن ئاستا يۆتكەلگەن چاغدا چىقارغان ئاياق تىۋىشىغا ئوخشايتتى. ئاۋاز ئاخىرى يوقاپ كەتتى. مەن جىمجىت يېتىپ ھازىرقى ھالىتىمنى، سەزگۈمنى يوقۇتۇشۇمنىڭ سەۋەبىنى مۇجمەل قىياس قىلاتتىم. ئەمما بۇنىڭغا جاۋاب تېپىشقا مەندىكى ماغدۇر كەملىك قىلاتتى. شۇڭا بىردىن بىر ئۈمىدۈم بۇ ھالەتنىڭ قانداق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بولسا شۇنداق تۇيۇقسىز كېتىپ قىلىشى ئىدى.

كۆپ غەربكە ئۆرۈلگەندە ئېتىم چۇلۇۋۇرىنى سۆرەپ ئوزۇق ۋە سۇ ئىزلەپ تاغ يولىدا ئاستا مېڭىپ يۈرەتتى. مەن ئۆزۈم يالغۇز ھىلقى سىرلىق ھەمراھىم ۋە دوستۇمنىڭ جەستى بىلەن بىللە قالدىم. پوۋېلنىڭ جەستى نەزەر دائىرەمدە بولۇپ بۇرۇنقى ئورنىدا، ئەتىگەن قويۇپ قويغان تاش ئۈستىدە تۇراتتى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ تاكى يېرىم كېچىگىچە ئەتراپ تىپتىنچ گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆكتى. ئىككىنچى كۈنى سەھەردە مەن تۇيۇقسىز قورقۇنچلۇق ئىڭرىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۆڭكۈرنىڭ قاراڭغۇ يېرىدىن كېلىۋاتقان بىر نەرسىنىڭ يۆتكەلگەن ئاۋازى قۇلىقىمغا يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە دەرەخ يوپۇرمىقى تۆكۈلۈۋاتقاندەك شىرىت ـ شىرىت قىلغان ئاجىز ئاۋازمۇ بار ئىدى . مىنىڭ جىددىي پەيتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن نېرۋامغا  نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇنداق ئادەمنى تەشۋىشكە سالىدىغان ئاۋاز  ئىنتايىن قورقۇنچلۇق تۇيۇلاتتى.  مەن خۇددى گىگانت ئادەمگە ئوخشاش زور غەيرەت بىلەن بۇ قورقۇنچلۇق ئاسارەتتىن قۇتۇلماقچى بولدۇم. بۇنداق غەيرەت، ئەقىل ـ پاراسەت، ئىرادە ۋە نېرۋىلارنىڭ

بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ مۇسكۇللار بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى. مەن ھەتتا چىمچىلاق قولۇمنىمۇ مىدىرلىتالمىسامۇ  غەيرەتكە كېلىپ بۇ ۋەھىمىدىن قۇتۇلماقچى بولدۇم. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتكۈل سەزگۈمنى ئىشقا سالدىم. تۇيۇقسىز ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرىدىغان بىر خىل سېزىم پەيدا بولدى ھەم خۇددى پولات ئارغامچىنىڭ بىر بىرىگە سۈركەلگىنىدەك «كارت» قىلغان چىرقىراق ئاۋاز چىقىپ بىردىنلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم ۋە دۈمبەمنى ئۆڭكۈر تېمىغا يۆلەپ تۇرۇپ ئىچكىرىدىكى سىرلىق دۈشمەنگە يۈزلەندىم.

ئاي نۇرى ئۆڭكۈر ئېغىزىدىن كىرىپ غار ئىچىنى يورۇتقاندىن كېيىن مەن ئالدىمدا بىر جەسەتنىڭ ياتقانلىقىنى كۆردۈم ھەم ئۆز كۆزۈمگە ئىشىنەلمەيلا قالدىم. بۇ مېنىڭ جەسىتىم بولۇپ يەردە ياتقىنىغا بىر نەچچە سائەت بولغان ئىدى. ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى تاغ ئۆڭكۈرىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يېرىگە تىكىلگەن ، ئىككى قولى جانسىز ھالدا ئىككى يانغا تاشلانغان ئىدى. مەن ئالدى بىلەن ھېچقانداق ھاياتلىق ئىزناسى قالمىغان جەسىتىمگە ئاندىن قاتتىق ھەيرانلىق ئىچىدە ئۆزۈمگە سەپسالدىم.  مەن ئەسلىدە كېيىم كىيگەن بولسامۇ ئەمما ھازىر ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاقتەك قىپ ـ يالىڭاچ تۇراتتىم.

بۇنداق ئۆزگىرىش بەك تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن، تەپەككۇرۇمدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن بولۇپ مەن باشقا ھەر قانداق ئىشنى ۋاقىتلىق ئۇنتۇپ قالدىم دېسەممۇ، ئەمما ئۆزۈمنىڭ غەلىتە ھالدا تامامەن ئۆزگەرگەنلىكىم خىيالىمدىن كەتمەيتتى كاللامغا بىرىنچى بولۇپ كەلگىنى بۇ ھالاكەتتىن دېرەك بېرەمدۇ، دېگەن سوئال بولدى. ئەجەبا مەن قايتا تىرىلىپ راستتىنلا يېڭى بىر ھاياتلىقنى مەڭگۈ باشتىن كەچۈرۈشنى باشلىدىممۇ؟ ھەرقانچە ئويلىسامۇ بۇ ئىشلارنى چۈشەنمەيتتىم. مەن ئەزەلدىن بۇنچىلىك گاڭگىراپ باقمىغان ئىدىم. بۇ ئىشلارغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. چۈنكى مەن غەيرەتكە كېلىپ ئۇيۇشۇپ قالغان بەدىنىمنى قۇتقۇزماقچى بولغاندا يۈرىكىمنىڭ كۆكرەك قەپىسىمگە ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى،  نەپىسىمنىڭ قىسىلىۋاتقىنىنى، پۈتۈن بەدىنىمدىن تەر قويۇلۇۋاتقىنىنى سەزگەن ئىدىم. مەن ئىپتىدائىي ئۇسۇل بويىچە بەدىنىمنى چىمدىپ

كۆردۈم. قاتتىق ئاغرىق سىزىمىدىن ئۆزۈمنىڭ راستتىنلا رېئال دۇنيادا تۇرغانلىقىمنى، ھەرگىزمۇ ئەرۋاھ ئەمەسلىكىمگە چوڭقۇر ئىشەندىم.

ئۆڭكۈرنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن يەنە ئىڭرىغان ئاۋاز كەلدى. بۇ ئاۋاز ماڭا يەنە بىر قېتىم ئۆزۈمنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ئەسلەتتى. ئۇچامغا يىپچىلىك بىر نەرسە كىيمىگەن ھەم ھېچقانداق قورال ئالمىغان تۇرۇۋقلۇق ماڭا تەھدىت سېلىۋاتقان سىرلىق كۆرۈنمەس دۈشمەنگە قاراپ تۇرىۋېرىشنى خالىمىدىم. ئالتە ئاتار تاپانچام ھاياتلىق ئىزناسى قالمىغان جەسىتىمدە قىسقىلىق تۇراتتى. چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر خىل سېزىمنىڭ تۈرتكىسىدە، مەن جەسىدىمگە قول تەگكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. بۇنداق قىلىشنى كۆڭلۈم كۆتۈرمەيتتى. كارابىن مىلتىقىم ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈكۈمنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇلغان بولۇپ، ئۆتۈكۈم بولسا ئاتنىڭ ئىگىرىگە باغلانغانىدى. ئەپسۇس، ئات ئاللىقاچان يىراقلارغا كەتكەن، شۇڭا، مەن ئۆزۈمنى قوغداش ئىقتىدارىمدىن تامامەن مەھرۇم بولغان ئىدىم. ھازىر قىلالايدىغان بىردىن بىر ئىشىم قېچىش ئىدى. كاللامدا پەيدا بولغان ئادەتتىن تاشقىرى تېز ئىنكاس ماڭا ئۆڭكۈرنىڭ ئىچكىرىسىدىكى نەرسە ماڭا ئاستا يېقىنلىشىۋاتقان ، تەشۋىشلىك ئاۋازنى قايتا ئاڭلىغان پەيتە چوقۇم قېچىش قارارىغا كەلتۈردى.

مەن يەنە ساقلىيالمايتتىم . شۇڭا تېزلىك بىلەن ئۆڭكۈردىن يۈگۈرۈپ ئارىزونا شتاتىنىڭ يۇلتۇزلار شولا تاشلاپ تۇرغان كەڭ زېمىنىغا چىقتىم. ئۆڭكۈردىن چىقىشىمغىلا ساپ تاغ ھاۋاسى تېز روھلاندۇرۇش دورىسىدەك ئۇنۇمىنى كۆرسەتتى. تېنىمگە يېڭى ھاياتلىق ۋە يېڭى روھنىڭ كىرىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. مەن بىر پارچە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قۇرام تاشنىڭ يېنىدا ئارام ئېلىۋېتىپ ئەمدىشە قىلىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوقلىقىنى كۆرۈپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە كايىدىم. بەزى ئىشلار مېنى ئويلاندۇردى. مەن ھېچقانداق يار ـ يۆلەكسىز ئەھۋالدا ئۆڭكۈر ئىچىدە شۇنچە ئۇزاق يېتىپمۇ بىرئازمۇ پاراكەندىچىلىككە ئۇچراپ باقمىدىم. كاللام سەگەكلەشكەندىن كېيىن ئاخىرقى ھوكۇم مېنى ئاڭلىغان ئاۋازنىڭ مۇقەررەر ھالدا تەبىئىي پەيدا بولغان ھەم زىيان يەتكۈزمەيدىغانلىقىغا

ئىشەندۈردى. ئۆڭكۈرنىڭ تۈزۈلىشىدىن قارىغاندىمۇ ئاجىز شامال چىقىسلا شۇنداق ئاۋاز پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقى بار ئىدى.

مەن قايتا تەكشۈرۈپ بېقىشنى قارار قىلدىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ساپ، سالقىن، ئادەمگە ئارامبەخش ئېتىدىغان تاغ ھاۋاسىنى قانغۇچە سۈمۈردۈم. ھاۋادىن نەپەسلىنىۋېتىپ تاشلىق تاغ جىلغىسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدىم. يەنە كاكتۇس ئۆسۈملۈكى بىلەن تولغان بىر پارچە يەرنى كۆردۈم. ئاي نۇرى ئاستىدا بۇ نەرسىلەر ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ كىشى تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز سېھىرىي كۈچكە تولغان ئىدى. ئارىزونا شتاتىنىڭ ئاي نۇرى ئاستىدىكى مەنزىرىسىگە سېلىشتۇرغاندا غەرب رايونلىرىنىڭ كىشىنى تېخىمۇ روھلاندۇرىدىغان غەيرى تاغ مەنزىرىسىنى بۇ يەردە كۆرگىلى بولمايتتى. يىراقتا كۆرۈنىۋاتقان كۈمۈش رەڭلىك تاغ تىزمىسى، قىرلىق تاغ چوققىلىرى ۋە قۇرغاق تاغ جىلغىسىدىكى ئۆزگىچە ئاي نۇرى شولىسى ھەم كۆلەڭگە، يەنە بۆرتۈپ چىققان چىرايلىق كاكتۇس ئۆسۈملۈكىنىڭ كۆرۈنۈشى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەمنى ئىنتايىن جەلپ قىلاتتى. بۇلار ئالىقاچان يوقالغان، ھەم ئىنسانلار تەرىپىدىن ئۇنتۇلغان بىر دۇنيانى كىشىلەرنىڭ تۇنجى قېتىم بايقىغىنىغا ئوخشايمىز. بۇلار شەكىللەندۈرگەن مەنزىرە يەرشارىدىكى ھەرقانداق بىر يەرنىڭ مەنزىرىسىدىن جىق پەرق قىلاتتى.

مەن مۇشۇنداق پىكىر يۈرگۈزۈۋېتىپ كۆزۈمنى يەر يۈزىدىن يىراق ئاسمانغا تىكتىم. سانسىزلىغان يۇلتۇز يەر شارىدىكى مەنزىرىگە ئاجايىپ گۈزەل ھەم ئىنتايىن ماس كەلگەن كائىنات يېپىنچىسى ھازىرلىغان ئىدى. مېنىڭ دىققىتىم ناھايىتى تېزلا يىراق ئۇپۇق سىزىقىنىڭ يېنىدا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر چوڭ قىزىل رەڭلىك يۇلتۇز تەرىپىدىن تارتىپ كېتىلدى. مەن بۇ يۇلتۇزنى پۈتۈن دىققىتىم بىلەن كۆزىتىۋاتقان چاغدا بىر خىل غايەت زور تارتىش كۈچىنىڭ مېنى ئۆزىگە تارتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ يۇلتۇز دەل مارس ـ ئۇرۇش ئىلاھى ئىدى. مېنىڭدەك بىر ئەسكەرگە نىسبەتەن ئۇنىڭ سېھىرىي كۈچىگە قارىشى تۇرۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ بۈگۈن ئادەتتىن تاشقىرى يارقىن،

گىگانت بولۇپ، يىراقتا، تىنىق ئاسماندا تەنها ئىبىلىپ تۇراتتى. مەن قاراڭغۇ كېچىدە ئۇنى سۈرۈۋاتقىنىمدا ئۇ تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان يىراق بوشلۇقتىن مېنى چاقىرىۋاتاتتى، يېنىغا بېرىشقا جەلپ قىلىۋاتاتتى، مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

مېنىڭ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىش ھەۋىسىمنى ھېچ نەرسە توسۇپ قالالمايتتى.ئۇنىڭ سېھىرلىكلىكى، سىرلىقلىقى مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. مەن ئىختىيارسىز كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ ئىككى قولۇمنى ئۇرۇش ئىلاھىغا ئۇزاتتىم. مەن خىيالدەك يۇقىرى تېزلىك بىلەن ئىنسان مېڭىسى باقمىغان ئىندۇكسىيە بوشلۇقىدىن ئۆتۈپ ئۇرۇش ئىلاھى تەرىپىدىن تارتىپ كېتىلدىم. مەن ئىنتايىن سوغۇق ۋە قاراڭغۇلۇقنى ھېس قىلدىم.

## ئۈچىنچى باب

# مەن مارسقا كەلدىم

كۆزۈمنى ئېچىپ بىر قەدىمي مەنزىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم. مارسقا يېتىپ بارغانلىقىم ئايان بولدى. مېنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىم يوق، ئەس ھوشۇم جايىدا، مېڭەم سەگەك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ھېسسىي تۇيغۇ ماڭا مارستا ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ بەرمەكتە، خۇددى سىزنىڭ يەر شارىدا ئىكەنلىكىڭىزنى سىزگە ئېيتىپ بېرىۋاتقىنىدەكلا. مەن مارىستا ئىكەنلىكىمدىن گۇمانلانمايمەن، خۇددى سىزمۇ يەرشارىدىلىقىڭىزدىن گۇمانلانمىغاندەك.

مەن ئۆزۈمنىڭ سارغۇچ بىر خىل يېپىنچا ئۆسۈملۈك ئۈستىدە ياتقانلىقىمنى بايقىدىم. بۇ ئۆسۈملۈك مېنىڭ تۆت ئەتراپىمدا كۆز يەتكۈسىز ھالدا بىر نەچچە ئىنگلىز مىلى يېيىلغان ئىدى. مەن بىر دانە چوڭ يومۇلاق تەخسە شەكىللىك ئويمان يەردە ياتاتتىم. ئەتراپىقا نەزەر تاشلىغاندا بۇ يەرنىڭ گىرۋىكىنى بويلاپ چۆردەپ تۇرغان كىچىك

تاغلارنىڭ ئېگىز ـ پەس قانۇنىيەتسىز تۈزۈلۈشىنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى.

بۇ دەل چۈش ۋاقتى بولغاچقا قوياش نۇرى ماڭا تىك چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تەپتى مېنىڭ يالىڭاچ بەدىنىمگە چۈشۈپ قىزىق ئىششىق پەيدا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئارىزونا شتاتىنىڭ ئاپتىپىدىن ئاجىز ئىدى. ھەممىلا يەردىكى تاشلار قۇياش نۇرىدا يالت ـ يۇلت چاقناپ خۇددى كۇۋارتسىتەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. نەزىرىم سول تەرىپىمدىكى ئانچە يىراق بولمىغان جايدا تۇرغان تەخمىنەن يۈز يارد ئۇزۇنلۇقتىكى پاكار قورشاۋ تامغا چۈشتى. تامنىڭ ئېگىزلىكى تۆت فوت ئەتراپىدا كېلەتتى. ئەتراپتا يېپىنچا ئۆسۈملۈكتىن باشقا ئۆسۈملۈكلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۆزۈمنىڭ سەل ئۇسسىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا ئەتراپنى تەكشۈرۈپ بېقىش قارارىغا كەلدىم.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇشتىن چۆچۈپ كەتتىم، چۈنكى ئورنۇمدىن تۇرۇش ھالىتىم يەر شارىدىكى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردە ئورنۇمدىن تۇرغان چاغدىكى كۈتۈلۈش مېنى يەر يۈزىدىن ئۈچ يارد ئەتراپىدا كۆتۈرۈۋەتتى ھەم يەر يۈزىگە قايتىپ چۈشكىنىمدە روشەن سىلكىنىشنى بايقىمىدىم. ئارقىدىنلا بىر تالاي كۈلكىلىك ئىشلار يۈز بەردى. مەن يول مېڭىشنى يېڭى باشتىن ئۆگەنمىسەم بولمايدىغاندەك قىلاتتى. يەر شارىدىكى بىر قەدەم ئېلىش ئۈچۈن مۇسكۇللار پەيدا قىلغان كۈچ مارستا ئىنتايىن قىزىقارلىق ھەرىكەت ھاسىل قىلىدىكەن. مەن ئىختىيارسىز رەڭگى ـ تۈرلۈك قىلىقلارنى چىقىرىپ نورمال يول يۈرۈشكە ئامالسىز قالدىم. ھەر بىر سەكرىشىمدە يەر يۈزىدىن نەچچە فوت كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتىم، ئىككىنچى ، ئۈچىنچى قەدەمنى تاشلىغىنىمدا يەرگە يىقىلغانلىقىمنى ياكى ئوڭدامغا چۈشكەنلىكىمنى كۆرەتتىم. مەن تېزلا بۇنى چۈشىنىپ يەتتىم. ئەسلىدە مېنىڭ مۇسكۇللىرىم يەر شارىدىكى ئېغىرلىق كۈچىگە ئادەتلەنگەچكە مارسنىڭ ئاجىز تارتىش كۈچى ۋە ئاتموسفورا بېسىمىغا كۆلەلمىگەن ئىدى. ھەرقانچە كۆڭۈل قويۇپ تىرىشسامۇ مەغلۇپ بولاتتىم. يەر شارى ئىنسانلىرىغا خاس بولغان ھەربىر ھەرىكىتىممۇ مېنى توپتەك قاڭقىتىپ يۇقىرىغا تاشلايتتى.

مەن ئالدى بىلەن پاكار قورشاۋ تامنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

ئەتراپتا ھېچقانداق باشقا ئىمارەت ياكى دەل ـ دەرەخ يوق بولۇپ پەقەت مۇشۇ قۇرۇلۇشلار بۇ يەردە ئادەم بارلىقىنىڭ بىردىنبىر ئىسپاتى ئىدى. شۇڭا تامنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن مېنىڭ قىلىدىغان بىردىن بىر ئىشىم بىرىنچى ھەرىكەت قانۇنىيىتى ـ ئۆمۈلەش بولدى. مېنىڭ ئۆمۈلەش ھەرىكىتىم يامان ئەمەس بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قورشاۋ تامنىڭ يېنىغا يېتىپ باردىم. قورشاۋ تامدا ئىشىك ياكى بىرەر دېرىزىمۇ كۆرۈنمەيتتى. مەن ئېھتىيات بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ تامنىڭ ئۈستىدىن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان غەلىتە مەنزىرىگە نەزەر سالدىم.

قورشاۋ تامنىڭ ئۆگزىسى قاتتىق ئەينەكتىن ياسالغان بولۇپ قېلىنلىقى تۆت ـ بەش فوت كېلەتتى. ئەينەك ئۆگزىنىڭ ئىچىدە ئاق رەڭلىك، يۇپيۇمىلاق نەچچە يۈز دانە تۇخۇم تۇراتتى. تۇخۇملارنىڭ چوڭ كىچىكلىكى بىردەك، دىئامېتىرى تەخمىنەن ئىككى يېرىم فوت ئەتراپىدا ئىدى.

دەل شۇ چاغدا بەش ـ ئالتە تۇخۇم يېرىلىپ، ئىچىدىن شەكلى غەيرى بىر نەرسە چىقىپ بىر چەتكە بېرىپ ئەينەكتىن چۈشۈپ تۇرغان قۇياش نۇرى ئاستىدا ئولتۇرۇپ كۆزنى چىمىلداتقىلى تۇردى. بۇلارنى كۆرۈپ ئەس ـ ھوشۇمنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدىم. بۇ نەرسىلەرنىڭ گەۋدىسى ئاساسەن باش قىسمىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ بەدىنى ناھايىتى ۋىجىك، بويىنى ئۇزۇن، ئالتە پۇتلۇق ئىدى. مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇم بويىچە ئۇلارنىڭ ئىككى قولى، ئىككى پۇتى بار، يەنە ئىككى قۇلى پۇت بىلەن قولى ئارىلىقىغا ئۆسكەن ئىككى تال خالىسا قول ياكى پۇت قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئەزاسىدىن ئىبارەت ئىدى. ئىككى كۆزى بېشىنىڭ مەركىزىنىڭ سەل ئۈستى ئىككى يانغا جايلاشقان بولۇپ، باش قىسمىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ تۇراتتى، ھەم ئالدىغا ھەم ئارقىغا قارىيالايتتى، بېشىنى بۇرىماق تۇرۇپمۇ بىرلا ۋاقىتتا ئىككى تەرەپنى كۆزىتەلەيتتى. شۇڭا بۇ غەلىتە نەرسىنى ھەرقانداق تەرەپكە قاراپ تۇرۇپتۇ دېيىش خاتا بولمايتتى. قۇلقى كۆزىنىڭ سەل ئۈستى تەرىپىدە ئۆزئارا يېقىن جايلاشقان، ۋىجىك، ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك بولۇپ ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان بۇ ھايۋانلارنىڭ بېشىدىن ئارانلا بىر سۇڭ ئەتراپىدا چىقىپ

تۇراتتى. بۇرنى تولغا يېرىقچە شەكىلدە يۈزىنىڭ مەركىزىگە، ئېغىزى بىلەن قۇلىقىنىڭ ئارىلىقىغا ئۆسكەن ئىدى. بەدىنىدە تۈك يوق، تېرىسى سېرىققا مايىل يېشىل ئىدى. مەن ئۇزاق ئۆتمەي قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ تېرىسى زەيتۇن دەرىخى رەڭگىدە قېنىق، ئەركىكىنىڭ رەڭگى چىشىسىنىڭكىدىن توق ئىكەنلىكىنى بىلدىم. قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ باش- گەۋدە سېلىشتۇرما نىسبىتى يېڭى چىققانلارنىكىدىن چوڭ پەرق قىلاتتى. چوڭلىرىنىڭ بەدەن شەكلى ئاساسىي جەھەتتىن يەر شارى ئادەملىرىنىڭكىگە يېقىن كېلەتتى. كۆزى ئاق قان كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارنىڭكىدەك قان رەڭگىدە بولۇپ ، كۆز قارىچۇقى قارا ئىدى. كۆز ئالمىسىنىڭ رەڭگى چىشىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش ناھايىتى ئاق ئىدى. بۇ ئالامەتلەر ئۇلارنىڭ قورقۇنچلۇق چىرايى بىلەن قوشۇلۇپ ناھايىتى ياۋۇز تەسىر پەيدە قىلغان ئىدى. تۆۋەنكى چىشى يۇقىرىغا قاراپ ئېگىلگەن ھالدا ئۆسكەن بولۇپ، ئۆتكۈر ئۇچى تەخمىنەن يەر شارى ئىنسانلىرىنىڭ كۆز ئورنىغىچە كېلەتتى. چىشى قار رەڭگىدە ئاق بولۇپ نۇر چىقىرىۋاتقان ساپالغا ئوخشاش ناھايىتى روشەن ۋە ئىنتايىن ۋەھشىي كۆرۈنەتتى. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى مەن كېيىن بىلدىم. چۈنكى مېنىڭدە بۇ يېڭى نەرسىلەرنى تەپەككۇر قىلغۇدەك ۋاقىت تامامەن يوق ئىدى. مەن بۇ قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنىڭ تۇخۇمدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىۋاتقان چېغىمدا، كەينىمدە يىگىرمە نەپەر ياش مارىس ئادىمىنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى سەزمىگەن ئىدىم.

مارسلىقلار يېپىنچا ئۆسۈملۈك ئۈستىدە تېپىنىچ، ئاۋازسىز مېڭىپ كەلمەكتە. بۇ ئۆسۈملۈك ئەمەلىيەتتە ئىككى قار - مۇزلۇق قۇتۇپ ۋە تارقاق تېرىلغۇ يەردىن باشقا پۈتكۈل مارس يۈزىنى قاپلىغان ئىدى. مارسلىقلارنىڭ مۇددىئاسى ئىنتايىن قەبىھ بولۇپ، ئەسلى مېنى ناھايىتى ئاسانلا تۇتقۇن قىلماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنداق چاغدا ئەڭ ئالدىدىكى بىرىنىڭ قورالى چىقارغان ئاۋاز مېنى ئاگاھلاندۇردى.

مۇنداق بىر كىچىك ۋەقە مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. بۇنداق دائىم ئاسانلا خەتەردىن قۇتۇلۇپ قىلىشىم مېنى ئەجەبلەندۈردى . ئەگەر بۇ بىر ئەترەت ئادەمنىڭ باشلىقىنىڭ

قورالى(بۇ قورال ئات ئىگىرىنىڭ يېنىدىكى ئىلغىغا ئېلىقلىق ئىدى.) سىلكىنگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ مېتال بىلەن تېڭىلغان ئۇزۇن نەيزىسىگە تېگىپ كەتمىگەن بولسام مەن ئاللىقاچان ئۆلۈمنىڭ يېقىنلاپ كىلىۋاتقانلىقىدىنمۇ خەۋەرسىز ھالدا ئۇلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان بولاتتىم. ئەمما نەيزىگە تېگىشىم بىلەنلا پەيدا بولغان ئاجىز ئاۋازدىن مەن كەينىمگە بۇرۇلدۇم، بىر نەيزىنىڭ ئۇچى كۆكرىكىمدىن ئون فوتتەكلا يىراقلىقتا تۇراتتى، نەيزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى قىرىق فوت ئەتراپىدا بولۇپ، ئۆتكۈر ئۇچى پارقىراق مېتالدىن ئىشلەنگەن ئىدى، نەيزە تۇتقان ئەبلەخنىڭ رەڭگى - روىي تۇخۇمدىن چىققۋاتقان غەيرىلەر بىلەن ئوپئوخشاش، ئاتقا مىنگەن بولۇپ نەيزىنى بېلىگە تىرەپ تۇتۇپ تۇراتتى.

ئۆچمەنلىك بىلەن ماماتلىقنىڭ دەھشىتى ھەم قورقۇنچىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن بۇ مەخلۇقلارغا قارىغاندا ئەينەك ئۆي ئىچىدىكى مەخلۇقلار يەنىلا ناھايىتى يېقىملىق ۋە زىيانسىز كۆرۈنەتتى. مەن ئالدىمدا تۇرغانلارنى ئادەم دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى ئون بەش فوت ئەتراپىدا بولۇپ، يەر شارىدا بولسا بۇلارنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى تۆت يۈز قاداق ئەتراپىدا چىقىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ تۆۋەندىكى ئىككى قولى بىلەن ئۆزى مىنگەن ھايۋاننىڭ گەۋدىسىنى قامالاپ تۇتىۋالغان، ئىككى ئوڭ قولى نەيزە تۇتقان ھالدا بېلىگە تەكشى تىرەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى بىزنىڭ ئات مىنىشىمىزگە ئوخشاپ قالاتتى. ئىككى سول قولى يان تەرەپكە قاراپ تەكشى سوزۇلغان بولۇپ بۇ ھەرىكىتى ئۇنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىشىغا ياردەم بېرەتتى. ئۇ مىنىۋالغان ھايۋان ئىگەرلەنمىگەن بولۇپ چولۋۇرىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

ئۇنىڭ ئاستىدىكى مىنىۋالغان ھايۋانىي يەر شارى تىلى بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايتتى. بۇ نەرسىنىڭ مۈرىسى يەر يۈزىدىن ئون فوت كۆتۈرۈلگەن ، ئىككى تەرىپىدە تۆتتىن پۇتى، كەڭ ياپىلاق قۇيرۇقى بار، گەۋدىسىنىڭ كەينى تەرىپى باش تەرىپىدىن يوغان، كېلەڭسىز ئىدى. ئۇ تېز ماڭغاندا قۇيرۇقى كەينىگە قاراپ تۈزلىنەتتى. يېرىق شەكىلدىكى ئاغزى ئۇنىڭ بۇرنىدىن باشلاپ چوڭ ھەم ئۇزۇن بوينىغىچە سوزۇلغان بولۇپ بېشىنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇراتتى. تېرىسى ئىگىسىگە ئوخشاشلا تۈكسىز بولۇپ كۆك

قارا رەڭدە ناھايىتى سىيلىق ۋە پارقىراق ئىدى. قۇرساق قىسمى ئاق رەڭدە بولۇپ ئالدى ـ كەينى پۇتى، مۇرىسى ۋە ساغرا قىسمىدىن باشلاپ ئەسلىدىكى كۆك قارا رەڭدىن بارا ـ بارا روشەن سېرىق رەڭگە ئۆزگەرگەن ئىدى. پۇت قىسمى گۆشلۈك بولۇپ ئىرنىقى بولمىغاچقا ئالغا ئىلگىرلىگەندە ئاياق ئىزىنى چىقمايتتى. بۇندىن باشقا پۇتى ناھايىتى كۆپ بولۇپ مارس ھايۋانلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى. كېيىن بىلسەم مارستا پەقەت ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك ئادەم ۋە باشقا بىرخىل ھايۋاندىلا ئىرناق ئۆسىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا مارستا تۇياقلىق، ئىرناقلىق ھايۋان يوق ئىكەن.

بىرىنچى بولۇپ يېتىپ كەلگەن مارسلىقنىڭ كەينىدە يەنە ئون توققۇز مارسلىق بار ئىدى. ئۇلار ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئۆزئارا ئوخشاش بولۇپ مەن كېيىن خۇددى بىز ئىنسانلار تاشقى جەھەتتىن ئوخشاش بولساقمۇ ئوپئوخشاش ئىككى ئادەم بولمىغىنىغا ئوخشاش ئۇلارنىڭمۇ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى بىلدىم. بۇ ھالەت ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا مارسقا چىقىپلا تۇنجى كۆرگەن قاباھەتلىك چۈش كەينىمگە ئۆرۈلۈپ ئۇلارغا يۈزلەنگەن چېغىمدىلا مەندە تۇيۇقسىز بىر قورقۇنچلۇق تەسىرات پەيدا قىلدى.

مەن ھېچقانداق قورال ئالمىغان ھەم قىپيالىڭاچ بولساممۇ، ئەمما نەيزىدىن ئۆزۈمنى ئېلىپ قېچىشتىن ئىبارەت بىرىنچى تەبئىي قانۇنىيەت كاللامدا يالت قىلىپ چاقناپ ئۆتتى. شۇڭا چاقماق تېزلىكىدە خەتەردىن ئۆزۈمنى قاچۇردۇم. مەن بىر سەكرەپلا مارسلىقلار تۇخۇم باسىدىغان ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىققۇالماقچى بولدۇم. مەن ئاللىقاچان بۇ ئۆيىنىڭ تۇخۇم باسىدىغان ئۆي ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن ئىدىم. مېنىڭ قېچىشىم ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئوخشۇشلۇق ھەركىتىم شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مېنى ھەم مارسلىقلارنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى. چۈنكى مەن سەكرىگەندە بوشلۇقتا قاڭقىپ چىقىپ يەر يۈزىدىن ئوتتۇز فوت ئەتراپىدا كۆتۈرۈلۈپ مېنى تۇتماقچى بولغانلاردىن يۈز فوت يىراقلىقتا، قورشاۋ تامنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە چۈشكەن ئىدىم. شۇنداقلا مەن يىپىنچا ئۆسۈملۈك ئۈستىگە ئاستا چۈشتۈم، ھېچقانداق يارلانمىدىم. كەينىمگە بۇرۇلۇپ مېنى

تۇتماقچى بولغان دۈشمەنلەرنىڭ قورشاۋ تامىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە بىر قاتار بولۇپ تىزىلغانلىقىنى كۆردۈم. بىر قانچىسى غەلىتە چىراي ئىپادىلەرنى چىقىرىشىپ مېنى كۈزۈتىۋاتاتتى. كېيىن مەن بۇنداق ئىپادىنىڭ ناھايىتى قورققانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. قالغانلىرى مېنىڭ ئۇلارنىڭ يېقىدىن تۇخۇمدىن چېقىۋاتقان باللىرىغا دەخلى قىلمىغىنىمنى كۆرۈپ مەندىن خاتىرجەم بولغاندەك قىلىشتى.

ئۇلار ئۆزئارا پەس ئاۋازدا سۆزلىشىپ قول ئىشارىتى قىلىشىپ مېنى كۆرسىتىشەتتى. ئۇلار مېنىڭ كىچىك مەخلۇقلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغانلىقىمنى ، مېنىڭ قورالسىز ئىكەنلىكىمنى بايقاشتى. بۇ بايقاش ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان ئۆچمەنلىكىنى تارقىتىۋەتكەن بولسا كېرەك. كېيىن بىلسەم ماڭا ئەڭ پايدىلىق بولغىنى مېنىڭ ئېگىزگە سەكرەش ماھارىتىم ئىكەن. مارىسلىقلار ناھايىتى يوغان، ئۇستىخىنىمۇ چوڭ بولۇپ ئېغىرلىقى بىلەن بەدىنىدىكى كۈچى ئۆزئارا ئوڭ تاناسىپ كېلەتتى. ئەمما ئىستراتېگىيە جەھەتتىن يەر شارىدىكى ئادەملەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇلار يەنىلا كالانپاي ، ئاجىز كۆرۈنەتتى. ئەگەر ئۇلاردىن بىرىنى تۇتۇپ يەر شارىغا ئاپىرىپ قويسا ئۇنىڭ يەر يۈزىدىن ئۆز گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرالمايدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرۈشكە بولاتتى. شۇنداق قىلىپ مارىستىكى ھەيران قالارلىق ماھارىتىم مارسلىقلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان دۈشمەنلىك نەزىرىنى بىراقلا مېنى قانداقتۇر يېڭى بىر جانلىقنى بايقاشقا ئۆزگەرتىپ مېنى تۇتۇپ ئاپىرىپ كۆرگەزمە قىلماقچى بولۇشتى .

مېنىڭ ئويلاپمۇ باقمىغان ھەركىتىم ئازراق ئارام ئېلىۋېلىشىمغا ، كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىشنى ئويلىۋېلىشىمغا ھەم بۇ غەلىتە مەخلۇقلارنى تەپسىلىي كۈزۈتىشىمگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. چۈنكى بۇ ئەبلەخلەر بىلەن بىر كۈن ئاۋۋال مېنى قوغلىغان ئىنىدئانلارنى ئايرىپ قاراشقا بولمايتتى. مەن مارىسلىقلارنىڭ نەيزىسىدىن باشقا يەنە نەچچە خىل قورال بىلەن قوراللانغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. بۇ قورالنىڭ بىر خىل مىلتىق ئىكەنلىكىگە، ئۇلارنىڭ بۇ مىلتىقنى ئىشلىتىشكە ئالاھىدە ماھىر ئىكەنلىكىگە گەپ كەتمەيتتى. بۇ خىل قورال ئاق رەڭلىك مېتالدىن ياسالغان بولۇپ ياغاچتىن ياسالغان

مىلتىق قوندىقىغا ئورنىتىلغان ئىدى. مەن كېيىن بۇ خىل ياغاچنىڭ ناھايىتى يېنىك ، ئىنتايىن قاتتىق ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. بۇ ياغاچ مارستا ئىنتايىن ئەتىۋارلىنىدىكەن، ئەمما يەر شارىلىقلار بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىدى. مىلتىق ستىئولى ئالىيۇمىن ۋە پولات بىرىكمىسىدىن ياسالغان بولۇپ ئۇلار بۇنداق بىرىكمە مېتالنى ناھايىتى قاتتىق قىلىپ تاۋلاشنى بىلىدىكەن. ئۇنىڭ قاتتىقلىقى بىز بىلىدىغان پولاتنىڭ قاتتىقلىقىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشىدىكەن. بۇ خىل مىلتىق يېنىك ، كالىبىرى كىچىك، ستىئولى ئۇزۇن، پارتلايدىغان رادىيلىق ئوق بېشى سەپلەنگەن بولۇپ ئادەمنى ناھايىتى ئاسانلا ئۆلتۈرەلەيتتى. نەزەرىيە جەھەتتىكى ئېتىش ئارىلىقى ئۈچ يۈز ئىنگلىز مىلى بولۇپ، يەرشارىلىقلار بۇنى ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئەمما، سىمسىز ئارىلىق ئۆلچەش ئۈسكىنىسى ۋە قارىغا ئېلىش قورۇلمىسى ئورنىتىلسا ئەمەلى ئىشلىتىشتە ئەڭ يىراق بولغاندىمۇ ئىككى يۈز ئىنگىلىز مىلىدىن ئازراق ئاشاتتى. بۇنداق يىراققا ئېتىش ئارىلىقى مېنىڭ مارسلىقلارغا بولغان ھۆرمەت ھېسياتىمنى قوزغىدى. بىر خىل ھېسسىي تۇيغۇ مېنىڭ مۇشۇنداق ئوچۇقچىلىقتا ماڭا بەتلىنىپ تۇرغان يىگىرمە تال مىلتىقنىڭ ئالدىدا قىچىشنىڭ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئۆتتى . مارسلىقلار بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن بىرسى قىلىپ قالغانلىرى ئۆرۈلۈپلا ئەسلىدىكى كەلگەن يۆلۈنىشكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى . ئۇلار تەخمىنەن ئىككى يۈز يارد ماڭغاندىن كېيىن توختاپ مىنگەن مەخلۇقلىرىنى مەن تەرەپكە بۇراپ نەزىرىنى مەن تەرەپتە قېپقالغان مارسلىققا تىكىشتى. قېپقالغان مارسلىق ئىلگىرى ماڭا نەيزە تەڭلىگەن، كىچىك ئەترەتنىڭ باشلىقى بولۇپ، باشقىلارنىڭ ھەرىكىتى دەل بۇ باشلىقىنىڭ كۆرسىتىشى بويىچە بولغان ئىدى. مارسلىقلار جايلىرىدا توختىغاندىن كېيىن ئەترەت باشلىقى مىنگەن مەخلۇقىدىن يەرگە چۈشۈپ نەيزە ۋە باشقا قوراللىرىنى تاشلاپ قويۇپ تۇختۇم بېسىش ئۆيىنى ئايلىنىپ مەن تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. ئۇ ھەممە قورالىنى تاشلىۋەتكەن بولۇپ ئۈستى ـ بېشى ، مەيدىسىگە ئاسقان زىننەت بۇيۇملىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش يالىڭاچ ئىدى. ئۇ ماڭا تەخمىنەن ئەللىك فوت قالغاندا بىر

دانە مېتالدىن ياسالغان يوغان يەڭ بەلگىسىنى يېشىپ قول ئالىقانلىرىغا قويغىنىمچە مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىپ ئۇچۇق، ياڭراق ئاۋاز بىلەن ماڭا گەپ قىلدى. ئەمما مەن ئۇنىڭ تىلىنى چۈشىنەلمىدىم. ئۇ سۆزلەشتىن توختىدى، قارىماققا مېنىڭ جاۋاب قايتۇرۇشۇمنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قولقىنى دىڭ تۇتۇپ غەلىتە كۆزىنى ماڭا توغرىلاپ تۇردى. ئارىمىزدىكى جىمجىتلىق چېكىگە يەتكەندە مەن تەۋەككۈل قىلىپ بىر قانچە جۈملە سۆزلەشنى قارار قىلدىم. چۈنكى ئۇ تەشەببۇسكار ھالدا مەن بىلەن تىنچلىقتا بىللە تۇرماقچى بولغان ئىدى. ماڭا يېقىنلىششتىن ئاۋۋال قوراللىنى تاشلىۋېتىش، ئادەملىرىنى چېكىندۈرۈش، مانا بۇلار يەر شارىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئومۇملاشقان تىنچلىق تەكلىپىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، مارستىكى ئىپادىسىمۇ ئوخشاش ئىكەن. بۇنى قوبۇل قىلىشقا ۋە چۈشىنىشكە بولاتتى. چۈنكى تىنچلىقنى خالايدىغانلار ھەرگىز قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق رەقىبىگە ھۇجۇم قىلمايدۇ.

مەن قولۇمنى مەيدەمگە قويۇپ ئالدىمدىكى مارسلىققا قاراپ چوڭقۇر تازىم قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم. گەرچە مەن ئۇنىڭ تىلىنى چۈشەنمىسەممۇ ئۇنىڭ ھەركىتى تىنچلىق ۋە دوستلۇقنى بىلدۈرگەن ، بۇنداق ئىپادىلەش ماڭا ناھايىتى يېقىنچىلىقنى ھېس قىلدۇرغان ئىدى. مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە جىرا سۇلىرى چىقارغان شىلدىرلىغان ئاۋازغا ئوخشاش بولۇپ سۆزۈم تۈگىگەندىن كېيىن دەرھال قولۇم بىلەن بىر ھەرىكەت قىلدىم. مېنىڭچە ئۇ بۇ ھەرىكەتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەتتى.

مەن بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا قولۇمنى سوزۇپ بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم . ئۇنىڭ ئېچىلغان ئالىقانلىرىدىن يەڭ بەلگىسىنى ئېلىپ جەينىكىمنىڭ ئۈستىگە باغلىدىم ھەم ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم. ئۇنىڭ ئېچىلغان ئېغىزىمۇ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ ماڭا جاۋاب قايتۇرغاندەك كۈلۈمسىرىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر قولى مېنىڭ بىلىكىمگە ئۆتكۈزۈلۈپ بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ مەخلۇقىغا قاراپ مېڭىپ كەتتۇق. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇ ھەمراھلىرىغا ئىشارەت قىلدى. ئۇلار ماڭا قاراپ يۈگۈرۈشۈپ

كېلىشتى . ئەمما ئۇ سىگنال بىرىپ ئۇلارنىڭ يوگرەپ كېلىشىنى چەكلىدى. چۈنكى ئۇ مېنىڭ بۇ ئۆزگىرىشلەردىن قورقۇپ قېچىپ كىتىشىمدىن ئەنسىرەپ قالغان ئىدى.

ئۇ ئادەملىرى بىلەن بىر قانچە ئېغىز سۆزلەشكەندىن كېيىن مېنىڭ مەخلۇققا مىنىشىمگە ئىشارەت قىلدى. مەن بىر رىتسارنىڭ كەينىدە ئولتۇردۇم. ئارقىدىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھايۋىنىغا مىندى. ئۇ كۆرسەتكەن رىتسار ئۈچ قولىنى سوزۇپ مىنى كۆتۈرۈپ كەينىگە ، مەخلۇقنىڭ پارقىراق دۈمبىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. مەن پەقەتلا ئۇنىڭ قۇرال باغلىغان تاسمىسى ۋە باشقا زىنىنەت ئۈچۈن ئاسقان نەرسىلىرىنى تۇتۇپ ئولتۇردۇم. ئۇلار بۇرۇلۇپلا يىراقتىكى تاغ تىزمىسىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

## تۆتىنچى باب

## ئەسىر

بىز تەخمىنەن قىرىق ئىنگلىز مىلى يول يۈرگەندىن كېيىن يەر شەكلى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. كېيىنرەك بىلسەم، بىز ھازىر مارستىكى ئۇزۇن كەتكەن بىر ئۆلۈك دېڭىزنىڭ قىرغىقىغا يېقىنلىشىۋاتقان ئىكەنمىز. مەن دەل ئاشۇ ئۆلۈك دېڭىزنىڭ تېگىدە مارسلىقلار بىلەن كۆرۈشكەن ئىكەنمەن. ئۇزاق ئۆتمەي بىز تاغ تىزمىسىنىڭ باغرىغا يېتىپ باردۇق. ئاندىن بىر تار تاغ قاپتىلىدىن ئۆتۈپ كەڭ كەتكەن تاغ جىلغىسىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ تاغ جىلغىسىنىڭ بېشىدا سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يەر بار ئىكەن. مەن ئۇ يەردە چوڭ بىر شەھەرنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم. بىز بۇ شەھەرگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتۇق. تامامەن ۋەيران بولغان بىر يول بۇ شەھەرگە بىۋاستە تۇتىشىدىكەن. بىز بۇ يولدىن ئۆتۈپ شەھەرگە كىرىدۇق. بىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يەرنىڭ گىرۋىكىگە كېلىشىمىزگىلا ئۇ يەردە تۈيۈقسىز كەڭ بىر پەلەمپەي كۆرۈندى. ئىنچىكە كۆزىتىپ ئەتراپىمدا كۆرگەن قۇرلۇشلاردا ئادەم ئولتۇراقلاشمىغانلىقىنى، تاشلىۋىتىلگىلى ئۇزۇن

بولغان بولسىمۇ يەنىلا خېلى مۇكەممەل ساقلانغانلىقىنى بايقىدىم. شەھەر مەركىزىگە يېقىن يەردە بىر مەيدان بولۇپ، مەيداننى چۆرىدەپ سېلىنغان قۇرلۇشلاردا تەخمىنەن توققۇز يۈزدىن مىڭغىچە مارىس ئادىمى تۇراتتى. ئۇلار سىرتقى قىياپەت جەھەتتە مېنى ئەسىر قىلغانلار بىلەن ئوخشاش تۇردىن بولۇپ زىننەت بۇيۇمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەممىسىلا قىپيالىڭاچ ئىدى. ئەر ـ ئاياللىرىنىڭ پەرقى شۇكى، ئاياللارنىڭ چىشى بىلەن بوي ئېگىزلىك نىسبىتى چوڭ، بەزىلىرىنىڭ چىشى ناھايىتى قىسقا، بەدىنى كىچىكرەك، تېرىسىنىڭ رەڭگى سۇس ئىكەن. قول ـ پۇتىدا تىرناق ئىزى بار بولۇپ بۇنداق ئالاھىدىلىك ئەرلەردە يوق ئىدى. قۇرامىغا يەتكەن ئاياللىرىنىڭ بوي ئېگىزلىكى ئوندىن ـ ئون ئىككى فوت كېلىدىكەن. باللىرىنىڭ رەڭگى ئاياللارنىڭكىدىنمۇ سۇس ئىدى. يېشى چوڭ بەزى باللارنىڭ بويى باشقا باللاردىن ئېگىزرەك ئىدى.

مەن ئۇلارنىڭ ياش بەلگىسى يوقلىقىنى كۆردۈم. ئۇلار پىشىپ يېتىلگەن(تەخمىنەن قىرىق ياش) چاغدىكى سىرتقى كۆرۈنىشى بىلەن مىڭ ياش ۋاقتىتىكى كۆرۈنىشى روشەن پەرقلەنمەيتتى. تەخمىنەن مىڭ ياشقا كىرگەندە بەزىلىرى خالىسا يىراققا سەپەر قىلىپ تاكى يىس دەرياسىغىچە بارىدىكەن. ھايات مارسلىقلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ دەريانىڭ ئېقىپ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. شۇنداقلا بىرمۇ مارسلىق بۇ دەريادىن قايتىپ كېلەلمەيدىكەن . سوغۇق، قاراڭغۇ دەريا سۈيىدە يۈرگەندە قايتىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ ھايات قالمايدىكەن. مىڭ مارسلىق ئىچىدە تەخمىنەن بىرى كېسەل بىلەن ئۆلىدىكەن. يىگىرمە مارسلىق ئۆزلۈكىدىن خالاپ يىراققا، يىس دەرياسىغا سەپەر قىلىدىكەن. قالغان توققۇزيۈز يەتمىش توققۇز مارسلىق دوئىلىغا چىقىش، ئوۋ ئوۋلاش ۋە ئۇرۇش قاتارلىق زوراۋانلىق ۋاستىلىرى بىلەن ئۆلۈپ تۈگەيدىكەن. ئەڭ چوڭ ئۆلۈم خەۋپى باللىق مەزگىلىدە يۈز بېرىدىكەن. بۇ ۋاقىتتا كۆپلىگەن مارسلىق باللار مارستىكى ئاق ئادەمسىمان مايمۇننىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدىكەن.

قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن مارسلىقلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى تەخمىنەن ئۈچ يۈز ياش بولۇپ تۇرلۇك ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كەلمىسە مىڭ ياشقىچە ياشىيالايدىكەن.

مارسلىقلارنىڭ خەتەرلىك پائالىيەتلەرگە ۋە قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاخىرى چىقمايدىغان ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ تۇرۇشىدىن ئۇلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمرىنىڭ ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتىكى ۋاستىسى ئۇلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى داۋالاش ۋە تاشقى كېسەللىكلەر تېخنىكىسى ئىكەن. نوپۇسنى ئازايتىدىغان يەنە باشقا تەبىئى سەۋەبلەرمۇ بار بولۇپ، ئاساسلىقى مەيلى ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەزەلدىن ئۆزلۈكىدىن قورال تاشلىمايدىكەن. بىر بىرىگە دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك بىلەن قارىشىدىكەن.

بىز مەيدانغا يېقىنلىشىپ باشقا مارسلىقلار مېنى بايقىغان چاغدا نەچچە يۈز مارسلىق بىزنى ئورىۋېلىشتى. ئۇلار مارسلىقنىڭ كەينىگە ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان مېنىڭدەك بىر يەر شارى ئادىمىنى تۇتۇپ بېقىشقا ئالدىرايتتى. ئەترەت باشلىقى بىر قانچە ئېغىز سۆزلىگەندىن كېيىن ئۇلار تىنچلىنىپ قالدى.

بىز مەيداندىن ئۆتۈپ ئادەتتىكى ئادەم ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان چىرايلىق بىر ئىمارەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدۇق. بۇ ئىمارەت پاكار بولغىنى بىلەن ئىگەنلىكەن كۆلىمى كەڭ، ئاق رەڭلىك مەرمەر تاشتىن سېلىنغان ئىكەن. تاش ئۈستىگە ئالتۇن نەقىش چىقىرىلىپ ئېسىل گۆھەر ئورنىتىلغان بولۇپ قوياش نۇرىدا چاقناپ تۇراتتى. دەرۋازا ئالدىدىكى يول يۈز فوت كەڭلىكتە بولۇپ ئىمارەتنىڭ ئۇدۇلىدىن چىقىپ كىرىش زالىنىڭ ئالدىدا كەڭ بىر مەيدان ھاسىل قىلاتتى. پەلەمپەي يوق بولۇپ بىنانىڭ ئىچىگە تۇتىشىدىغان يانتۇلۇقلار بار ئىدى. بىنانىڭ ئىچى چوڭ بىر زال بولۇپ تۆت ئەتراپى ئۇزۇن كارىدور بىلەن ئورىلىپ تۇراتتى. زالنىڭ پولىغا نەپىس ئويۇلغان يېزىق ئۈستىلى ۋە ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ تەخمىنەن قىرىق ـ ئەللىكتەك مارس ئادىمى ئوتتۇرىدىكى مۇنبەر پەلەمپىيىنىڭ تۆت ئەتراپىدا ئولتۇراتتى. مۇنبەردە غايەت زور بىر رىتسار تۇراتتى. ئۇ مېتالدىن ياسالغان زىننەت بۇيۇمى، كۆل رەڭ قۇش پېيى ۋە پۇختا ئىشلەنگەن تاسما تاقىغان بولۇپ، تاسمىغا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن گۆھەر ئورنىتىلغان ئىدى. مۈرىسىگە ئاق يۇڭدىن توقۇلغان قىسقا سايىۋەن يېپىنچاقلىۋالغان، سايىۋەننىڭ تېگى كۆزنىڭ

يېغىنى يېگۇدەك قىزىل دۇردۇندىن تىكىلگەن ئىدى. مېنى ھەممىدىن ھەيران قالدۇرغىنى زالدىكى يېزىق ئۇستىلى، ئورۇندۇق ۋە باشقا ئائىلە جابدۇقلىرى بولۇپ، ئەتراپىمدىكى مارسلىقلار بىلەن قەتئىي سىغىشمايتتى. بۇ نەرسىلەرنىڭ شەكلى ۋە چوڭ كىچىكلىكى ماڭا ئوخشاش يەر شارى ئادەملىرىنىڭ ئىشلىتىشىگە ناھايىتى ماس كېلەتتى. ئەكسىچە مارسلىقلارنىڭ كېلەڭسىز گەۋدىسى بۇ ئورۇندۇقلارغا ھەرگىز مۇۋاپىق كەلمەيتتى، يېزىق ئۇستىلىنىڭ ئاستىغىمۇ ئۇلار ئۇزۇن پۇتىنى سىغدۇرالمايتى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ يەردە مېنى تۇتقۇن قىلغان بۇ غەلىتە مەخلۇقلاردىن سىرت يەنە باشقا ئاھالىلەر ياشىغان. ئەتراپىمدىكى تۆرلۈك قەدىمى نەرسىلەر بۇ قۇرلۇشلارنىڭ يىراق قەدىمكى مارس يۈزىدە ياشاپ ئۆتكەن ئالىقاچان يوقالغان ھەم ئۇنتۇلغان مەلۇم بىر يۈكسەك مەدەنىيەتكە تەۋە بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

بىز بىنانىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىغاندىن كېيىن ئەترەت باشلىقى بۇيرۇق قىلىۋىدى مېنى ئېلىپ ماڭغان مارس ئادىمى مېنى يەرگە چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ مېنىڭ بىلىكىمنى تارتقىنىچە ئەدەپ بىلەن زالغا ئېلىپ كىردى. مارس ئاقساقىلىنىڭ ئالدىغا بارغۇچە ھېچقانداق قائىدە - يوسۇنلۇق ئىش يوقكەن. مېنى تۇتقۇن قىلغان مارسلىق باشقىلارنىڭ يول بېرىشى بىلەن مۇنبەرگە چىقتى. ئاقساقال ئورنىدىن تۇرۇپ مېنى بىللە ئېلىپ كەلگەن مارسلىقنىڭ نامىنى چاقىردى. ھېلقى مارسلىقمۇ ئاقساقالنىڭ ئىسمى ۋە نامىنى ئاتىدى. مەن ئۆز ۋاقتىدا بۇنداق مۇراسىم ۋە دېپلوماتىك گەپلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى چۈشەنمىگەن ئىدىم ، كېيىن بۇنىڭ مارسلىقلارنىڭ ئادەتتىكى ئۆزئارا بىر - بىرىدىن ئەھۋال سورىشىدىغان شەكىل ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئەگەر ئۇچراتقان ئادەم ناتونۇش بولۇپ قانداق ئاتاشنى بىلمىگەندە ھەم ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇرچى تىنچلىق ئۈچۈن بولسا جىمجىتلا ئۇچىسىدىكى زىننەت بۇيۇملىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشىدىكەن. ئەكسىچە بولسا ئۇلار ئۆزئارا ئوت ئېچىشىدىكەن ياكى تۆرلۈك قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ بىر قېتىم كۈچ سىنىشىدىكەن.

مېنى تۇتقۇن قىلغان مارسلىقنىڭ ئىسمى تارس تاركاس بولۇپ قەلەم ۋە ئەلەمگە

ماھىر، شۇ رايوننىڭ مۇئاۋىن ئاقساقىلى ئىكەن. ئۇ كېلىش مۇددىئاسى ۋە مىنى ئەسىر قىلىش جەريانىدىكى ئىشلارنى قىسقىغىنا چۈشەندۈرگەندىن كىيىن ھىلقى ئاقساقال ماڭا قاراپ بىرمۇنچە گەپ قىلدى. مەن ھەققى قەدىمي ئىنگىلىز تىلىدا ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇردۇم. ئۇلارنىڭ ھىچقايسىسى مىنىڭ نىمە داۋاتقانلىقىمنى چۈشەنمىدى، ئەمما سۆزۈمنى تۆگىتىپ كۈلۈمسىرىگىنىمدە ئونىڭمۇ كۈلۈمسىرگىنىگە دىققەت قىلدىم. بۇ ھالەت مىنىڭ تارىس تاركاس بىلەن بىرىنچى قېتىم سۆزلەشكەن چىغىمدىكى ھالەت بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ماڭا بىزنىڭ ئارىمىزدا مەلۇم بىر ئورتاقلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەندۈردى: يەنى بىز ئوخشاشلا كۈلۈمسىرەشنى بىلىمىز، بەلكى چوڭ ئاۋازدىمۇ كۈلەلەيمىز، كۈلكە ئارقىلىق يۇمۇرىستىك تۇيغۇنى ئىپادىيەلەيمىز. ئەمما مەن شۇنى بىلىشىم كېرەككى، مارسلىقلارنىڭ كۈلۈمسىرىشى ساختا بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاتتىق كۈلگەن چاغدىكى ھالىتى خېلى مەنمەن دىگەن پالۋاننىڭمۇ پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقىرۋېتەتتى.

يېشىل رەڭلىك مارسلىقنىڭ يۇمۇرىستىك ئۇقۇمى بىلەن بىز يەرشارلىقلارنىڭ كۈلكە ئارقىلىق خۇشاللىقنى ئىپادىلەش ئۇقۇمى ئوتتۇرىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار. بۇ غەلىتە جانلىقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر ئادەمنىڭ ئۆلگەن چاغدىكى ئازابى ئۇلارغا چەكسىز خۇشاللىق ئېلىپ كېلەتتى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خۇشاللىقتىن بەھىر ئالىدىغان ئەڭ ئاددىي شەكلى شۇكى، ھەرخىل غەيرى ھەم قورقۇنچلۇق ئۇسسۇللار بىلەن مەھبۇسنى قىيناپ ئۆلتۈرۈش ئىدى.

مارسلىق ئاقساقال ۋە يىغىلىشقان رىتسارلار مىنىڭ مۇسكۇل ـ تېرىلىرىمنى سىيلاپ ئىنچىكە تەكشۈرۈپ چىقتى. ئاقساقال مىنىڭ نومۇر كۆرسىتىشىمنى بىلدۈرۈپ مىنى كەينىگە سىلىپ تارىس تاركاس بىلەن ئاسمىنى كەڭ مەيدانغا قاراپ مېڭىپ كەتتى. بىرىنچى قېتىملىق مېڭىش ھەركىتىم مەغلۇپ بولغاچقا تارىس تاركاسنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ مېڭىشتىن باشقىنى ئويلىمىدىم. مەن خۇددى چوڭ چېكەتكىدەك يېزىق ئۈستىلى ۋە ئورۇندۇق ئارىلىقىدا ئىگىز ـ پەس سەكرەپ قاڭقىپ يۈردۇم. بەدىنىمنىڭ ساق يېرى

قالمىغاندىن كېيىنلا (مارسلىقلار بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولغان ئىدى ) مەن ئۆمۈلەپ مېڭىشقا باشلىدىم . ئەمما بۇ ھەركىتىم ئۇلارنى قانائەتلەندۈرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئۇزۇنتۇرا ناھايىتى قوپاللىق بىلەن مېنى تارتىپ تۇرغۇزدى، قارىماققا ئۇ ئەبلەخ مېنىڭ بەختسىزلىكىمدىن باشقىچىلا خۇشال بولغان ئىدى. ئۇ مېنى تۇرغۇزۇپ بەتبەشىرە چىرايىنى ماڭا يېقىنلاشتۇرغان چاغدا مەن جىگەرلىك ئادەم قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىشنى قىلدىم. ئۇنىڭ ئىڭىكىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى سىلىۋىدىم ئۇ بۇقىدەك يەرگە گۈپپىدە چۈشتى. ئۇ يەرگە يىقىلغاندا كەينىمگە بۇرۇلۇشىمغىلا يەنە بىر مارسلىقنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدىم. مەن ئۇلار بىلەن تۇتۇشقان ئىكەنمەن قۇربان بولۇشتىن بۇرۇن بىر قېتىملىق ھايات ـ ماماتلىق جەڭ قىلىشنى قارار قىلدىم.

ئەمما مېنىڭ ئەنسىرىشىمنىڭ ئاساسى يوق بولۇپ چىقتى. چۈنكى مارسلىقلار باشتا ئاغزىنى ئېچىپ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىغان بولسىمۇ كېيىن ئەسەبىيلەرچە چاۋاك چېلىشىپ كېتىشتى. چاۋاك چېلىشنىڭ مەنىسىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. كېيىن ئۇلارنىڭ ئادىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئاندىن بۇ چاۋاكنىڭ ماڭا بولغان رازىمەنلىكنىڭ ئالامەتلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئىكەنمەن.

مەن ئەدەپلىگەن ھىلقى ئەبلەخ يەردە ياتاتتى، ھېچكىمنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. تارس تاركاس مەن تەرەپكە كېلىپ ماڭا بىر قولىنى ئۇزاتتى، بىز مۇشۇنداق قىلىپ چوڭ مەيدان تەرەپكە مېڭىپ كەتتۇق، ھېچكىم بىزگە دەخلى قىلمىدى. مەن نېمە ئۈچۈن مەيدانغا بارىدىغانلىقىمىزنى بىلمەيتتىم، ئەلۋەتتە. ئۇزاق ئۆتمەيلا مىنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىم ئايان بولدى. تارس تاركاس باشتا قايتا ـ قايتا بىر نەچچە قېتىم سەكرەش ھەرىكىتىنى ئىشلىدى ھەم سەكرەۋېتىپ بىر ئېغىز سۆزنى تەكرارلىدى. مەن ئۇنىڭ ئىشارىسىدىن دەۋاتقان سۆزنىڭ «سەكرە» دېگەن مەنىنى بىلدۈردىغانلىقىنى تېزلا چۈشەندىم. ئاندىن ئۇ ماڭا قاراپ بايىقى سۆزنى تەكرارلىدى ھەم ھەر قېتىم سەكرەشتىن ئاۋۋال بۇ سۆزنى تەكرارلاپ تۇردى. مەن ئۇلارنىڭ ماڭا نېمە قىلدۇرماقچى بولغانلىقىنى

تونۇپ يەتتىم. ئۇلار مىنى سەكرىتىپ كۆڭلىنى ئاچماقچى بولۇشقان ئىكەن. مەن دىققىتىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۇلارنى تاڭ قالدۇرۇپ بىر قېتىم سەكرىدىم. بۇ قېتىم سەكرىشىمدە بىر يۈز ئەللىك فوت ئېگىزلىككە سەكرەپ تەگچۆكلىقىمنى يوقاتمىغان ھالدا يەرگە مۇقىم قايتىپ چۈشتۈم، يىقىلىپ كەتمىدىم. كەينىدىن يەنە ھېچقانچە قىيىنالمايلا يىگىرمە بەش ـ ئوتتۇز فوت ئېگىزلىكتە سەكرەپ ئەتراپىمدىكى رىتسارلارنىڭ يېنىغا باردىم. مىنىڭ ماھارىتىمنى نەچچە يۈز مارسلىق كۆردى، ئۇلار مەندىن قايتا ماھارەت كۆرسىتىشىمنى تەلەپ قىلسا، ئاقساقال مىنىڭ قايتا سەكرىشىمگە بۇيرۇق قىلاتتى. ئەمما مەن ئۇسساپ كەتكەن ھەم ئاچ قورساق بولۇپ، بىردىن ـ بىر ئامال ئۇلاردىن ياردەم سوراش بولدى. چۈنكى ئۇلار مەن ئېھتىياجلىق نەرسىنى ئۆزلۈكىدىن ئالدىمغا ئېلىپ كېلىدىغاندەك قىلمايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن قايتا سەكرەش بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلماي ھەر قېتىم بۇيرۇق قىلىپ ۋارقىرىغاندا ئاغزىمنى كۆرسىتىپ قورسىقىمنى سىيلاپ تۇرۇۋالدىم. تارس تاركاس بىلەن ئاقساقال بىردەم كولدۇرلاشقاندىن كىيىن بىر توپ ئاياللار ئىچىدىن ياش بىرىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا بىرنېمىلەرنى تاپىلاپ مىنى ئۇنىڭ بىلەن مېڭىشقا ئىشارەت قىلدى. مەن ھىلقى ئايالنىڭ ماڭا ئۇزاتقان بىلىكىنى تۇتۇپ مەيداندىن ئۆتۈپ بىزدىن يىراقتا تۇرغان بىنا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتۇق.

بۇ ساھىبجامال ئايال ھەمراھىمنىڭ بوي ئېگىزلىكى سەككىز فوت ئەتراپىدا بولۇپ، ئەمدىلا بويىغا يەتكەن بولسىمۇ باشقىلارغا قارىغاندا پاكار، تېرىسى سۇس يېشىل ، سىيلىق ھەم پارقىراق ئىدى. كىيىن بىلسەم ئۇنىڭ ئىسمى سولا بولۇپ تارس تاركاسنىڭ يېنىدىكى مۇلازىملارنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇ مىنى باشلاپ مەيدانغا قاراپ سېلىنغان بىنالار ئىچىدىكى بىر ئىمارەتنىڭ كەڭ، ئازادە ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. ئۆينىڭ پولىغا يېيىتىلغان يىپەك رەخت ۋە مويلۇق تېرىدىن بۇ ئۆينىڭ يەرلىك كىشىنىڭ ھۇجرىسى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. ئۆينىڭ بىر نەچچە چوڭ دېرىزىسى بولۇپ يورۇقلۇق يېتەرلىك چۈشۈپ تۇراتتى. تاملىرى رەسىم ۋە نەقىش بىلەن كۆركەم بېزەلگەن بولۇپ كۆزنى چاقنىتاتتى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىپادىلەش قىيىن بولغان قەدىمىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ

ئالاھىدىلىكى بار بولۇپ، بۇنداق مۆجىزىلەرنى ياراتقان ممارچىلار ۋە قۇرلۇش ئىشچىلىرى بىلەن ھازىرقى ياۋايى سۇپەت مارسلىقلار ئوتتۇرىسىدا قىلچىلىك ئورتاقلىقنى بايقىغىلى بولمايتتى.

سولا مېنى ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر دۆۋە يىپەك رەختنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشىمغا ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن بۇرۇلۇپ «سى- سى» قىلىپ بىرخىل غەيرى ئاۋاز چىقاردى. قارىغاندا قوشنا ئۆيدىكى بىرەيلەنگە بېرىلگەن سىگنال بولسا كېرەك. ئۇنىڭ سىگنالى ئاخىرلىشىشىغىلا مەن مارستا يەنە بىر يېڭى جانلىقنى كۆردۈم. ئۇ مەخلۇق ئون تال پۇتىنى سۆرەپ ئېغاڭلاپ مېڭىپ كېلىپ گەپ ئاڭلايدىغان ئىتقا ئوخشاش ئايالىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى سېتلاند تاقىم ئارىلىدا ياشايدىغان ئىتتىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. ئەمما بېشى سەل- پەل پاقىنىڭ بېشىغا ئوخشاش بولۇپ يۇقىرى ـ تۆۋەن تاڭلىيىغا ئۈچ رەت ئۇزۇن ھەم ئۆتكۈر ھىڭگاڭ چىش ئۆسكەن ئىكەن.

## بەشىنچى باب

# نازارەتچى ئىتتىن قۇتۇلۇش

سولا مەخلۇقنىڭ كۆزىگە تىكىلگىنىچە مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ نەچچە ئېغىز بۇيرۇق چۈشۈرگەندىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . مەن ئەجەبلەنمەي تۇرالمىدىم، بۇنداق بەتبەشىرە، ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرىدىغان مەخلۇق بىلەن يالغۇز قالغاندا قانداق قورقۇنچلۇق ئىش يۈز بېرەر دەپ تەشۋىشكە چۈشتۇم. ئەمما ئەنسىرىشىمنىڭ ئاساسى يوق بولۇپ چىقتى. بۇ مەخلۇق ماڭا بىردەم تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن ئۆينىڭ بىردىن بىر چىقىش ئېغىزىغا بېرىپ سوزۇلۇپ يېتىۋالدى. بۇ مېنىڭ مارسقا كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئىتنىڭ نازارەت ئاستىغا ئېلىنىشىم ئىدى. بەلكىم بۇ ئەڭ ئاخىرقىسى بولماسلىقى

مۇمكىن. چۈنكى يېشىل تەنلىك مارسلىقلارنىڭ ئەسىرى بولغان چاغلىرىمدا بۇ ئەبلەخ مېنى باشتىن ـ ئاخىر ئىنچىكە نازارەت قىلىپ كەلدى. ئىككى قېتىم ھاياتىمنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالدى، ئەمما مەندىن بىرەر قېتىممۇ ئۆز مەيلىچە ئايرىلىپ باقمىدى.

سولا كەتكەندىن كېيىن مەن تۇرىۋاتقان ئۆينى تەپسىلىي كۆزىتىپ چىقتىم. تامدىكى رەسىمگە ئادەمنى قاتتىق ھەيران قالدۇرىدىغان گۈزەل مەنزىرە، تاغلار، دەريا، دېڭىز ـ ئوكيان، ئوتلاق، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ، ئەگرى ـ بۈگرى يوللار ھەم قوياش نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان گۈللۈك چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ كۆرۈنۈش دەل يەر شارى ئادەملىرىنىڭ ئۆي ـ پىكرى ۋە تەسەۋۋۇرى بويىچە سىزىلغان ئىدى. پەقەت ئۆسۈملۈكلەرنىڭ رەڭگى يەر شارىدىكى ئۆسۈملۈكلەر بىلەن زور پەرق قىلاتتى. بۇ رەسىمنى شەك ـ شۈبھىسىز داڭلىق بىر رەسسام ئىجاد قىلغان بولۇپ ئىچىدىكى ئوبرازلار ئەتراپلىق، ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن مۇكەممەل قىلىپ سىزىلغان ئىدى. شۇنىسى ھەممىلا رەسىمگە بىرمۇ ئادەم ياكى ھايۋاننىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلمىگەن ئىدى. بۇ نۇقتا ئادەمنى ئەجەبلەندۈرەتتى . شۇنداقتىمۇ بۇ رەسىملەردىن مارسنىڭ يىراق ئۆتمۈشىدىكى ئاللىقاچان غايىب بولغان، ئۇنتۇلغان يۈكسەك بىر مەدەنىيەتنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى.

مېنىڭ ئوي پىكىرلىرىم چېچىلىپ مارستا يولۇققان غەلىتە ئىشلارنىڭ چۈشەندۈرۈش مۇمكىنچىلىكىنى پەرەز قىلىۋاتقان چېغىمدا سولا يېمەكلىك ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئۇ يېمەكلىكنى يېنىمغا قويۇپ مېنىڭدىن بىرنەچچە فوت يىراقلىقتىكى يەرگە بېرىپ ئولتۇرۇپ ماڭا قاراپ تۇردى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن يېمەكلىك ئالاھازەل بىر قاداق ئېغىرلىقتىكى قاتتىق جىسىم بولۇپ قېتىقا ئوخشاپ قالاتتى. مەن ئۇنىڭ تەمىنى بىلەلمىدىم. ئىچىملىك قاراشتىنلا مەلۇم بىر ھايۋاننىڭ سۈتى بولۇپ قىرتاق بولسىمۇ تەمى يامان ئەمەس ئىكەن. ئۇزاق ئۆتمەي مەن بۇ ئىچىملىككە يۇقىرى باھا بېرىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. كېيىنچە بۇ سۈتنىڭ ھايۋاننىڭ ئەمەس (چۈنكى مارستا پەقەت بىر خىللا سۈت ئەمگۈچى ھايۋان بولۇپ ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىكەن) ئەكسىچە بىر

خىل ئۆسۈملۈكتىن ئاجرىلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدىم. بۇ خىل ئۆسۈملۈك سۇ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆسىدىغان بولۇپ تۇپراق تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق ، ھاۋادىكى نەملىك ۋە قوياش نۇرىدىن مول سۈت قىيامى ھاسىل قىلىدىكەن ھەم ھەر كۈنى خېلى كۆپ سۈت قىيامى ئاجرىتىپ چىقىرىدىكەن. قۇرسۇقۇم تويغاندىن كېيىن بەدىنىمگە ماغدۇر كىرگەندەك ھېس قىلدىم. قاتتىق چارچىغانلىقتىن بولسا كېرەك يەردە سوزۇلۇپ يېتىپ بىردەمدىلا ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. بىر نەچچە سائەت ئۇخلىغان بولسام كېرەك ئويغانسام قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ . ئۆزۈمنى ناھايىتى توڭلىغاندەك ھېس قىلدىم. بىراۋنىڭ بىر پارچە مويلۇق تېرىنى تاشلاپ بەرگەنلىكىنى تويدۇم. مويلۇق تېرە ئۈستۈمگە تازا تولۇق يېپىلمىغان ئىدى. قاراڭغۇلۇقتا ھېچنېمىنى كۆرەلمىگەنلىكىمدىن ئامالسىز مۈشۈنداق يېتىشقا مەجبۇر بولدۇم. تۇيۇقسىز بىر قول سوزۇلۇپ كېلىپ تېرىنى مېنىڭ ئۈستۈمگە ئوبدان يېپىپ قويدى ھەم يەنە بىرنى قوشۇپ قويدى. مەن مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان ئادەمنىڭ سولا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم. مەن خاتالاشمىغان ئىدىم. مەن ئۇچراشقان بارلىق يېشىل تەنلىكلەر ئىچىدە پەقەت مۇشۇ ئاياللا ماڭا ھېسداشلىقىنى ، مۇلايىم ۋە مېھرىبانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئۇ باشتىن ئاخىرى شۇنداق قىلدى، ئۇنىڭ مىننەتسىز مېھرىبانلىقى بىلەن مەن نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قالدىم. ئۇ مېنى ھەر دائىم ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇراتتى، ماڭا ياردەم قىلاتتى. مارسنىڭ كېچىسىنى ناھايىتى سوغۇق ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلىشكە باشلىدىم. مارستا كەچقۇرۇن ۋە تاڭ سەھەر مەزگىلى مەۋجۇت بولمىغاچقا تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى تۇيۇقسىز بولۇپ كۈندۈزى كىرپىك قاققىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە قاراڭغۇ كېچىگە ئايلىنىپ قالاتتى. بۇنداق ھالەت كىشىگە ناھايىتى يېقىمسىز تەسىر بېرەتتى. كېچىسى يا سۈزۈك يا بولمىسا زۇلمەت قاپقاراڭغۇ بولاتتى. مارستا ئىككى ئاي بار ئىكەن. ئەگەر ئىككى ئاينىڭ بىرىمۇ چىقمىسا زۇلمەت قاراڭغۇچىلىق باشلىنىپ كېتىدىكەن. مارستا ئاتموسفېرا قاتلىمى شالاڭ ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئاتموسفېرا قەۋىتى ناھايىتى نېپىز بولغاچقا يۇلتۇزلار چىقارغان يورۇقلۇقنى قايتۇرالمايدىغان. ئەگەر ئىككى ئاي تەڭلا چىقسا

يەر يۈزى كېچىدىمۇ ئاجايىپ يارقىن بولۇپ كېتىدىكەن.

مارستىكى ئىككى ئاينىڭ مارستىن يىراقلىقى بىزنىڭ يەرشارىدىكى ئايدىن كۆپ يېقىن بولۇپ، ئەڭ يېقىن ئاينىڭ مارس يۈزىدىن ئېگىزلىكى بەش مىڭ ئېنگىلىز مىل، ئەڭ يىراقتىكىسىنىڭ ئون تۆت مىڭ ئېنگىلىز مىلىدىن كۆپرەك كېلىدىكەن. ئەمما بىزنىڭ ئاي شارى يەر شارىدىن ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ ئېنگىلىز مىل يىراقلىقتا. مارستىكى ئەڭ يېقىن ئاينىڭ مارسنى بىر دەۋر قىلىپ ئايلىنىشى ئۈچۈن يەتتە يېرىم سائەت ۋاقىت كېتىدىكەن . شۇڭا ئاقار يۇلتۇزدەك بىر كېچىدە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم مارس ئاسمىنىدىن ئۆتۈپ بۇ جەرياندا  ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھەرخىل يوللىرىنى كۆرسىتىدىكەن.  يىراقتىكى ئاينىڭ مارسنى بىر دەۋر قىلىپ ئايلىنىشىغا يىگىرمە سائەت ئون بەش مىنۇت ۋاقىت كېتىدىكەن. بۇ ئىككىسى بىرلىشىپ مارسنىڭ كېچە مەنزىرىسىنى ئاجايىپ سىرلىق ۋە غەلىتە ھالەتكە كىرگۈزىدىكەن.  تەبىئەتنىڭ مارسنىڭ كېچىسىنى بۇنداق ئەپچىللىك بىلەن يورۇتۇشى ھەقىقەتەن ياخشى ئىش. چۈنكى يېشىل تېرىلىك مارسلىقلارنىڭ ئەقىل پاراستى تېخى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلمىغان كۆچمەن مىللەت بولۇپ قوپال يورۇتۇش قورallىرىغا، مەشئەل، شام چىراغ ، ماي چىراغ قاتارلىقلارغا تايىنىدىكەن. ماي چىراغ بىرخىل ئالاھىدە گاز چىقىرىپ پىلىك بولمىغان ئەھۋالدىمۇ يانىدىكەن. ماي چىراغقا كېتىدىغان تەبئى ماينى پەقەت بىرقانچە ماي بار دەپ پەرەز قىلىنغان ئورۇننى قازغاندىن كېيىنلا بىرەرسىدىن تاپقىلى بولىدىكەن.  ماي مەنبەسى ئىنتايىن شالاڭ، تۇرىۋاتقان ئورۇنغا ناھايىتى يىراق بولغاچقا ئۇلار بۇ چىراغنى ئىنتايىن ئاز ئىشلىتىدىكەن.  مارسلىقلار بۈگۈنىلا ئويلاپ جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانمىغاچقا نەچچە ئەۋلادتىن بۇيان مۇشۇنداق يېرىم ياۋايى ھالەتتە قىلىۋېرىپتۇ.

سولا ئۇستۇمگە مويلۇق تېرىنى يېپىپ قويغاندىن كېيىن مەن يەنە ئۇيقۇغا كېتىپ تاكى تاڭ يورىغاندىلا كۆزۈمنى ئاچتىم.  ئويغانسام بۇ ئۆيدە مەندىن باشقا بەش مارسلىق ئۇخلاۋاتقان بولۇپ ھەممىسلا ئايال ئىدى. ئۇلار ئۇستىگە رەڭگى ـ تۈرلۈك تاۋار ـ دۇردۇن ۋە تېرە يېپىۋاپتۇ. پەقەت سوزۇلۇپ ياتقان نازارەتچى مەخلۇقلار سەگەك بولۇپ ئالدىنقى

ئاخشىمى قانداق ياتقان بولسا ھازىرقى ھالىتىمۇ شۇنداق بولۇپ، مەندىن كۆزىنى ئۈزمەيتى. ئەتراپىنى بىر قۇر كۆزەتكەندىن كېيىن كاللامدىن دەرھال قىچىپ كەتسەم قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقار دېگەن ئوي كەچتى. تاشقىرىدا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى.

مەن تەۋەككۈلچىلىكنى ، كۆپ ئادەملەر قاراملىق قىلىپ بېرىشنى خالىمايدىغان يەرلەرگە بېرىپ ئېكسپېدىسيە قىلىشنى ياقتۇراتتىم. بۇ ھايۋاننىڭ ماڭا قانداق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىنى بىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئامالى بۇ ئۆيدىن ئايرىلىش ئىدى . شۇڭا مەن توغرا مۆلچەرلەپ، مۇبادا ئۆيدىن قېچىپ چىققاندا ئۇ مېنى قوغلاپ قالسا ئۇنى تاشلىۋېتەلىشىم كېرەك ئىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ سەكرەش ماھارىتىمدىن رازى ئىدىم. شۇڭا ئۇنىڭ قىسقا پۇتلىرىنىڭ سەكرەشكە مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ھەم يۈگۈرۈشكە ماھىر ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ يەتتىم. مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرغىنىمدا نازارەتچى ئىتمۇ تەڭلا ئورنىدىن تۇردى. مەن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ يېقىنلاشتىم ھەم پۇتنى يەرگە سۆرەپ ماڭغاندا تەگپۈڭلۈقنى ساقلاپ تېز ماڭغىلى بولىدىغانلىقىنى ھىس قىلدىم. ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندا ئۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن كەينىگە چېكىندى. ئىشىككە يېقىنلاشقاندا بىر چەتكە سۈرۈلۈپ ماڭا يول بەردى، ئەمما ماڭا ئەگىشىپ كەلدى . جىمجىت كوچىدا كېتىۋاتقىنىمدا ئۇ مەندىن ئون قەدەم ئارلىق ساقلاپ ئەگىشىپ كېلىۋەردى. مەن ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ماڭا زىيان يەتكۈزۈش ئەمەس، بەلكى مېنى مۇھاپىزەت قىلىش ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئىككىلەنمەي ئالدىمغا قاراپ مېڭىۋەردىم. مەن شەھەرنىڭ چېتىگە كەلگەندە ئىت تۇيۇقسىز مېنىڭ ئالدىمغا سەكرەپ ئۆتۈپ ماڭا قاراپ غەيرى بىرخىل قاۋىغان ئاۋاز چىقىرىپ بەتبەشىرە چىشلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋالدى. مەن ئۇنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا قاراپ باستۇرۇپ كەلدىم ۋە تىگىپ كېتەي دېگەندە يۇقىرىغا بىرلا سەكرەپ شەھەر سىرتىدىكى خېلى يىراق بىر يەرگە چۈشتۈم. بۇ مەخلۇقمۇ بۇرۇلۇپلا مەن قىياس قىلىپمۇ باقمىغان تېزلىك بىلەن ماڭا ئېتىلىپ كەلدى. مەن ئەسلى ئۇنىڭ پۇتى قىسقا بولغاچقا يۈگۈرەلمەيدۇ دەپ

ئويلىغان ئىدىم. ئۇنىڭ سۈرئىتى ھېلىگەر تۈلكە بىلەن مۇسابىقىلەشكىدەكلا تېز بولۇپ يېنىمغا كەلگەندىن كېيىن خۇددى ئۆيدىكىدەك بىردىنلا مۇلايىملىشىپ قالدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ مەخلۇق مارستىكى يۈگرەش سۈرئىتى ئەڭ تېز ھايۋاندەك قىلاتتى. كېيىن مەن ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق بولغىنى بىلەن ئەقىللىق، سادىق ھەم باتۇرلۇقنى چۈشەندىم. شۇڭا يېشىل تەنلىكلەر تەرىپىدىن كۆندۈرۈلگەندىن كېيىن ئوۋ ئوۋلاش، جەڭ قىلىش ۋە قوغداش قاتارلىق ئىشلارغا كۆپلەپ ئىشلىتىلگەن ئىكەن.

ئەگەر داۋاملىق تۈز سىزىق بويىچە يۈگرىۋەرسەم ئۇنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشىنىڭ تەسلىكى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن سۇنۇق سىزىق شەكلىدە يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئېتىلىپ كېلىشىگە تاقابىل تۇرماقچى بولدۇم. ئۇ نەچچە قېتىم ماڭا يېتىشىۋالغاندا مەن ئۇنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كەتتىم. بۇ ئىستراتېگىيە ماڭا ناھايىتى پايدىلىق بولۇپ ئۇنىڭدىن بۇرۇن شەھەرگە يېتىپ بارالايتىم. ئۇ مېنى ئۇچقاندەك قوغلاپ كەلگەندە مەن سەكرەپلا يەر يۈزىدىن ئوتتۇز فوت ئېگىزلىكتىكى بىر دېرىزىگە چىقىۋالدىم. بۇ تاغ جىلغىسىغا يانداشتۇرۇپ سېلىنغان بىر بىنانىڭ دېرىزىسى ئىدى. مەن ئالدى بىلەن دېرىزىنىڭ تەكچىسىنى تۇتۇۋېلىپ ئاندىن بىرلا تارتىپ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇۋالدىم. بىنا ئىچىدە نېمە بارلىقىغا دىققەت قىلماي پەستىكى قوغلاپ كېلىۋاتقان مەخلۇققا تىكىلىپ تۇردۇم. مېنىڭ خۇشاللىقىم ئۇزاققا بارمىدى. مەن ئۆزۈمنى دېرىزىگە ئەمدىلا جايلاپ تۇرۇشۇمغا ئىچىدىن يوغان بىر قول چىقىپ گېلىمدىن تۇتۇپ ئۆي ئىچىگە غەزەپ بىلەن تارتىپ ئەكىرىپ پولغا تاشلىۋەتتى. ئالدىمدا تۇرغىنى غايەت زور ئادەمسىمان مايمۇنغا ئوخشاش بىر ھايۋان بولۇپ بېشىدىكى بىر تۇتام قىسقا تۈكنى ھېسابقا ئالمىغاندا پۈتۈن بەدىنى قار رەڭگىدە ئاق ئىدى.

## ئالتىنچى باب

# جەڭدە ئۇتتۇق قازىنىش

ئادەمسىمان مايمۇنغا ئوخشاش بۇ مەخلۇق مارس ئادەملىرىگە قارىغاندا يەر شارى ئادەملىرىگە بەكرەك ئوخشايتتى. ئۇ يوغان پۇتى بىلەن مېنى پولغا دەسسەپ تۇرۇپ كەينىدىكى بىر نەرسىگە «جىز-چا» قىلىپ چىرقىرايتتى ۋە قولىنى ئورۇپ ئىشرەت قىلاتتى. بىردەمدىلا قارىماققا بۇ مەخلۇقنىڭ جۆرىسىدەك يەنە بىر هايۋان قولىدا تاش توقماق تۇتقىنىچە ماڭا قاراپ كەلدى. ئۇ مېنىڭ بېشىمنى يەنجىمەكچى بولىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئون - ئون بەش فوت  بار بولۇپ گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى. باشقا يېشىل تىرىلىكلەرگە ئوخشاش بۇلارنىڭمۇ پۇت - قولىدىن ئىككىسى ئارتۇق ئىكەن.  ئارتۇق ئىككى قولى ئۇستىدىكى قولى بىلەن ئاستىدىكى پۇتىنىڭ ئوتتۇرلىقىغا جايلاشقان ئىكەن. ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقى يېقىن هەم تۆز بولۇپ، قۇلىقىنىڭ ئورنى ناهايىتى ئېگىز ئىكەن. ئېغىز- بۇرۇنلىرى ئادەم هەيران قالارلىق دەرىجىدە ئافرىقا ئادەمسىمان مايمۇنلىرىغا ئوخشايتتى. يىغىنچاقلىغاندا ئۇلار مارس ئادەملىرى بىلەن هەرگىز بىر ئۇرۇقتىن ئەمەستەك قىلاتتى.

تاش توقماق كۆتۈرۈۋالغان مەخلۇق ماڭا يېقىنلىشىپ كەلگەندە تۇيۇقسىز نازارەتچى ئىت دېرىزىدىن چاقماقتەك ئېتىلىپ كىرىپ مېنى ئۇرۇشقا تەمشەلگەن  مەخلۇقنىڭ مەيدىسىگە ئۆزىنى ئاتتى. مېنى دەسسەپ تۇرغان ئەبلەخ قورققىنىدىن جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىن سەكرەپ قېچىپ كەتتى. بۇ چاغدا مېنىڭ قوغدۇغۇچۇم بىلەن قېچىپ كەتكەن مەخلۇقنىڭ جۆرىسى ئۆزئارا تىركىشىۋاتاتتى. مېنىڭ سادىق مۇهاپىزەتچىمنى ئىت دەپ ئاتىغانلىقىمدىن ئەمدى خىجىللىق هېس قىلىشقا باشلىدىم. ئۇ ئۆزىدىن نەچچە هەسسە چوڭ دۈشمەنگە دۈچ كەلگەن ئىدى. مەن تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ تامغا يۆلىنىپ باشقىلار كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان بۇ

ئىككى مەخلۇقنىڭ دەھشەتلىك ئېلىشىشىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋاتاتتىم. ئۇلارنىڭ چاقىقانلىقى ۋە بىر ـ بىرىگە بولغان قەھرى ـ غەزىپىنى يەر شارىدىكىلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. مېنىڭ مەخلۇقۇم بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇمدىلا ئۈستۈنلىكنى ئىگەنلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرى مايمۇننىڭ مەيدىسىگە چوڭقۇر سانجىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئادەمسىمان مايمۇننىڭ كۈچلۈك مۇسكۇللىرى كېلەڭسىز قوللىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ مۇھاپىزەتچىمنىڭ بوينىدىن ئامبۇردەك قىسقان ئىدى. قارىماققا ئۇنى ئاستا ـ ئاستا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتاتتى. ئۇ يەنە كۈچلۈك قوللىرى بىلەن مۇھاپىزەتچىمنىڭ بويىنىنى قايرىپ كەينىگە تولغايتتى. مەن مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئۇنىڭغا خىيىم ـ خەتەر يېتىپ قىلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىدىم. مايمۇننىڭ كۆكرىكى ئېغىر زەخمە يېگەن بولۇپ كۈچەۋەرگەنلىكتىن ئاخىرى پۈتۈن مەيدىسى يىرتىلىپ كەتتى. ئۇلار ئىككىسى يەردە ئۇياقتىن بۇياققا دومىلايتتى، بىر ـ بىرىنى چىشلىشەتتى، ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى بىر بىرىگە سانجىيتتى، ئەمما ھېچقايىسىسى ئاغرىق ئازابىدىن ئاۋاز چىقارمايتتى. ئۇزاق ئۆتمەي مۇھاپىزەتچى ئىتنىڭ كۆز ئالمىسىنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن بۆرتۈپ چىققانلىقىنى، بۇرنىدىنمۇ قان ئېقىۋاتقانلىقىنى، ھالسىرىغانلىقىنى كۆردۈم. مايمۇنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ياخشى دېگىلى بولمايتتى ، ئۇمۇ سەكرات ئۈستىدە جان تالىشىۋاتاتتى.

مەن بىردىنلا سەگەكلىشىپ ئۆزۈمنىڭ شۇ چاغدا نېمە قىلىش كېرەكلىكىمنى دەرھال ھېس قىلدىم. قولۇمغا ياندا تاشلىنىپ تۇرغان تاش توقماقنى ئېلىپ يەرشارىلىقنىڭ بىلىكىدىكى كۈچنى يىغىپ كۆكتە پىقىرتىپ تۇرۇپ مايمۇننىڭ بېشىغا كۈچ بىلەن ئۇرۇپ ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇخۇم چاققاندەك يانجىپ تاشلىدىم. مەن بىر توقماق ئۇرۇپ بولۇپلا يېڭى بىر خەتەرگە دۇچ كەلگەنلىكىمنى تونۇپ يەتتىم. مايمۇننىڭ جۈرىسى بايىقى قورقۇنچتىن ئۆز ئەسلىگە كېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەنتى. ئىشىك ئالدىغا كېلىشىگىلا ئۇنىڭغا كۆزۈم چۈشتى . ئۇ جۈرىسىنىڭ يەردە ياتقان جەسىدىنى كۆرۈپ قورقۇنچلۇق ھۆركىرەپ ئىنتايىن ياۋۇز قىياپەتكە كىردى. مەن بۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن

دەھشەتلىك بىر قىسمەتنىڭ ماڭا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. چۈنكى بۇ رەقىبنى سەل چاغلاشقا بولمايتتى. كۈچ سېلىشتۇرمىسى ماڭا ئىنتايىن پايدىسىز بولسىمۇ نېمىلا بولسام بىر قېتىم تۇتۇشۇپ كۆرمەكچىمۇ بولدۇم. ئەمما بۇنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەت بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقى كۆزۈمگە ئېنىق كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. مەن دېرىزىنىڭ يېنىدا تۇراتتىم. كوچىغا چىقىپلا كەتسەم ئۇ مەخلۇق مېنى قوغلاپ يېتىشتىن بۇرۇن مەيدانغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئامان قالغىلى بولاتتى. شۇڭا بىخەتەر قېچىپ كېتىش پۇرسىتى يېتەرلىك ئىدى.

قولۇمدىكى توقماق بىلەن بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭغا زەربە بېرىپ بىر قولىنى ئۈزۈپ تاشلىيالمىدىم دېسەممۇ، ئەمما توقماقنى قايتۇرۇۋېلىش جەريانىدا ئۇ قالغان قوللىرىنى ئىشقا سېلىپ مېنى تامامەن يوقىتالايتتى. ئەگەر ئۇ توقماقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى بىلسە مەن ئۇنىڭغا ھېچقانچە زەربە بېرەلمەيلا ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە دۇچار بولاتتىم. بۇلارنى ئويلاۋېتىپ ئۆرۈلۈپلا دېرىزە تەرەپكە ماڭدىم. ئەمما مۇھاپىزەتچىمنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى كۆرۈپ قېچىش خىيالىمدىن بىراقلا ۋاز كەچتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەن ھالدا يەردە ئېغىر نەپەس ئېلىپ ياتاتتى. ئېنىقكى ئۇ مەندىن ياردەم تەلەپ قىلىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرىۋېرىشكە تاقەت قىلالماي دەرھال بىر قارارغا كەلدىم. دەرۋەقە ئۇ جان تىكىپ مېنى بىر قېتىم قۇتۇلدۇرغان ئىكەن، ئۇنى مۇنداقلا تاشلاپ قويۇپ كارىم بولمىسا بولمايدۇ.

مەن ئۆرۈلۈپلا مايمۇنغا قاراپ قەھرىم بىلەن ئېتىلدىم. ئۇ ماڭا يېقىن كېلىپ قالغاچقا توقماقنىڭ ئانچە كېرىكى يوق ئىدى. شۇڭا توقماقنى ئۇنىڭ كېلەڭسىز گەۋدىسىگە قارىتىپ ئاتتىم. تاش توقماق دەل ئۇنىڭ ئىككى تىزىنىڭ ئاستىغا تەگدى. مايمۇن سەت ئاۋاز چىقىرىپ تەڭپۇڭلىقىنى يوقاتقان ھالدا قوللىرىنى سوزۇپ ماڭا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى. مەن ئالدىنقى كۈندىكىگە ئوخشاش يەر شارى ئىستراتېگىيىسىنى قوللىنىپ ئوڭ مۇشتۇمنى كۈچەپ ئۇنىڭ ئېڭىگە شىلتىدىم ، ئارقىدىنلا سول مۇشتۇمنى تولۇق يۈرەك قەپىسىگە كۈچەپ ئۇردۇم. مۇشتلىرىمنىڭ زەربىسى بوش كەلمىدى. ئىككىنچى مۇشتنى ئاتقىنىمدا ئۇ پىرقىرىغان پېتى يەرگە يېقىلىپ ئاغرىق دەستىدىن تولغۇنۇپ

كەتتى. مەن پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەپچىللىك بىلەن سەكرەپ ئۆتتۈم ـ دە، تاش توقماقنى ئېلىپ ئۇ قايتا ئورنىدىن تۇرغىچە ئەجەللىك بىر زەربە بېرىپ جەڭنى ئاخىرلاشتۇردۇم. مەن توقماقنى كۆتۈرۈشۈمگە كەينىمدىن كۈلۈمسىرىگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ بۇرۇلۇپ قارىسام تارىس تاركاس، سولا ۋە يەنە بىر نەچچە رىتسار ئىشىكتە تۇرۇپتۇ. بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ئۇچراشقان ۋاقىتتا مەن ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا يەنە بىر قېتىم مۇيەسسەر بولدۇم.

سولا ئۇيغۇنۇپ مېنىڭ يوقلۇقۇمنى بايقاپ تارىس تاركاسقا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن تارىس تاركاس بىر قانچە رىتسارنى باشلاپ مېنى ئىزدەپتۇ. ئۇلار شەھەر ئەتراپىغا كەلگەندە ئاق رەڭلىك ئادەمسىمان مايمۇننىڭ بىنا ئىچىگە ئۇچقاندەك كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار مايمۇننىڭ كەينىدىن كېلىپ مەن بىلەن مايمۇن ئوتتۇرلۇقىدىكى قىسقا ھەم ھەل قىلغۇچلۇق ئېلىشىشنى كۆرۈپتۇ. بۇ قېتىمقى ئېلىشىش ھەم ئالدىنقى كۈنىدىكى مېنىڭ مارسلىقلار بىلەن بولغان ئېلىشىشىم ۋە سەكرەش ماھارىتىم، ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان ھۆرمىتىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزگەن ئىدى. گەرچە بۇ كىشىلەردە دوستلۇق، مېھرى ـ مۇھەببەت، كۆيۈنۈش روھى ئىنتايىن كەمچىل بولسىمۇ، ئەمما جىسمانىي قۇدرەتتىن ھاسىل بولغان قابىلىيەت ۋە باتۇرلۇققا يۈكسەك دەرىجىدە چوقۇنىدىكەن.

سولا مېنى ئىزلەشكە ئۆزلۈكىدىن قاتنىشىپتۇ. مەن ئېلىشىۋاتقان ۋاقىتتا پەقەت مۇشۇ ئاياللا مېنى مەسخىرە قىلمىدى، ئەكسىچە قىياپىتىدىن مەندىن ناھايىتى ئەنسىرىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. چىرايى ناھايىتى كەسكىن تۈس ئالغان ئىدى. جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا ئېتىلىپ كېلىپ ئۈستى ـ بېشىمغا ئىنچىكە سەپسېلىپ، يارىلانغان ـ يارىلانمىغانلىقىمغا قاراپ چىقتى . مېنىڭ ساق ـ سالامەت ئىكەنلىكىمنى كۆرگەندىن كېيىن مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىدى ھەم قولۇمدىن تارتىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. تارىس تاركاس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئىنتقا قاراپ بىردەم مۇنازىرىلەشتى. ئارقىدىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ماڭا قاراپ بىرنېمىلەرنى دېدى ھەم مېنىڭ چۈشەنمەيدىغانلىقىم يادىغا يېتىپ تارىس تاركاسنىڭ

ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا بىر نەچچە ئېغىز سۆزلەپ قول ئىشارىتى قىلدى. ئېنىقكى ، ئۇ بىر ئىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ ئىتقا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن كۆڭلۈم بىر خىل شۇملۇقنى سەزگەن ئىدى. شۇڭا ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىمىدىم. مېنىڭ پەرىزىم توغرا چىقتى، ھىلقى رىتسار يان قورالىنىڭ غىلىپىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئىتنى ئېتىۋېتىشكە تەمشەلدى. دەل مۇشۇنداق ھايات ـ ماماتلىق پەيتىدە مەن تېزلىك بىلەن سەكرەپ بېرىپ رىتسارنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدىم. ئېتىلغان ئوق دېرىزىدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. ئاندىن قورقۇمسىراپ تۇرغان ئىتنىڭ يېنىغا تىزلىنىپ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدۇم ھەم ئونىڭ كەينىمدىن مېڭىشىغا ئىشارەت قىلدىم. مېنىڭ ھەركىتىم مارسلىقلارنى قاتتىق ھەيران قالدۇرۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي بۇتتەك قېتىپ تۇرغان ھالىتى ناھايىتى كۈلكىلىك ئىدى. شۇنداق، ئۇلار مىننەتدارلىق ۋە ئىچ ئاغرىتىش ھەم دوستلۇقنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. مەن قۇرالىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ھىلقى رىتسار تارس تاركاسقا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. بىز مەيدانغا يېتىپ كەلدۇق. مېنىڭ مۇھاپىزەتچىم كەينىمدىن كۆلەڭگىدەك ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. سولا بىلىكىمدىن چىڭ تۇتۇۋالغان ئىدى.

ھازىر مېنىڭ مارستا ئاز دېگەندە ئىككى دوستۇم بار بولدى. بىرى ماڭا ئۆز ئانامدەك كۆيۈنۈپ كېلىۋاتقان ياش ئايال سولا، يەنى بىرى مۇھاپىزەتچى ئىت. مەن كېيىنچە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا مارستىكى باشقا بەش مىليون مارسلىقنىڭكىدىنمۇ كۆپ مېھرى ـ مۇھەببەت، سادىقلىق ۋە مىننەتدارلىقنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلدىم.

## يەتتىنچى باب

# مارستىكى بوۋاقلار خىزمىتى

ئەتىگەنلىك تاماق ئالدىنقى كۈنىدىكىگە ئوپمۇ ـ ئوخشاش بولۇپ، مەن مارسلىقلار بىلەن بىللە بولغان كۈنلەردە ھەر قېتىملىق تامىقىم شۇ بولدى. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن سولانىڭ ھەمراھلىقىدا مەيدانغا باردۇق. بۇ يەردە ھەممە ئادەم ئۈچ چاقلىق جەڭ ھارۋىسىنى گەۋدىسى ناھايىتى زور بىر ھايۋاننىڭ ئۈستىگە ئارتىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. مەيداندا ئالاھازەل 250 دانە جەڭ ھارۋىسى بولۇپ ھەر بىر جەڭ ھارۋىسىغا بىر ھايۋان سەپلەپ بېرىلگەن ئىكەن. بۇنچە زور ھايۋاننىڭ لىق يۈك بېسىلغان جەڭ ھارۋىسىنى سۆرەپ مېڭىشىغا گەپ كەتمەيتتى. جەڭ ھارۋىلىرى چوڭ ھەم كەڭ بولۇپ چىرايلىق زىننەتلەنگەن ئىدى. ھەر بىر جەڭ ھارۋىسىنىڭ ئىچىدە بىر ئايال مارسلىق ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېتالدىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىغان، ئۈنچە ـ مەرۋايىت ئارتقان، يىپەك ۋە يۇڭ تېرە بىلەن كىيىنگەن ئىدى. جەڭ ھارۋىسىنى سۆرەيدىغان ھەر بىر ھايۋاننىڭ دۈمبىسىدە بىردىن ياش مارسلىق ئولتۇراتتى. باشقا رىتسارلار مىنگەن ھايۋانلارغا ئوخشاش بۇ مەخلۇقنىڭمۇ كىشەن ـ چولۋۇرلىرى يوق بولۇپ، پۈتۈنلەي ھېسسىي ئالاقە بىلەن باشقۇرۇلىدىكەن. ئەجەبلىنەرلىكى يېرى، پۈتۈن مارسلىق بۇ خىل ئىقتىداردىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلىدىكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ تىلى ئاددىي، گەپ ـ سۆزى ئاز، سۆزلۈكلىرىمۇ كۆپ ئەمەسكەن. بۇ خىل ھېسسىي ئالاقە مارستىكى ئورتاق تىل بولۇپ، باشقا يەرگە ئوخشىمايدىغان بۇ غەلىتە دۇنيادا ئالىي دەرىجىلىك ھايۋان بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلار مۇشۇ خىل ئىقتىدارغا تايىنىپ ھەم ئۇنى ۋاستە قىلىپ بەلگىلىك دەرىجىدە پىكىر ئالماشتۇرىدىكەن. پىكىر ئالماشتۇرۇش دائىرىسى شۇ ھايۋاننىڭ بىلىم سەۋىيىسى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىش ئەھۋالىغا

قاراپ بولىدىكەن.

ئەترەت توغرىسىغا بىر قاتار تىزىلغان چاغدا سولا مېنى تارتىپ بىر بوش جەڭ هارۋىسىغا چىقاردى. بىز ئەترەت بىلەن بىللە ئالدىنقى كۈنى مەن شەھەرگە كىرگەن يولۇنۇشكە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. ئالدىمىزدا ئۈز ئاتلىرىغا مىنگەن ئىككى يۈزدەك رىتسار بەش ئادەم بىر رەتتىن بولۇپ تىزىلىپ كېتىۋاتاتتى. كەينىمىزدىمۇ ئوخشاش ساندىكى رىتسار ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئىككى تەرىپىمىزدە يەنە 250ـ300گىچە رىتسار بىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ كېتىۋاتاتتى. مېنىڭدىن باشقا ھەممە يېشىل تەنلىك مارسلىق تولۇق قوراللانغان بولۇپ ھەر بىر جەڭ ھارۋىسىنىڭ كەينىدە بىردىن مارس ئىتى يۈگرەپ كېلىۋاتاتتى. مېنىڭ ئىتىممۇ ئوخشاشلا كەينىمدە كېلىۋاتماقتا. ئەمەلىيەتتە بۇ سادىق ھەمراھ مەن مارستا تۇرغان ئون يىل ئىچىدە بىرەر قېتىممۇ مېنىڭدىن ئۈز مەيلىچە ئايرىلىپ باقمىدى. بىزنىڭ ئىلگىرلەش يولىمىز ئالدى بىلەن شەھەرنىڭ ئالدىدىكى كىچىك تاغ جىلغىسىدىن ئۆتۈپ ئاندىن تاغ تېزمىسىنى كېسىپ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈك دېڭىزنىڭ تېگىگە بېرىش ئىكەن. مەن ئىلگىرى ئۇ يەرگە بارغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا مەن مارسقا كەلگەن تۇنجى كۈنلا شۇ يەرگە دەسسىگەن ئىدىم. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تۇخۇم بېسىش ئۆيى سەپىرىمىزنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ئىدى. بىز دېڭىزنىڭ تېگىدىكى كەڭلىككە يېتىپ بارغاندا پۈتكۈل سەپ سۈرئىتىنى تېزلىتىپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن جەڭ ھارۋىلىرى ھەربىي قائىدە بويىچە قورشاۋ تامىنىڭ تۆت ئەتراپىدا توختىدى. قەبىلە ئاقساقىلى، تارس تاركاس ۋە باشقا مەنسەپدار كىچىك ئەمەلدارلار بولۇپ ئون رىتسار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ تۇخۇم بېسىش ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. مەن تارس تاركاسنىڭ ئاقساقالغا بىرنېمىلەرنى دېگەنلىكىنى كۆردۈم. كېيىن بىلسەم بۇ ئاقساقالنىڭ ئىسمى لوركاس پۈتومىل بولۇپ ئاقساقال دەپ ئاتاش بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئادىتى ئىكەن.

ئۇزاق ئۆتمەيلا مەن ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى چۈشەندىم. چۈنكى تارس تاركاس سولانى چاقىرىپ مېنى ئۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىشكە ئىشارەت قىلدى. مەن

ئالىدىغان مارستا يول مېڭىشىنىڭ مۇرەككەپ تېخنىكىلىرىنى ئۆگىنىۋالغان ئىدىم. شۇڭا ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇلار تۇرغان يەرگە، تۇخۇم بىسىش ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر قاراپلا خېلى كۆپ تۇخۇمنىڭ بىسىلىپ چىققانلىقىنى، ئۆيدە شۇ بىر نەچچە قورقۇنچلۇق مەخلۇق بولغاچقىلا ھاياتلىقىدىن بىشارەت بېرىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى ئۇچ ـ تۆت فوت بولۇپ، يېمەكلىك ئىزلەۋاتقان بولسا كېرەك تامنىڭ ئىچىدە توختىماستىن مېڭىپ يۈرەتتى. تارس تاركاس ئۆينىڭ ئۈستىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ماڭا «سەكرە» دەپ بۇيرۇق قىلدى. مەن ئۇنىڭ مېنىڭ سەكرەش ھۈنىرىمنى كۆرسىتىپ ئاقساقاللىنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويۇشنى ئويلىغانلىقىنى چۈشەندىم. مەن بۇ ماھارىتىمدىن ناھايىتى رازى ئىدىم. شۇڭا دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ بىرلا سەكرەپ تۇخۇم بىسىش ئۆيىدىن خېلى يىراقتا تۇرغان جەڭ ھارۋىسىنىڭ ئۈستىگە چۈشتۈم. مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن لوركاس پۈتومىل ماڭا غۇدۇرىغىنىچە بىرنېمىلەرنى سۆزلىدى. ئاندىن ئۆرۈلۈپ يېنىدىكى رىتسارلارغا تۇخۇم بىسىش ئۆيىنى كۆرسىتىپ بىرنېمىلەرنى دېدى . مارسلىقلار مېنىڭ تۇخۇم بىسىش ئۆيىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى تاماشا قىلىشىمغا رۇخسەت قىلدى. ئۇلار تۇخۇم بىسىش ئۆيىنىڭ تېمىدىن بىر تۆشۈك ئاچتى. بۇ تۆشۈكتىن ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان مارس باللىرى مېڭىپ چىقالايتتى. تۆشۈكنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاياللار ۋە يېشى كىچىكرەك ئوغۇل ـ قىز مارسلىقلار ئىككى رەت بولۇپ تىزىلدى. ئارقىدىنلا تۆشۈكتىن مارسلىق بوۋاق باللار خۇشال ـ خۇرام سەكرەشكىنىچە چىقىپ كېلىشتى . ئۇلار رەتنىڭ ئوتتۇرىدىن ئۆتۈپ يەنە بىر بېشىغا يېتىپ بارغاندا رەت ئاخىرىدىكى مارسلىق بوۋاق بالىنى ئېلىپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چىقىپ مارسلىق بوۋاق باللارنىڭ ھەممىسىنى ياش ئاياللار يېتىلىگىنىچە ئۆزلىرىنىڭ جەڭ ھارۋىسىغا ئېلىپ كېتىشتى. بۇ يېشىل تەنلىكلەرنىڭ يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان مارس باللىرىنى كۈتىۋېلىش مۇراسىمى ئىكەن. مەن بۇ مۇراسىمنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئادەملەر توپى ئىچىدىن سولانى تاپتىم. ئۇمۇ قولىدا قورقۇنچلۇق بىر جانلىقنى كۆتۈرگىنىچە جەڭ ھارۋىسىدا

تۇراتتى.

مارسلىقلارنىڭ كىيىنكى ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتىكى خىزمىتى پەقەتلا ئۇلارغا سۆزلەشنى، جەڭ قورالىرىنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگىتىش بولۇپ، بوۋاق بالىلار تۇغۇلغان بىرىنچى يىلىلا ئۇلارغا قورال تارقىتىلىپ بېرىلىدىكەن. ئۇلار تۇخۇم ئىچىدە بەش يىل تۇرغانلىقىدىن تۇخۇمدىن چىققاندا چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەممىسى يېتىلىپ پىشقان بولىدىكەن. بوۋاق بالىلار ئانىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىكەن ھەم ئانىلىرىمۇ بالىلىرىنىڭ، دادىسىنىڭ كىملىكىنى دەپ بېرەلمەيدىكەن. يېشىل تەنلىك مارسلىقلارنىڭ ئىچىدە بۇ خىل ھالەت قىلچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدىكەن. چۈنكى ئۇلاردا ئۇرۇقداشلىق، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت، مېھرىبانلىق مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بالىلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتكە ئورتاق تەۋە بولۇپ، تۇخۇم بېسىش ئۆيىدىن چىققاندا كىم قوبۇل قىلغان بولسا تەربىيىلەش ئىشىغىمۇ شۇ ئادەم مەسئۇل بولىدىكەن. ئۇلارنى بېقىۋالغان ئانىلىرىنىڭ بەزىسى تېخى تۇخۇم تۇغۇپ باقمىغان بولۇپ سولا شۇلارنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇ تۇخۇم تۇغۇشنى باشلىمىغان بولۇپ، تېخى بىر يىل ئالدىدا باشقا بىر ئايالنىڭ بالىسىنى بېقىپ تەربىيىلەپ چىقىپتۇ.

مېنىڭچە يولغا قويۇلغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغان بۇنداق قەبىھ تۈزۈم دەل يېڭى دۇنياغا كۆز ئاچقان مارسلىقلارنىڭ گۈزەل ھېسسىياتىنى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك جانلىقلاردىلا بولىدىغان ئىنسان تەبىئىتىنى يوقىتىشقا بىۋاسىتە سەۋەب بولۇۋاتاتتى. ئۇلار تۇغۇلۇشىدىنلا ئاتا ـ ئانىسىنى بىلمەيدۇ، ئاتا ـ ئانا مېھرىبانلىقىنى كۆرەلمەيدۇ، «ئائىلە» دېگەن ئۇقۇمدىن تېخىمۇ خەۋەرسىز. ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى پەقەتلا كېلەڭسىز گەۋدىسى ۋە ھەيۋىسىگە تايىنىپ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش، يەنە بىرى ئازاب چېكىشتىن ئىبارەت ئىككىلا يول. ئەگەر ئۇلارنىڭ جىسمىدا ھەرقانداق شەكىلدىكى زەخمىنىلىش ياكى كەمتۈكلۈك مەۋجۇت بولسا دەرھال ئۆلۈمگە مەھكۇم. بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپ بېشىدىن ئۆرغۈن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ئۇلار ئەزەلدىن بىر تامچە ياش تۆكۈپ باقمايدۇ.

مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم يېتىلىگەن مارسلىقلارنىڭ بالا مارسلىقلارغا قىلغان شەپقەتسىزلىكىنىڭ زورۇرىيتى يوق ياكى ئۇلارغا ئۆچمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىكەن دېگەنلىكىم ئەمەس. ئۇلارنىڭ شەپقەتسىزلىكى ھالاك بولۇۋاتقان پىلانىتىدا ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى مارستىكى تەبئى مەنبە، تەبئى بايلىق خوراپ شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، دۇنياغا كەلگەن ھەر بىر جانلىقنى بېقىشنىڭ ئۆزى بۇ جانلىق قوشۇلغان جەمئىيەتنىڭ يۈكىنىڭ يەنىمۇ ئېغىرلىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. چۈنكى يېڭى قوشۇلغان ئەزا ئۈچۈن يېمەكلىك ، سۇ، ھاۋا بولمىسا بولمايتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مارستا ئىنتايىن ئەتىۋارلىق نەرسىلەر بولۇپ ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدىكەن.

قۇرامىغا يەتكەن ھەر بىر مارسلىق ئايال بىر يىلدا ئون ئۈچ دانە تۇخۇم تۇغىدىكەن. چوڭ ـ كىچىكلىكى، ماسسىسى، ئېغىرلىق كۈچى ئالاھىدە ئۆلچەمگە يەتكەن تۇخۇملار مەلۇم بىر مەخپىي يەر ئاستى ئۆيىدە ساقلىنىدىكەن. بۇ ئۆيلەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ تۇخۇم بىسىلمايدىكەن. بۇ تۇخۇملارنى ھەر يىلى يىگىرمە نەپەر ئاقساقالدىن تەشكىللەنگەن كومىتېت ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەخمىنەن يۈزدەك تۇخۇمنى تاللىۋالغاندىن كېيىن قالغانلىرىنى چېقىپ تاشلايدىكەن. يەنە بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەڭ مۇكەممەل دەپ قارالغان بەش يۈز دانە تۇخۇم نەچچە مىڭ دانە تۇخۇم ئىچىدىن  تاللاپ چىقىلىدىكەن. تاللاپ چىقىلغان تۇخۇملار شامال ئۆتنۈشمەيدىغان ھىم ئۆيلەرگە قويۇلغاندىن كېيىن قۇياش نۇرىدىن پايدىلىنىپ بېسىلىدىكەن. بۈگۈن ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن جەريان يېتەرلىك دەرىجىدە ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە بولۇپ، تاشلىۋېتىلگەن تۇخۇملار ئىچىدىكى تەخمىنەن يۈزدىن بىر پىرسەنت تۇخۇمدىن ئىككى كۈندىن كېيىن بوۋاق بالا چىقىدىكەن. ئەمما مارسلىقلار ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەمدى كېرىكى قالمىغان ئىدى.

تۇخۇم بېسىش ئۆيى يىراق يەردىكى خىلۋەت ئورۇنغا پۇختا ياسالغان بولۇپ، باشقا قەبىلىلەرنىڭ بايقاپ قىلىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى كىچىك ئىكەن. ئەگەر باشقا قەبىلىلەر تەرىپىدىن بايقاپ قىلىنسا بۇ  شۇ جەمئىيەتنىڭ بۇندىن كېيىنكى بەش يىل

جەريانىدا بالىسىز قالىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن. چۈنكى باشقا يېشىل تەنلىك قەبىلىلەر تۇخۇم بېسىش ئۆيىنى بايقاپلا قالسا بىر ئامال قىلىپ بۇزۇپ كىرىپ تۇخۇملارنى پۇتۇنلەي ۋەيران قىلىپ تاشلايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆز - ئارا ئۆچمەنلىكىنىڭ چەكسىزلىكىنى تىل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن ئىكەن.

مېنىڭ تەقدىرىم باغلانغان يېشىل تەنلىك مارسلىقلار بۇ جەمئىييەتنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ ئاھالە ئوتتۇز مىڭدەك مارسلىق بار ئىدى. ئۇلار چوڭ بىر پارچە قۇرغاق ياكى يېرىم قۇرغاق تۇپراقتا ھايات كەچۈرۈۋاتقان بولۇپ، جەنۇبىي كەڭلىك 40 گرادۇستىن 80 گرادۇسقىچە بولغان كەڭ زېمىن ئىكەن. شەرق ۋە غەرب تەرەپ چېگرىسىدا ئىككى پارچە مۇنبەت تۇپراق بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ باش شتابى بۇ رايوننىڭ تۆت بۇرجىكىگە جايلاشقان بولۇپ ئاتالمىش مارس قانىلى كېسىشكەن جايغا يېقىن ئىكەن. تۇخۇم بېسىش ئۆيى ئۇلار تۇرىۋاتقان زېمىننىڭ ئادەمسىز يېرىگە ھەم باشقىلار ئاسانلىقچە يېقىن يوللىمايدىغان ھەم بارالمايدىغان جايغا سېلىنغان ئىكەن. سۇلانىڭ دېيىشىچە ئالدىمىزدىكى مەنزىل ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، سەپەر جەريانىدا نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقى، مېنى قانداق قىسمەتلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن قىلچىلىك خەۋەرسىز ئىدىم.

بىز ئۆلۈك شەھەرگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن مەن بىر نەچچە كۈننى بوش ئۆتكۈزدۈم. بىز قايتىپ كېلىپ ئىككىنچى كۈنى بارلىق رىتسارلار ئاتلىرىغا مىنىشىپ كەتكىنىچە تاكى كۈن قارايغاندا ئاندىن يېنىپ كېلىشتى . كېيىن بىلسەم ئۇلار تۇخۇم يوشۇرۇنغان يەر ئاستى ئۆيىگە بېرىپ تاللانغان تۇخۇملارنى تۇخۇم بېسىش ئۆيىگە يۆتكەپ بولغاندىن كېيىن ئۆينى پېچەتلەپ بولۇپ قايتىپ كەلگەن ئىكەن. بەش يىلغىچە بۇ يەرگە ھېچكىم قەدەم باسمايدىغان. يۆتكەشتىن ئىلگىرى تۇخۇملارنىڭ ھەممىسى تۇخۇم بېسىش ئۆيىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ناھايىتى يىراق بىر جايغا سېلىنغان مەخپىي يەر ئاستى ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويۇلىدىكەن. ھەر يىلى يىگىرمە نەپەر ئەزادىن تەشكىللەنگەن كومىتېت بۇ يەرگە كېلىدىكەن. تۇخۇملارنى نېمە ئۈچۈن تۇخۇم

باسىدىغان ئۆيگە يېقىن ئورۇنغا يوشۇرمايدىغىنى ماڭا ناھايىتى سىرلىق تۇيۇلدى. بۇ ئىشنى يەر شارى ئادەملىرىنىڭ ئاددىي خۇلاسىسى ياكى تەپەككۇرى بىلەن چۈشەنگىلى بولمايتتى.

ھازىر سولانىڭ ئىككى ۋەزىپىسى بار بولدى. بىرى ئەمدىلا دۇنياغا كەلگەن مارسلىق بالىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ، يەنە بىرى مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىش. ئەمما بىز ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتىنى ئالمايتتۇق. مەن ۋە مارسلىق بالا مارسلىقلارنىڭ تەربىيىلەش ئۆلچىمى بويىچە ھەممىنى نۆلدىن باشلايدىغان بولغاچقا سولا بىزنى بىللە تەربىيىلەشكە باشلىدى. سولاغا تەۋە بولغان مارسلىق بالا بىر ئوغۇل بالا بولۇپ ، ئېگىزلىكى تۆت فوت ، قەددى ـ قامەتلىك ھەم نۇقسانسىز ئىدى، ئۇنىڭ ئىلگىرىلىشى ناھايىتى تېز بولدى. مەن ئىلگىرى ئېيتىپ ئۆتكەندەك مارسلىقلارنىڭ تىلى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن مەن ئېھتىياجلىق بولغان ئىشلارنى ۋە مەقسىتىمنى باشقىلارغا ئۇقتۇرالايدىغان بولدۇم شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقىلارنىڭ ماڭا دېگەنلىرىنى ئاساسەن چۈشىنەلەيدىغان دەرىجىگە يەتتىم. ئوخشاشلا سولانىڭ يېتەكچىلىكىدە مەن ھېسسىي ئالاقە قابىلىيىتىنى يېتىلدۈردۈم ھەم ناھايىتى تېزلا بەلگىلىك دەرىجىگە كۆتۈردۈم. شۇڭا ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەتراپىمدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى سېزالايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتىم.

سولانى ئەڭ ھەيران قالدۇرغىنىم شۇكى مەن ئاسانلا يېنىمدىكى ئادەمنىڭ ھېسسىي ئالاقە ئۇچۇرىنى قوبۇل قىلالايتتىم. شۇنداقلا دائىم مارسلىقلار ماڭا بىلدۈرۈشنى خالىمايدىغان چاغلاردا شۇنداق بولاتتى. ئەمما ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ھېچكىم مېنىڭ ھېسسىي ئۇچۇر ئالاقەمنى خالىغانچە قوبۇل قىلالمايتتى ھەم بىرەر ئۇچۇرغا ئېرىشەلمەيتتى. مەن باشتا بۇنىڭدىن زېرىككەن بولسامۇ ئەمما كېيىن بۇخىل ئالاھىدىلىكىمدىن خۇشال بولدۇم. چۈنكى ئۇ شەك ـ شۈبھىسىز مېنىڭ مارسلىقلاردىن يۇقىرى تۇرۇشۇمغا، تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈشۈمگە پايدىلىق ئىدى.

## سەككىزىنچى باب

# بوشلۇقتىن تۇتۇپ كېلىنگەن ساھىبجامال ئەسىر

تۇخۇم بېسىش مۇراسىمى ئاخىرلىشىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن بىز ئۆيگە قايتىشقا تەرەددۇتلەندۇق. لېكىن ئەترەت ئەمدىلا شەھەرنىڭ ئالدىدىكى ئوچۇقچىلىققا كەلگەندە دەرھال تارقىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلدى. مارسلىقلار دەرھال تۇمانغا ئوخشاش تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىشقا باشلىدى ھەم ئەتراپتىكى ئەڭ يېقىن بىنالارنىڭ دەرۋازىسىغا ئۆزىنى ئېتىشتى. ئۈچ مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىتتا بارلىق جەڭ ھارۋىسى ، گىگانت مەخلۇق ۋە ئاتلىق رىتسارلارنىڭ ھەممىسى كۆزدىن غايىب بولدى. مەن سولا بىلەن ئودۇلمىزدىكى بىر ئىمارەتنىڭ ئىچىگە، يەنى مەن ئادەمسىمان مايمۇنغا يولۇققان ئىمارەتنىڭ ئىچىگە كىرۋالدۇق. نېمە سەۋەبتىن بۇنداق جىددىي چېكىنگەنلىكىمىزنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە ئالدىراپ بىنانىڭ ئىچىدىن مېڭىپ دېرىزىگە كېلىپ سىرتقا قاراپلا تۇيۇقسىز يوشۇرۇنىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندىم.

بىر دانە ئۇزۇن ھەم تار كۆكۈچ ئۇچار كېمە بىزگە ئەڭ يېقىن تاغ چوققىسىدىن ئىغاڭلىغىنىچە ئاستا ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئارقىدىنلا ئىككىنچىسى، ئۈچىنچىسى ، تۆتىنچىسى بولۇپ جەمئىي يىگىرمە دانە ئۇچار كېمە ئىغاڭلىغىنىچە يەر يۈزىنى بويلاپ پەس ئۇچۇپ بىزگە يېقىنلاشقا باشلىدى. ھەر بىر ئۇچار كېمىدە غەلىتە بىر بايراقنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن ، باش تەرىپىگە يەنى بىرخىل غەيرى بەلگە سىزىلغان بولۇپ، قوياش نۇرىدا يالت ـ يۇلت قىلىپ پارقىرايتتى. ئارىلىقىمىز شۇنچە يىراق بولسىمۇ بۇلارنى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى. مەن ئۇچار كېمىدە نۇرغۇن ئادەم بارلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ بىزنى بايقىغان ـ بايقىمىغانلىقىغا بىر نەرسە دېمەك تەس ئىدى. بەلكىم ئۇلار مۇشۇ

جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن ئۇچار كېمىدىكىلەر بىزنىڭ قوپاللىق بىلەن قارىشى ئېلىشىمىزغا ئۇچرىدى. چۈنكى يېشىل تەنلىك مارسلىقلار ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەيلا ئۇچار كېمىلەرگە قارىتىپ تۈيۈقسىز شىددەت بىلەن ئوت ئېچىشقا باشلىدى. ئۇچار كېمە چوڭ ئەترىتى تاغ جىلغىسىنى توغرىسىغا كېسىپ ھېچقانداق تەييارلىقسىز كىتىۋاتقاچقا ئوقنىڭ ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى.

ئەڭ ئالدىدىكى كېمە دەرھال يان تەرىپىنى بىزگە توغرىلاپ ئوت كۈچى بىلەن بىزگە جاۋاب قايتۇردى. ئارقىدىنلا 180 گرادۇس بۇرۇلۇپ يەنە بىر تەرىپىنى توغرىلاپ ئوت ئاچتى. باشقا كېمىلەرمۇ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىپ ئېتىشقا مۇۋاپىق جايغا كەلگەندە بىزگە ئوت ئېچىشقا باشلىدى. بىز تەرەپنىڭ ئوت كۈچى ئاجىزلاپ قالمىدى. مەن ئەزەلدىن نىشانغا بۇنداق توغرا تەگكۈزۈشنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم، ھەر بىر پاي ئوق ئېتىلغاندا كېمىدىكى بىر ئادەم يەر چىشلەيتتى. كېمىنىڭ ئوت كۈچى ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمىدى، چۈنكى بىز تۈيۈقسىز زەربە بەرگەندە كېمىدىكىلەر تەييارلىقسىز ئەھۋالدا تۇرغاچقا بىزنىڭ نىشانغا توغرا تەگكۈزۈشىمىزدىن ئۆزىنى قاچۇرالمايتتى. بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇم يىگىرمە مىنۇت داۋاملاشقاندىن كىيىن كېلەڭسىز كېمە ئەترىتى ئىنغاڭلىغىنىچە كەلگەن يۆنىلىشكە قاراپ ئۇچۇپ يىراقلاپ كەتتى. زەخىملەنگەن بىر نەچچە كېمىنىڭ ئېتىشى پۈتۈنلەي توختىغان بولۇپ جىنىنىڭ بىرىچە قىچىشقا تىرىشاتتى. رىتسارلار بىنانىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ چىكىنىۋاتقان كېمە توپىغا داۋاملىق شىددەت بىلەن ئېتىشقا باشلىدى. كېمىلەر ئاخىرى بىر- بىرلەپ يىراقتىكى تاغنىڭ چوققىسىدا تۈيۈقسىز غايىب بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇچالمايدىغان بىرلا كېمە قالدى. بۇ كېمە ئوت كۈچىنىڭ مەركىزىي نىشانى بولغاچقا بىرمۇ جانلىق ھايات قالمىغان، كېمە پالۋىسىدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئاستا - ئاستا ئۇچۇش يولىدىن يىراقلىشىپ پولاڭلىغىنىچە بىچارە قىياپىتىنى چىقىرىپ بىز تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. بىز تەرەپ ئېتىشنى دەرھال توختاتتى. كېمە كونتروللۇقنى يوقاتقان بولۇپ ھېچقانداق ھۇجۇم

ئىقتىدارى قالمىغان، قىچىپ كېتىشكە ماغدۇرى يەتمەيتتى.

كېمە ئۇچۇپ شەھەرگە يېقىنلاشقاندا رىتسارلار مەيدانغا يۈگرەپ چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالدى. كېمە تەخمىنەن ئەللىك فوت ئېگىزلىكتە لەيلەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن يەردە تەخمىنەن يۈزدەك يېشىل تەنلىك رىتسار ئەگىشىپ كەلمەكتە. يەنە بىر تۈركۈم رىتسار بۇيرۇق بويىچە بىنانىڭ ئۈگزىسىگە چىقىپ قايتىپ كېلىش ئېھتىماللىقى بولغان كېمە ئەترىتىگە زەربە بېرىشكە تەييارلىق كۆردى. زەخمە يېگەن ئۇچار كېمە ئىستىھكامىمىزنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى بىر ئىنگلىز ملى يىراقلىقتىكى بىرنەچچە بىنا تەرەپكە قاراپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ بىنالارغا سوقۇلۇپ كېتىش ئېھتىمالى زور ئىدى. بىر نەچچە رىتسار ئاتلىرىنى جېنىنىڭ بېرىچە چاپتۇرۇپ كېلىپ كېمە سوقۇلماقچى بولغان بىنانىڭ ئالدىدا ئاتلىرىدىن چۈشۈپ دەرۋازىدىن ئۇچقاندەك كىرىپ كەتتى.  كېمە بىناغا سوقۇلۇشتىن بۇرۇن مارس رىتسارلىرى بىنانىڭ دېرىزىلىرىدىن گەۋدىلىرىنى چىقىرىپ ئۇزۇن نەيزىسى بىلەن سوقۇلۇش زەربىسىنى ئاجىزلىتىشقا ئورۇندىن .  ئۇزاق ئۆتمەي يەنە كېمىنى ئىلىدىغان ئىلمەكلىرىنى تاشلىشىپ كېمىنى يەر يۈزىگە تارتىپ چۈشۈردى. كېمە مۇقىملاشقاندىن كېيىن ئۇلار قىستىلاشقىنىچە كېمىنىڭ ئىچىگە كىرىپ باشتىن ـ ئاخىر تىنتىپ چىقتى. مەن ئۇلارنىڭ كېمىدە كېمە خادىملىرىنىڭ ئۆلگەن ـئۆلمىگەنلىكىنى، ھايات قالغانلىرى بار- يوقلىقىنى تەكشۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇلار يەنە كېمىدىن ھايات قالغان بىر ئادەمنى سۆرەپ چۈشتى. بۇ ئادەمنىڭ ئېگىزلىكى مارسلىقلارنىڭ يېرىمىغا كەلمەيتتى. مەن بالكوندا تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىككى پۇتىغا تايىنىپ تىك تۇرغانلىقىنى ھەم ماڭغانلىقىنى كۆردۈم. يىراقتىن قارىغاندا ئۇنىڭ سىرتقى قياپىتى يېشىل تەنلىكلەردىن كۆپ پەرق قىلاتتى. ئۇنىڭ مارستىكى مەن بىلمەيدىغان يەنى بىر يېڭى جانلىق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم.

ئارقىدىن مەن رىتسارلارنىڭ ئەسىرنى يەر يۈزىگە چۈشۈرگەندىن كېيىن كېمىدىكى نەرسىلەرنى تەشكىللىك تالان ـ تاراج قىلىۋاتقانلىقىنى،  بىر قانچە جەڭ ھارۋىسىنى ئىشقا سېلىپ جەڭ غەنىيمەتلىرىنى توشۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.  جەڭ

غەنىيمەتلىرى قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورا، تاۋار- دۇردۇن، يۇڭلۇق تېرە، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، نەپىس ئويۇلغان تاش قورال، يەنە قاتتىق ھالەتتىكى يېمەكلىك ۋە سويۇقلۇق، نۇرغۇن باك سۇ قاتارلىقلار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن مارسقا كېلىپ بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتاتتىم. ئەڭ ئاخىرقى بىر جەڭ ھارۋىسىدىكى غەنىيمەتلەر توشۇلۇپ بولغاندىن كېيىن رىتسارلار كېمىگە چاپلىشىپ نەچچە رەت تىزىلىپ ئۇنى غەربى جەنۇپ تەرەپكە ئىتتىرىپ ماڭدى. ئارقىدىن بىر نەچچە رىتسار كېمىگە چىقىپ ئالدىراش ـ تېنەش شەكىلى ھەر خىل بوتولكىلاردىكى بىرنەرسىنى جەسەتلەرنىڭ ئۈستىگە ۋە كېمىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا تۆككىلى تۇردى. بۇ ھەرىكەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كېمىدىن ئەڭ ئاخىرىدا چۈشكەن بىر رىتسار يېنىدىن بىر نەرسىنى چىقىرىپ كېمە ئىچىگە تاشلىدى. ئۇ بىردەم ساقلاپ كېمىگە تاشلىغان نەرسە پارتلاپ قويۇق ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىنلا كېمىدىن سەكرەپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار كىمنى مۇقۇملاشتۇرغان ئارقانلارنى يېشىۋەتتى. كېمە بۇرۇنقىدىن كۆپ يېنىكلەپ كەتكەچكە تېزلا بوشلۇققا كۆتۈرۈلۈپ ۋىژىلداپ كۆيۈۋاتقان بىر توپ ئوت شارىغىلا ئوخشاپ قالدى. كېمە ئاستا ـ ئاستا غەربى جەنۇپ تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. مەن بىنانىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇنى كۆزۈتۈپ تۇردۇم. ئۇ مارسنىڭ تەنھا ئاسمىنىنى كېسىپ ئۆتۈپ نىشانسىز، ئادەمسىز لەيلەپ ئاخىرى يوقاپ كەتتى. بۇ مەنزىرە كىشىگە ناھايىتى قورقۇنچلۇق تۇيۇلاتتى. ھالاكەتكە يولۇققان ۋە يوقۇتۇلۇش قىسمىتىگە دۇچار بولغان بۇ تاشلاندۇق كېمە ئەسلى بىر تىرىك ھاياتلىقنىڭ سىمۋۇلى بولۇپ، تەقدىر ئۇنى رەھىمسىز، ياۋۇز رەقىبىنىڭ قولىغا تاشلىغان ئىدى.

مەن ئۈنۈم ئىچىمگە چۈشكەن ھالدا ئاستا قايتىپ چۈشتۈم. مىنىڭ بۇنداق جىمغۇر بولۇپ قىلىشىمنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايتتى. قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ھېلىقى مەن بىلمەيدىغان دۈشمەنگە نىسبەتەن غەيرى بىر خىل ھېسداشلىق تۇيغۇسى بارلىقنى تويدۇم. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئىچىمدىن شۇنداق بىر ئىستەك تۇغۇلدىكى ، مەن ئۇچار كېمە ئەترىتىنىڭ قايتىپ كېلىپ بۇ يېشىل تەنلىكلەرنىڭ ئۇلارغا

ۋەھشىيلەرچە زەربە بەرگەنلىكى ئۈچۈن ھېساب ئېلىشنى ئۈمىد قىلدىم. كەينىمدىن بىر قەدەممۇ قالماي كېلىۋاتقىنى پەقەت ھىلقى ئىت بولۇپ ئۇ ماڭا ئەگىشىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان ئىدى. مەن كوچىغا چىققاندا سولا ئالدىمغا يۈگۈرەپ كەلدى، قارىغاندا ئۇنىڭ ئىزدەش نىشانىغا ئايلىنىپ قالغان بولسام كېرەك. بۇ چاغدا ئەترەت مەيدانىغا قايتىۋاتاتتى. ھەممىلا رىتسارنىڭ چىرايىدىن بۇ قېتىمقى غەلىبىسىدىن چەكسىز ھۇزۇرلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىخەتەرلىك كۆزدە تۇتۇلۇپ بۇ كۈنى ئۆيگە قايتىش يۈرۈشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

لوركاس پۇتومىل ناھايىتى زېرەك پېشقەدەم رىتسار بولۇپ، ئۇ باشلاپ كىتۋاتقان ئەترەتنىڭ ئوچۇقچىلىقتا دۈشمەنلەر تەرىپىدىن بايقىلىپ قىلىشىغا رۇخسەت قىلمايتتى. شۇڭا بىز تاشلاندۇق شەھەردە ساقلاپ تۇرۇپ خەتەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كىيىن ئاندىن يولغا چىقماقچى بولدۇق.

مەن سولا بىلەن مەيدانىغا كىرگەندە كۆز ئالدىمدىكى مەنزىرە مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ئۈمىد، تەشۋىش، زىيادە خۇشال بولۇش ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن ئىبارەت گادىرماچ ھېسسىياتلارغا باشلاپ كىردى. ئەمما ئەڭ مۇھىم بولغىنى بىر خىل نازۇك بولغان كۆڭۈل ئارامى ۋە بەخت تۇيغۇسى بولدى. چۈنكى بىز مارسلىقلارنىڭ تويپى ئىچىگە كىرگەندە ئۇچار كېمىدىن تۇتۇۋېلىنغان ھىلقى ئەسىرنى كۆردۈم. ئۇ بىر نەچچە مارسلىق ئايالنىڭ قوپال سىلكىشلىرى بىلەن ئەتراپتىكى چوڭ بىر بىنانىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىلدى.

مېنىڭ كۆرگىنىم بىر كېلىشكەن زىلۋا قىزنىڭ ئوبرازى بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى جەھەتلەردىن مەن ئۆتمۈشتە كۆرگەن يەرشارى ئادەملىرىگە ئوخشايتتى. باشتا ئۇ ماڭا دىققەت قىلمىدى، ئەمما بىنانىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگىچە ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلانغان كامېرغا كىرگۈچە بولغان پەيتتە بۇرۇلۇشىغا ئۇنىڭ كۆزلىرى مېنىڭ كۆزۈم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ يۈزى غاز تۇخۇمى شەكلىدە بولۇپ ناھايىتى ساھىبجامال ئىدى. بەش ئەزاسى خۇددى ئۇستا ھەيكەلتىراشنىڭ تىپىك ئەسىرى بولۇپ ناھايىتى نەپىس ، كۆزلىرى چوڭ ھەم نۇرلۇق، چېچى قارا رەڭدە بۇدۇرە

بولۇپ ئەركىن قويۇۋېتىلگەن ، ئۆزگىچە چاچ پاسونىنى ھاسىل قىلغان ئىدى. تېرىسى قىزغۇچ مىس رەڭگىدە بولۇپ قىزىل نۇر ئۇرغۇپ تۇرغان جۇپ مەڭزى بىلەن چىرايلىق لەۋلىرىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ لىۋىدىن كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان قىزىل مەرۋايىتتەك يارقىن نۇر چىقىپ تۇراتتى. ئۇمۇ مارىس ئاياللىرىغا ئوخشاش نەپىس ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە ئارتمىغان، قىپيالىڭاچ ئىدى. ھېچقانداق بىر كىيىممۇ ئونىڭ كېلىشكەن فىگورىسىنىڭ گۈزەللىكىنى يەنىمۇ ئاشۇرالمايتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇ مۇكەممەل بىر گۈزەل سەنئەت ئەسىرى ئىدى.

ئۇ مېنى كۆرگەن ۋاقتتا ھەيرانلىقىدىن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ باغلانمىغان قولى بىلەن ماڭا ئىشارەت قىلدى. ئەلۋەتتە ، مەن بۇ قول ئىشارىسىنى چۈشەنمەيتتىم. بىز ئۆزئارا بىردەم تىكىلىپ تۇردۇق. ئونىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتكەن ئۈمىد ۋە باتۇرلۇق بىردەمدىلا ئۈمىدسىزلىك، نەپرەت ۋە بىپەرۋالىق قىياپىتىگە ئايلاندى. مەن، بۇنى مېنىڭ ئونىڭ ئىشارىسىگە جاۋاب قايتۇرمىغانلىقىمدىن بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن مارسلىقلارنىڭ ئادىتىنى چۈشەنمىسەممۇ ئەمما بىۋاستە سەزگۈمگە تايىنىپ ئونىڭ ئىشارىسىنىڭ مېنىڭدىن ياردەم ۋە قوغداشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى بىلدىم. بەختكە قارشى مەن قول ئىشارىسىنى چۈشەنمىگەچكە جاۋاب قايتۇرۇشقا ئامالسىز قالدىم. كىيىن ئۇ كامېرا ئۆيگە سولاپ قويۇلدى، مەنمۇ ئۇنى قايتا كۆرەلمىدىم.

## توققۇزىنچى باب

# مارس تىلىنى ئۆگىنىش

مەن تۇيۇقسىز يېنىمدا سولانىڭ بارلىقىنى ئويلىدىم، ئۇ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ قىلچە ئىپادىسىز چىرايىدا بىرخىل غەلىتە ئىپادىنىڭ ئەكس ئەتكەنلىكىنى بايقىدىم. ئونىڭ نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتقانلىقىدىن مەن قىلچىلىك خەۋەرسىز، چۈنكى تا ھازىرغىچە پەقەت ئىنتايىن ئازبىر قىسىم تۇرمۇشتىلا ئىشلىتىلىدىغان مارس تىلىنىلا ئۆگەنگەنىدىم.

مەن بىز ئۇرۇۋاتقان بىنانىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر غەيرى ئىشنى كۆردۈم. بىر رىتسار زىنىنەت بۇيۇملىرى، قورال ـ ياراق كۆتۈرگىنىچە مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى. ئۇ بۇ نەرسىلەرنى ماڭا تاپشۇرغاندىن كېيىن مەن بىلمەيدىغان تىلدا بىرنېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن تەھدىت سالغاندەك پوزىتسىيە بىلدۈردى. كېيىن سولا باشقا ئاياللارنىڭ ياردىمىدە ماڭا ماس كېلىدىغان زىبۇ ـ زىنىنەت بۇيۇملىرىنى قايتىدىن ياساپ چىقتى. بۇ خىزمەتلەر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەن جەڭ قىلىشقا ماس كېلىدىغان كىيىملەرنى كىيىپ ھەممىلا يەردە مېڭىپ يۈردۈم. كېيىن سولا يەنە ماڭا تۈرلۈك قورال ـياراقلارنىڭ سىرىنى  بىلدۈردى. مەن ھەر كۈنى نەچچە سائەتلەپ ياش مارسلىقلار بىلەن مەيداندا مەشىق قوبۇل قىلدىم. گەرچە ھەممە قورالنى پىششىق بىلمىسەممۇ ئەمما ئىشلىتىلىشى ئۆگىنىۋالدىم.  يەر شارىدىكى قوراللار بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان قوراللارنى ئۆگىنىشىم ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. مەن ۋە مارسلىق ياشلارغا ئاياللار يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتى. ئۇلار ھۇجۇم ۋە مۇداپىئە قىلىش تېخنىكىسىنى ئەستايىدىل ئۆگەتكەندىن سىرت يەنە ماھىر ئۇستىلاردىن ئىدى. ئۇلار

پارتلاتقۇچ دورا، ئوق ۋە كۆيدۈرگۈچ بومبىلارنى ياسايتتى. ئەمەلىيەتتە قىممىتى بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى ئايالىلار ياسايتتى. ئۇرۇش بولىۋاتقان مەزگىلدە ئۇلار زاپاس قىسىمنىڭ بىر بۆلىكى قاتارىدا تەرتىپكە سېلىنىپ، جەڭگە ئېھتىياجلىق بولغاندا ئەرلەردىنمۇ ماھىر، چەبدەسلىك بىلەن جەڭگە كىرەلەيتتى.

ئەرلەر بولسا جەڭ ماھارىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى بويىچە مەشقلەنگەن بولۇپ، ئىستراتېگىيە ۋە قىسىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىدى. ئۇلار قانۇنغا ئېھتىياجلىق بولغاندا قانۇن تۈزەتتى، ھەر بىر قېتىم جىددىي ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە بىر يېڭى قانۇن تۈزۈپ چىقاتتى. ئۇلار قانۇن تۈزگەندە ئالدىنقىلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايتتى. بۇ ئادەت ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد قايتىلىنىپ داۋاملىق كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈلىدىكەن. گەرچە قانۇن بولسىمۇ، ئەمما مەلۇم بىر خىل ئادەتكە خىلاپلىق قىلىشنىڭ جازاسى، جىنايەتچى بىلەن ئوخشاش ئادەملەردىن تەشكىللەنگەن زاسېداتېل ئۆمىكى ئارقىلىق ئايرىم ئىجرا قىلىنىدىكەن. مارسلىقلارنىڭ سوتنى ئادىل دېيىشكە بولاتتى، ئۇلار ھۆكۈم چىقىرىشتا ئاساسەن قانۇنغا تايانمايدىكەن. ئاز دېگەندىمۇ بىر نۇقتىدىن قارىغاندا مارسلىقلار ناھايىتى تەلەيلىك مىللەت بولۇپ ئۇلاردا ئەزەلدىن ئادۋۇكات بولمايدىكەن.

مەن شۇ كۈنىدىن كېيىن ھىلقى ئەسىرنى نەچچە كۈنگىچە كۆرمىدىم. كېيىن ئايالىلار ئۇنى باشلاپ مەن دەسلەپ قەبىلە ئاقساقىلى بىلەن كۆرۈشكەن ھىلقى زالغا ئېلىپ كىرگەندە ئاندىن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. مەن ئۇنىڭغا قارايدىغان قاراۋۇلنىڭ ئۇنىڭغا زىيادە قوپاللىق ۋە ياۋايىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدىم. بۇ مۇئامىلە بىلەن سولانىڭ ماڭا قىلىۋاتقان ئانىلاردەك مېھرىبانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار ئىدى. مەن بۇ ئەسىرنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن چېغىمدا ئۇنىڭ قاراۋۇللار بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئورتاق بىر خىل تىل ئىشلىتىدىغانلىقىنى ياكى بولمىسا ئاز دېگەندە بىر خىل ئورتاق تىلنى ئىشلىتىپ ئۆزئارا ئالاقە قىلىدىغانلىقىنى بايقىدىم. مۇشۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى تەسىرنىڭ تۈرتكىسىدە

مەن سولا بىلەن توختىماي ھەپىلىشىپ ئۇنىڭ ماڭا تىل ئۆگىتىش سۈرئىتىنى تېزلەتتىم. ئۇزاق ئۆتمەي مارسلىقلارنىڭ تىلىنى ئاساسەن ئىگەللىۋالدىم ھەم مەلۇم دەرىجىدە پاراڭلىشىش سەۋىيىسىگە ھەم ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىنى چۈشىنەلەيدىغان دەرىجىگە يەتتىم.

بىز ئولتۇرۇشلۇق بىنادا قىلىدىغان ئىشلار، مەن ھەم ۋولا (مەن مۇھاپىزەتچىمنى مارسلىقلارنىڭ ئادىتى بويىچە شۇنداق ئاتاپ ئادەتلەندىم)دىن باشقا يەنە ئۈچ ـ تۆت ئايال، ۋە بىرنەچچە يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن كىچىك باللار تۇراتتى. ئۇلار ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن مەن ياشلار بىلەن بىردەم سۆزلىشەتتىم. ئىمكان بار ئۆزۈمنىڭ پىكرىنى تىلغا ئالمايتتىم، ئەمما قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ ئۇلارنىڭ دېيىشكەن سۆزلىرىنى تىڭشايتتىم.

ئەسىرنى زالغا ئېلىپ بارغان كۈنى كەچلىكى ئۇلار بۇ ئىش توغرىسىدا سۆزلىشىپ قالدى. بۇ چاغدا مەن قۇلىقىمنى تېخىمۇ دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاشقا باشلىدىم. مەن سولادىن ھېلىقى ساھىبجامال مەھبۇس توغرىسىدا سوراشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. چۈنكى مەن مەھبۇس بىلەن بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەندە سولانىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىش تېخى ئېسىمدىن چىقىپ كەتمىگەن ئىدى. سولانىڭ بۇنداق ئىپادىسىنى كۈندەشلىك دەپ ئېيتالمىسامىمۇ، ئەمما مەن ئىنسان تەبىئىتىنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ سولانىڭ مەن ھېلىقى قىزنى كۆزىتىۋاتقان چاغدىكى ھالىتىمگە بولغان ئىپادىسىنى چۈشىنىشتىن ئىلگىرى يەنىلا ھېچنېمە بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋالغىنىم ئەڭ ياخشى، دەپ ئويلىدىم.

بىز بىلەن بىللە تۇرىۋاتقان چوڭ ياشلىق ئاياللار ئىچىدە ساركوجا ئىسىملىك بىرى بار بولۇپ، ھېلىقى مەھبۇسقا قارايدىغان قاراۋۇللارنىڭ بىرى ئىدى. نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇ ئوتتۇرىغا قويىۋاتاتتى.

ئاياللارنىڭ ئىچىدىن بىرى سورىدى:

— بىز قاچان بۇ قىزىل تەنلىك ئايالنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئازابىدىن ھوزۇرلىنىمىز؟ ياكى ئاقساقال ئۇنى تۇتقۇن قىلىپ پۇل ئۈندۈرۋالماقچىمۇ؟

— ئۇلار ئەسىرنى بىللە ساك شەھىرىگە ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلىپتۇ. تەل

خاجاسىنىڭ ئالدىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان چوڭ مۇسابىقىدە كىشلەرگە ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئازابىنى كۆرسىتىدىكەن ـ دېدى ساركوجا جاۋاب بېرىپ.

— ئۇنىڭ قىيىنىلىپ ئۆلگەندىكى ھالىتى قانداق بولار ؟— دەپ سورىدى سولا، — ئۇ ناھايىتى كىچىك ھەم چىرايلىقكەن، مەن ئۇلارنىڭ ئۇنى تۇتقۇن قىلىپ قايتۇرۇۋېلىش يولى ئىزدىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ساركوجا ۋە باشقا ئاياللار سولانىڭ يۇمشاق قول ئىپادىسىدىن تېرىككەن بولسا كېرەك غۇدۇرۇشۇپ قويىدى.

— سولا، ئەپسۇسلىنارلىقى سەن بىر مىليون يىل بۇرۇن تۇغۇلمىغان، — دېدى ساركوجا ئاۋازىنى سەل قاتتىق چىقىرىپ، — ئۇ چاغدا بارلىق ئويمانلىقلارغا سۇ يىغىلغان، ھەممە قەبىلە ئادەملىرى سۇغا ئوخشاش مۇلايىم ئىدى. بىزنىڭ بۇ دەۋردە بولسا بىز ئاللىقاچان ئىلگىرىلەپ بىر باسقۇچقا باردۇق، بۇ خىل ھېسسىيات ئاجىزلىق ۋە كەينىگە چېكىنىش دەپ قارىلىدۇ. سەن تارس تاركاسقا مۇشۇنداق چۈشكۈنلەشكەن ھېسسىياتىڭنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرسەڭ ئىشىنىمەنكى ئۇ مۇشۇ باللارغا ئانا بولۇشتەك شۇنداق ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ساڭا تاپشۇرغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ. بۇنداق قىلىشىڭ ئەخمەقلىق.

— مەن بۇ قىزىل تەنلىك ئايالغا غەمخورلۇق قىلىمەن، بۇنىڭ نەرى خاتا، — دېدى سولا رەددىيە بېرىپ، — ئۇ ھېچقاچان بىزگە زىيان يەتكۈزۈپ باقمىغان، مۇبادا بىز ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساق ئۇمۇ بىزگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ. بىزنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقىنىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ ئەرلىرى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ بىزگە تۇتقان دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىنى بىز كەلتۈرۈپ چىقاردۇق. ئۇلار پەقەت ئامالسىزلىقتىن ئۇرۇش قىلمىسىلا ھەممىسى ناھايىتى تىنچ ياشايدىكەن. پەقەت بىزلا ھېچكىم بىلەن چىقىشالمايمىز. بىز مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆزىمىز بىلەن ئۇرۇشىمىز، قىزىل تەنلىكلەر بىلەن ئۇرۇشىمىز، ھەتتا بۇ جەمئىيەت ئىچىدىمۇ شەخسلەر بىلەن شەخسلەر دوئىلغا چىقىپ ئۇرۇشىدۇ. ھەي، بۇ ئاخىرى چىقمايدىغان دەھشەتلىك قان تۆكۈلۈشلەر بىز تۇخۇمنى يېرىپ چىققان كۈندىن باشلاپ تاكى سىرلىق دەريا ئېقىنىغا بارغۇچە، قارا رەڭلىك قەدىمى يىس دەرياسى بىزنى

ئېقتىپ بىز بىلمەيدىغان، ئەمما قورقۇنچلۇق قىسمەت مەۋجۇت بولمىغان يەرگە ئېلىپ كەتكۈچە ئاخىرى چىقمايدۇ. بالدۇر ئۆلگەنلەر نېمە دېگەن بەختلىك! سەن ئۆزۈڭ خالىغىنىڭنى تارىس تاركاسقا ئېيتقىن. بىز كىشىلىك ھاياتتا مۇشۇنداق داۋاملاشتۇرمىسا بولمايدىغان ۋەھىمىلىك تۇرمۇش كەچۈرۋاتىمىز، ئۇ مېنى بۇنىڭدىنمۇ يامان قىسمەتكە دۇچار قىلالمايدۇ.

سولانىڭ ئېيتقان ئاچچىق سۆزلىرى باشقا ئاياللارنى تاڭ قالدۇرۇۋەتتى. ئۇلار سولانى بىردەم ئەيىبلەشكەندىن كېيىن ئۇخلاپ قىلىشتى. بۇ سۆزلەردىن مەن سولانىڭ ھىلقى ئايال مەھبۇسقا دوستانە نەزەر بىلەن قارايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردۈم. شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ باشقىلارنىڭ قولىغا ئەمەس دەل سولانىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغانلىقىمدىن ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلدىم. مەن ئۇنىڭ ماڭا ئامراقلىقىنى بىلىمەن، ئۇنىڭ شەپقەتسىزلىك بىلەن ۋەھشىيلىكتىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى بايقاپ يەتتىم. قىچىش مۇمكىنچىلىكى بولۇپ قالسا ئىشىنىمەنكى ئۇنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ھىلقى ئايال مەھبۇس بىلەن بىللە قېچىپ كېتىمەن.

مەن تېخى قېچىپ تېخىمۇ ياخشى بىر جايغا بېرىشقا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. مىجەز ـ خاراكتېرى ۋە سىرتقى قىياپىتى ماڭا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا تەۋەككۈلچىلىك بىلەن بىللە تۇرۇشقا رازىمەنكى، بۇنداق قانخور، بەتبەشىرە يېشىل تەنلىكلەرنىڭ ئارىسىدا يۈرىۋەرگىم يوق. ئەمما قەيەرگە بارىمەن، قانداق بارىمەن ، بۇ مەسىلە مېنىڭ بېشىمنى قاتۇراتتى. خۇددى يەر شارىدا ئىنسانلار ئۆز ئەسلىنى بىلگەندىن باشلاپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش بۇلىقىنى تېپىش ئۈچۈن باش قاتتۇرغاندەك. مەن ئاخىرى سولاغا ئىشىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ماڭا ياردەم بېرىشنى ئۆچۈق تەلەپ قىلىشنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. مەن بىر قارارغا كېلىپ بولغاندىن كېيىن يېپەك رەخت ۋە مويلۇق تېرە دۆۋىسىگە ئورۇنۇپ تاتلىق ئويقىغا كەتتىم. بۇ مېنىڭ مارسقا كەلگەندىن بۇيانقى ئەڭ تاتلىق ئۇخلىغان بىر كۈنۈم ئىدى.

## ئونىنچى باب

# چېمپىئون بىلەن ئاقساقال

ئىككىنچى كۈنى تاڭ يورىشىغىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. سولا ماگا شەھەردىن ئايرىلمىسىلا مېنىڭ ئەركىن يۈرسەم بولىدىغانلىقىمنى ئېيتقان ئىدى. ئۇ يەنە تاشلاندۇق شەھەردە خەتەرلىك ئادەمسىمان مايمۇننىڭ بارلىقىنى، شۇڭا قورالسىز سىرتقا چىقماسلىقىمنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن ھەم ماگا شەھەر چېگرىسىنىڭ سىرتىغا چىقماسلىقىم توغرىلىق نەسىھەت قىلىنغاندەك چۈشەندۈرۈپ، مۇبادا مەن چېگرا سىزىقىدىن ئۆتسەم ۋۇلانىڭ قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن مېنى تۇسۇۋېدىغانلىقى دېگەن ئىدى. ئۇ يەنە مېنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئەگەر مەن ۋۇلانىڭ تۇسۇشىغا قارىماي چەكلەنگەن رايونغا يېقىنلىشىپ بارسام ئونىڭ تەبىئىتىنىڭ بىردىنلا ياۋۇزلىشىپ كىتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە داۋاملىق خىلاپلىق قىلسام ئۇ مېنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىك بولۇشۇمدىن قەتئىي نەزەر مېنى شەھەرگە ئېلىپ قايتىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ تولۇقلاپ يەنە مۇنداق دېگەن ئىدى:

— ئۇ سىزنىڭ جەستىڭىزنى بولسىمۇ قايتۇرۇپ كېلىدۇ .

مەن ئۆزۈم يالغۇز سىرتقا چىقتىم. كوچىدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. مەن ناتونۇش بىر كوچىدا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز ئۆزۈمنىڭ شەھەر چېگرىسىغا كېلىپ قالغانلىقىمنى بايقىدىم. ئالدىمدا كىچىك تاغ تىزمىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تار ھەم ئادەمنى جەلپ قىلارلىق چوڭقۇر بىر تاغ جىلغىسى تاغ تىزمىسىنىڭ ئارىلىقىدىن ئۆتەتتى. بىزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىز خۇددى يەر شارىنى كېزىپ ئېكسپېدىسيە ئېلىپ بارغىنىدەك مېنىڭمۇ ئالدىمدىكى رايوننى تەكشۈرۈپ باققۇم كەلدى. مېنىڭ كۆرۈش دائىرەمنى توسۇپ

تۇرغان كىچىك تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ بۇ يەرنى ئوراپ تۇرغان تاغنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى مەنزىرىنى تاماشا قىلغۇم كەلدى. مەن ۋۇلانى يەنە بىر سىناپ باقماقچى بولدۇم. بۇ ئىتنىڭ ماڭا ئامراقلىقىغا ئىشىنەتتىم. مەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن باشقا ھەرقانداق مارس ئادىمى ياكى ھايۋاندا بولمايدىغان كۈيۈنۈشنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرگەن ئىدىم. ئىلگىرى ئۇنىڭ ھاياتىنى ئىككى قېتىم قۇتقۇلدۇرغان ھەركىتىمنىڭ ئۇنىڭدا ماڭا بولغان مىننەتدارلىق تۇيغۇسى قوزغايدىغانلىقىغا، بۇ خىل مىنەتتدارلىقنىڭ ۋەزنىنى ياۋۇز ئىگىسىنىڭ ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلىگەن مەجبۇرىيەتكە بولغان سادىقلىقتىن كۆپ ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم بار ئىدى.

مەن چېگرا سىزىقىغا يېقىنلاشقاندا دەرۋەقە ۋۇلا ئالدىمغا جىددىي يۈگرەپ كېلىپ بەدىنى بىلەن پۈتۈمنى توسىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئىپادىسى ئۆتۈنۈش مەنىسىدە بولۇپ ياۋۇزلۇقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم قورقۇنچلۇق چىشلىرىنى كۆرسەتمىدى ياكى ئاگاھلاندۇرۇپ قاۋىمىدى. مەنمۇ ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈشنى خالىمىدىم. مەن ئەزەلدىن ئۇنى ئامراقلىق قىلىپ بىرەر قېتىممۇ ئەركىلىتىپ باقمىغان ئىدى. ئەمما ھازىر مەن يەردە ئولتۇرۇپ ئىككى بىلىكىم بىلەن ئۇنىڭ سېمىز بوينىنى قۇچاقلاپ قولۇم بىلەن پەپىلەپ ياخشى سۆزلەرنى قىلدىم، يېڭى ئۆگەنگەن مارس تىلى بىلەن ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردىم. ئۇ مېنىڭ كۈيۈنىشلىرىمگە ئىنتايىن ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇردى. ئۇ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئۈستىدىكى ھەڭگان چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، ئاغزى - بۇرۇنلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ كۆزىنى قىستى. ئەگەر سىز پادا باققان بولسىڭىز پادىغا قارايدىغان ئىتنىڭ كۈلۈمسىرىشىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرسىڭىز ۋۇلانىڭ ھازىرقى قىلىقلىرىنى چۈشىنەلەيسىز. ئۇ يەردە، پۇتۇمنىڭ يېنىدا ئوڭدىسىغا ياتتى. بەزىدە يەنە ئۈستۈمگە سەكرەپ چىقىۋالاتتى، تۇرۇپلا مېنى يەرگە بېسىۋېلىپ ئەتراپىمدا يېقىراپ كېتەتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ تۇنجى قېتىم ئۆزۈمنى بېسىۋالالماي قورسۇقۇمنى تۇتۇپ قاتتىق كۈلۈپ كەتتىم. بۇ خۇشاللىق تاكى نەچچە كۈنگىچە چىرايىمدىن كەتمىدى. پووۋېل مېنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ماڭغان شۇ كەچتىن كېيىن مەن بۇنداق خۇشال بولۇپ

باقمىغان ئىدىم. شۇ كۈنى پوۋېل مىنىپ باقمىغىنىغا خېلى كۈنلەر بولغان ئىپتىغا ئەمدىلا مىنىشكە ئات ئۇنى ئۈستىدىن يەرگە دۈملىتىۋەتتى. مەن پوۋېلنىڭ يەردىكى ھالىتىنى كۆرۈپ قاتتىق كۈلۈپ كەتكەن ئىدىم. شۇندىن كېيىن مانا تا ھازىرغىچە قېنىپ كۈلۈپ باقماپتىمەن.

مېنىڭ قاتتىق كۈلكەم ئىتنى قورقۇتۇۋەتتى. ئۇ ھەييارلىق قىلىشتىن توختاپ ماڭا قاراپ بىچارىلەرچە ئۆمۈلەپ كۆرۈمسىز بېشىنى تىزىمنىڭ ئاستىغا تىقىپ جىمىپ قالدى. مەن شۇ چاغدىلا مارسلىقلارغا نىسبەتەن كۈلكىنىڭ ئازابلىنىش، رىيازەت ۋە ئۆلۈمدىن بېشارەت بېرىدىغانلىقىنى ئەسكە ئالدىم. مەن ئۆزۈمنى تۇتىۋېلىپ بىچارە ئىتنىڭ بېشىنى سىيلاپ ئۇنىڭغا يەنە بىر نەچچە مىنۇت تەسەللىي بەردىم. ئاندىن ئاغزىمنى ئىسقىرتىپ ماڭا ئەگىشىش توغرىلىق بۇيرۇق قىلغاندىن كېيىن تاغ تىزمىسى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. ئەمدى ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا «ھوقۇق» مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. شۇندىن كېيىن ۋۇلا مېنىڭ سادىق چاكىرىمغا ، مەن ئۇنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بىردىنبىر ئىگىسىگە ئايلانغان ئىدىم. تاغ باغرىغا بېرىشقا بىر نەچچە مىنۇتلا ۋاقىت كەتتى. ھېچقانداق باشقىچە ئەھۋال ياكى بىرەر نەرسىنى بايقىمىدۇق. كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ھەرخىل غەيرى شەكىلدىكى ياۋا گۈللەر تاغ جىلغىسىغا تولۇپ تۇراتتى. بىرىنچى تاغنىڭ چوققىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن مەن يەنە بىر نەچچە تاغنىڭ شىمالغا قاراپ سوزۇلغانلىقىنى كۆردۈم. كەينىدىكى تاغلار ئالدىدىكىدىن تېخىمۇ ئېگىز بولۇپ مۇشۇنداق سوزۇلۇپ چوڭ تاغقا تۇتىشىدىكەن. چوڭ تاغ كۆپ يىراقتا بولۇپ ۋۇلا بىلەن ئۇ يەرگە پىيادە يېتىپ بېرىشىم ئۈچۈن نەچچە كۈن ۋاقىت كېتەتتى. چوڭ تاغ خېلى ئېگىزدەك كۆرۈنەتتى. كېيىن مەن مارستا پەقەت بىر نەچچىلا تاغ چوققىسىنىڭ تۆت مىڭ فوتتىن ئاشىدىغانلىقىنى بىلدىم. ئەمما بۇ يەردە دېڭىز مەۋجۇت بولمىغاچقا تاغلارنىڭ ئېگىزلىكى پەقەت نىسبىي ئېيتىلاتتى. مۇقىم ئۆلچەم قىلىنىدىغان تۇراقلىق نۇقتا يوق ئىدى.

بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە مەن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. چۈنكى بۇ

جەرياندا مەن ۋۇلانى تولۇق چۈشەندىم . تارىس تاركاس ۋۇلاغا تايىنىپ مېنى نازارەت قىلاتتى. ئەمدى بىلدىمكى گەرچە مەن نەزەربىيە جەھەتتىن ئەسىر بولساممۇ ئەمەلىيەتتە ئەركىن ئىدىم. شۇڭا ۋۇلادىكى ئۆزگىرىشنى بۇرۇنقى ئىگىلىرى سىزىپ قىلىشتىن بۇرۇن شەھەر چېگرىسىغا تىز قايتتىم. چۈنكى، بىزنىڭ چېگرىدىن ئۆتكەنلىكىمىزنى باشقىلار تاسادىپىي بايقاپ قالسا ئاقىۋەتتە مېنىڭ ئەركىنلىكىم ئېلىپ تاشلىناتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ۋۇلامۇ ئۆلۈمگە بۇيرۇلۇش مۇمكىنچىلىكىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى.

مەيدانغا قايتىپ كەلگەن چېغىمدا مەن ھىلقى ئايال مەھبۇسنى ئۈچىنچى قېتىم كۆردۈم. ئۇ ۋە ئۇنىڭ قاراۋۇللىرى كۆرۈش زالىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندا ئۇ ماڭا ئاستا قاراپ قويدى. ئارقىدىنلا بۇرۇلۇپ كەيىنىنى قىلىۋالدى. بۇ ئاياللارنىڭ ، بولۇپمۇ يەرشارى ئاياللىرىنىڭ تىپىك مىجەزى بولۇپ، ماڭا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىكتەك بىلىنگىنى بىلەن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنە دوستلارنىڭ قەلبىگە ئوخشاش دىلىمنى ئىللىتتى. دېمەك مارستا مەندىن باشقا يەنە بىر ئادەم ئۆز جىسمىدا ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ تەبىئىتىنى ھازىرلىغان بولۇپ، ئىنسان بۇ تەبىئىي خۇسۇسىيەتكە تايىنىپ ئازابلىنىش ، قىيداش ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى ئىپادىلىيەلەيدۇ. مانا بۇنى ھېس قىلىش ماڭا ئالەمچە خۇشاللىق بېغىشلىغان ئىدى.

ئەگەر بىر يېشىل تەنلىك مارسلىق ئايال ئۆزىنىڭ نەپرىتى ۋە پەرۋاسىزلىقنى ئىپادىلىمەكچى بولسا يېرىمدىن كۆپرەك ئەھۋالدا قىلىچىنى شىلتىيدۇ ياكى تەپكە قايرىيدىغان بارمىقىنى مىدىرلىتىپ قويىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ھېسسىياتنى كۆپىنچە ھاللاردا بېكىنمە ھالەتتە بولغاچقا بۇنداق قىزغىنلىقنى قوزغاشقا توغرا كەلسە دىلىنى ئېغىر پاراكەندە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مۆرىتى كەلگەندە قىستۇرۇپ قوياي، سولا يۇقىرىقىلارنىڭ سىرتىدا، مەن ئەزەلدىن ئۇنىڭ ۋەھشىلەشكەنلىكىنى ياكى قوپاللىق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىم ھەم ئۆزگەرمەس مېھرىبانلىقىنىڭ ۋە ئاقكۆڭۈللۈكىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنى سەزمىدىم. ئۇنىڭ ھەقىقى ئوبرازى دەل ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئېيتقاندەك ئەجدادلىرىنىڭ

ئىرادىسىگە قارىشى تۇرالايدىغان ئوبراز، سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشكە ئېرىشەلەيدىغان قىممەتلىك روھ.

ئاپال ئەسىر ھەممەيلەننىڭ دىققەت مەركىزى بولغاچقا مەن ئۆزە تۇرۇپ شىكايەت قىلىش ئەھۋالىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم. ئۇزاق ئۆتمەيلا لوركاس پوتىمىل ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچى ئاقساقاللار بىناغا كىردى. ئارقىدىن قاراۋۇل بىلەن ئاپال مەھبۇسنىڭ كۆرۈش زالىغا كىرىشى توغرىلىق بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئازراق بولسىمۇ ياخشى مۇئامىلىگە ئېرىشكەن ئەرباب ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. چۈنكى ئۇلار ماڭا ھەرنېمە بولسىمۇ قوپاللىق قىلمىدى، سولاپ قويمىدى.

يېشىل تەنلىك رىتسارلارنىڭ، مېنىڭ ئۇلارنىڭ تىلىنى پىششىق چۈشىنىدىغانلىقىمنى بىلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىم بار ئىدى. چۈنكى مەن ئىلگىرى سۆلادىن بۇنى مەخپىي تۇتىششنى ئۆتۈنگەن بولۇپ، مەن مارسلىقلارنىڭ تىلىنى پىششىق بىلىشتىن ئىلگىرى مارسلىقلار بىلەن سۆزلىششنى خالىمايدىغانلىقىمنى مەخپىي تۇتۇشنىڭ سەۋەبى قىلىپ كۆرسەتكەن ئىدىم.

سوت كوللىگىيىسىنىڭ ئەزالىرى مۇنبەرنىڭ پەلەمپىيىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشقان بولۇپ مەھبۇس بىلەن ئۇنىڭ قاراۋۇللىرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىك تۇراتتى. مەن قاراۋۇللارنىڭ بىرىنىڭ ساركوجا ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئونىڭ ئاپال مەھبۇسقا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئەڭ قاتتىق، ئەڭ ۋەھشىي ئىدى. ئۇ ئاپال مەھبۇسنى تۇتقاندا تىرناقلىرىنى بىچارە قىزنىڭ بىلىكىگە سانجىيتتى ياكى بىلىكىنى ئازابلىق قايرىيتتى. ئۇنى ئېلىپ ماڭغاندا قوپاللىق بىلەن تارتاتتى ياكى ئىتتىرەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ توققۇز يۈز يىلدىن بۇيان يىغىلىپ قالغان ئۆچمەنلىك، ۋەھشىيلىك، ياۋۇزلۇقىنى ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارى يوق بۇ بىچارە قىزنىڭ جىسمىدىن قاندۇراتتى. بۇنداق ياۋۇزلۇقنىڭ ئۇنىڭ نەچچىنچى ئەۋلاد ۋەھشىي، ياۋايى ئەجدادىن قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. يەنە بىر قاراۋۇل ئاپال سوغۇققان بولۇپ ئانچە ياۋۇز ئەمەس ئىدى. ئەگەر بۇ گۇندىپاي ئاپال مەھبۇس بىلەن بىللە يالغۇز قالسا ياكى كېچىسى بىللە ئۇخلىسا ئاپال مەھبۇسقا ھېچقانداق زىيان ـ

زەخمەت يەتمىگەن بولاتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىغانمۇ بولاتتى.

لوركاس پوتمىل ئىككى كۆزىنى تىكىپ ئايال مەھبۇسقا قاربۇەتكەندىن كېيىن ماڭا نەزەر تاشلىدى. ئاندىن ئۆرۈلۈپ تارس تاركاسقا بىر ئېغىز گەپ قىلدى ھەم ئادەمنى بىزار قىلىدىغان قول ئىشارىسى قىلدى. تارس تاركاس جاۋاب قايتۇرغان بولسىمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ئېنىق ئاڭلىيالمىدىم. ئەمما تارس تاركاسنىڭ جاۋابىدىن ئاقساقال كۈلۈمسىرەپ قويدى. شۇندىن كېيىن ئۇلار ماڭا دىققەت قىلىپ كەتمىدى.

— ئىسمىڭ نېمە ؟ — لوركاس پوتمىل مەھبۇستىن سورىدى.

— دېكا توررېس، خېرىئانلىق مورس كاجاكنىڭ قىزى.

— ئۇنداقتا سىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ بېرىشىڭلارنىڭ مەقستى نېمە ؟

— بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە پەقەت ئىلمىي تەتقىقات ئۈچۈن بولۇپ، تەتقىقات گۇرۇپپىسىنى دادام خىرئان پادىشاھى ئەۋەتكەن. مەقستى ئاتموسفېرا ئېقىم گرافىكىنى قايتا سىزىش ۋە ئاتموسفېرا تەجرىبىسى ئىشلەش، — دەپ جاۋاب بەردى ساھىبجامال قىز رىتىملىق تۆۋەن ئاۋازدا، — بىز تىنچلىق بۇرۇۋچىمىزنى ئادا قىلىۋاتىمىز، خۇددى بىزنىڭ بايرىقىمىز ۋە ئۇچار كېمىمىزنىڭ رەڭگىدە كۆرسىتىلگەندەك، — دېدى قىز داۋاملىق، — شۇڭا بىزنىڭ جەڭگە قىلچە تەييارلىقىمىز يوق، بىز سىلەرنىڭ كەلگۈسىڭلار شۇنداقلا بىزنىڭ كەلگۈسىمىز ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز. شۇ سىلەرگە ناھايىتى ئايانكى، بىزنىڭ ئەمگىكىمىز، ئىلىم ـ پەن تەتقىقات نەتىجىمىز بولمىغان بولمىسا مارستا ھاياتلىقنى ساقلاپ قالىدىغان يېتەرلىك ھاۋا ۋە سۇ بولمىغان بولاتتى. نۇرغۇن يىلدىن بىرى بىز سۇ بىلەن ھاۋانىڭ نورمال تەكچۈڭلىقىنى ساقلاپ تۆۋەنلىتىۋەتمەي كەلدۇق. سىلەرنىڭ ھەددىدىن ئاشقان بۇزغۇنچىلىقىڭلارغا ئۇچرىغان بولساقمۇ خىزمىتىمىزنى توختىتىپ قويمىدۇق.

— ھەي، سىلەر نېمە ئۈچۈن ئۈچۈن باشقىلار بىلەن تىنچ ئۆتۈشنى ئۆگىنەلمەيسىلەر؟ ئەجەبا قەدىمكى ئەجدادىڭلاردىن باشلاپ تاكى ئەڭ ئاخىرقى بىر

يېشىل تەنلىك قالغۇچە مۇشۇنداق ھايۋاندىن پەرقلەنمەيدىغان كوْن ئۆتكۈزەمسىلەر؟ مۇشۇ گەپ قىلالمايدىغان ھايۋانلاردەك ياشىماقچىمۇ؟ سىلەرنىڭ يېزىقىلار، سەنئىتىڭلار يوق. ئائىلە، مېھرى — مۇھەببەت دېگەنلەر ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. سىلەر قورقۇنۇچلۇق ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ قۇربانلىقلىرى. ھەرقانداق نەرسە كۆپچىلىككە مەنسۇپ، ھەتتا سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلارمۇ ئورتاق كۆپچىلىككە تەۋە. ئاقىۋەتتە سىلەر ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسىلەر. ئۆزئارا ئۆچلۈك قىلىشىسىلەر، ئۆزۈڭلاردىن باشقا ھەممىسىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايسىلەر. سىلەرنىڭ بىزگە ئوخشاش ياشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، مېھرى ـ مۇھەببەتكە تولغان ئىللىق دۇنياغا قايتىپ كېلىڭلار . قىزىل تەنلىكلەر سىلەرگە دوستلۇق قولىنى سۇنىدۇ، سىلەرگە ياردەم قىلىدۇ، بۇ يولدا ھەممەيلەن بىللە ئىلگىرىلەيلى.

— بىز بىرلىكتە تىرىشىپ ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتقان پىلانىتىمىزنى قايتىدىن يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرەيلى. ئەڭ ئۇلۇق ئەڭ قۇدرەتلىك خىرئان پادىشاھلىقىنىڭ ئەۋرىسى سىلەرنى تەكلىپ قىلىدۇ. سىلەر شۇنداق قىلالامسىلەر؟

قىز سۆزلەشتىن توختىغاندىن كېيىن لوركاس پوتمىل ۋە رىتسارلار كۆزلىرىنىمۇ چىمچىقلاتماستىن قىزغا بىر ھازا تىكىلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئەمما، مېنىڭچە ئۇلار چوقۇم تەسىرلەندى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىن نام ئابرۇيى يۇقىرى بىرى چىقىپ كونا ئەنئەنىگە جەڭ ئېلان قىلىپ، ھازىرقى ياۋايىلارچە تۇرمۇش ئادىتىنى بۇزۇپ تاشلىيالىسىلا، ئۇنداقتا شۇ دەقىقىدىن باشلاپ مارستا بۈيۈك بىر يېڭى دەۋرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. مەن تارس تاركاسنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ گەپ قىلغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھازىرقى ئىپادىسىنى يېشىل تەنلىك مارسلىقلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ چىرايىدىن كۆرمىگەن ئىدىم. بۇ ئۇنىڭ ئىچىدە ئەنئەنىۋى كونا ئادەت بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ سۆزلىگەن ۋاقىتتا ياۋۇز، بەتبەشىرە چىرايىدا بىردىنلا مېھرىبانلىق جىلۋىلەندى. ئۇ ئەسلى ئەزەلدىن دەپ باقمىغان سۆزلەرنى دېمەكچى بولغان ئىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا پېشقەدەم رىتسارلارنىڭ

ئىدىيىسىدىكى ئۆزگىرىشنى سەزگەن بىر رىتسار مۇنبەردىن سەكرەپ چۈشۈپ بىچارە قىزنىڭ يۈزىگە قاتتىق بىرنى ئۇرۇپ ئۇنى پولغا يىقىتىپ تاشلىدى، ئارقىدىنلا بىر پۈتى بىلەن قىزنى دەسسەپ تۇرۇپ مەجلىسكە قاتنىشىۋاتقان ئەزالارغا قاراپ قورقۇنۇچلۇق ھىجايدى.

مەن بۇ ۋاقىتتا تارىس تاركاس چوقۇم ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋېتىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم. چۈنكى بۇ ياۋۇزلارچە ھەرىكەتكە روكاس پۈتمىرمۇ ھېچقانداق قوللاش ئىپادىسىنى بىلدۈرمىدى. ئەمما بۇنداق ھالەت ئۇزۇنغا بارمىدى. ئۇلارنىڭ كونا ئىدىيىسى ناھايىتى تىزلا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ ھەممىسىنىڭ چىرايىدا كۈلۈمسىرەش جىلۋىلەندى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۇلار سەت ئاۋازدا كۈلۈشمىدى. چۈنكى يېشىل تەنلىك مارسلىقلارنىڭ يۇمۇرىستىك ئەخلاق ئۆلچىمى بويىچە ئېيتقاندا بايىقى ياۋۇزلارچە ھەرىكەت ئەسلىدە ئادەم قورسىقىنى تۇتۇپ قاتتىق كۈلدۈرىدىغان قىزىقارلىق پائالىيەت ھېسابلىناتتى .

مەن شۇ چاغدىكى رىتسارنىڭ ئايال مەھبۇسنى ھايۋانلارچە ئۇرۇش جەريانىدا يۈز بەرگەن ئەھۋالنى خاتىرە قالدۇرۇپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ئەمما، بۇ جەرياندا مېنىڭ بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرغانلىقىمنى، مەيدانغا چىقىپ ئادالەتنى ياقىلىمىغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. مەن يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ئىشنى پەرەز قىلىپ ئۈلگۈرگەن ئىدىم. شۇڭا دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ، ھىلقى ئەبلەخنىڭ قىزنىڭ يۈقىرىغا قاراپ تۇرغان، ئۆتۈنۈش مەنىسىدىكى چىرايلىق يۈزلىرىگە ئۇرۇش ئۈچۈن بوشلۇقتا لەيلەپ ئاندىن تۆۋەنگە چۈشۈۋاتقان قولىنى سەكرەپ چىقىپ تۇتۇۋېلىشنى ئويلىغان بولساممۇ ئارانلا زالنىڭ يېرىمىغىلا بارالىدىم. قورقۇنۇچلۇق كۈلۈمسىرەش ئاخىرلىششىغا مەن يەنە بىر سەكرەپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم. بۇ ئەبلەخنىڭ ئېگىزلىكى ئون ئىككى فوت بولۇپ تولۇق قوراللانغان ئىدى. لېكىن، غەزىپىم چېكىگە يېتىپ، قېنىپ قايناپ تاشقاندا زالدىكى ھەممە يېشىل تەنلىكنى قىرىپ تاشلاشقا قۇربىم يېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. مەن يۇقىرىغا سەكرەپ ھۇجۇم شەپىسى ئۇنىڭ قولىقىغا

كىرىشكە چىرايىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدىم. ئۇ خەنجىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ ماڭا تاشلاندى. مەنمۇ خەنجىرىمنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ ئالدىم ھەم يەنە بىر سەكرەپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، بىر پۇتۇم بىلەن ملىتىقىنىڭ پايىنكىنى دەسسەپ سول قولۇم بىلەن يوغان ھىڭگان چىشىنى تۇتۇۋېلىپ، ئوڭ قولۇم بىلەن ئۇنىڭ كېلەڭسىز كۆكرەك قەپىسىگە غەزەپ بىلەن كەينى كەينىدىن نەچچىنى ئۇرۇۋەتتىم. ئۇنىڭ خەنجىرى ماڭا ھېچقانداق خەتەر ئېلىپ كەلمىدى، قۇرالىنىمۇ چىقىرىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئەسلى بۇ خۇمپەر مارسلىقلارنىڭ قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ قۇرال كۆتۈرۈپ چىقماقچى بولغانتى. مارسلىقلارنىڭ بۇ قائىدىسى شۇكى، ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا دۈشمەن قانداق قۇرال بىلەن ھۇجۇم قىلغان بولسا، ھۇجۇمغا ئۇچرىغۇچىمۇ شۇنداق قورال بىلەن ئۆزىنى قوغدىشى ھەم قايتۇرما زەربە بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ھەر تەرەپكە ئورۇنۇپ ئاخىرى مېنى ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن تاشلىۋەتتى. رەقىبىم مەندىن يوغان بولغان بىلەن مېنىڭدەك كۈچلۈك ئەمەسكەن. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئەبلەخ قان ئىچىدە يولغا يىقىلدى.

دىكا توررىس بىر قولى بىلەن يەرنى تىرەپ، ھاڭ ـ تاڭ بولغان ھالدا بۇ بىر مەيدان جەڭنى باشتىن ـ ئاخىر كۆرۈپ تۇردى.

مەن ئورنۇمدىن تۇتۇپ ئۇنى قۇچاقلاپ ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدۇم. ماڭا يېشىل تەنلىكلەر دەخلى قىلمىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي بۇتتەك قېتىشىپ ئولتۇراتتى. مەن بىر پارچە رەختنى يىرتىۋېلىپ قىزنىڭ بۇرنىدىن ئېقىۋاتقان قاننى توختاتماقچى بولدۇم. بۇ چارەم دەرھال ئۈنۈم بەردى. ئۇنىڭ يارىسى ئېغىر ئەمەس ئىكەن. گەپ قىلالىغىدەك بولغاندىن كېيىن ئۇ بىر قولىنى مۈرەمگە قويۇپ دېدى :

— سىز نېمە ئۈچۈن مېنى قۇتقۇلدۇرىسىز؟ مەن سىز بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە ماڭا دوستانە بىلىنگەن ئىدىڭىز. سىز شۇ چاغدا مېنىڭ تەلپىم بىلەن كارىڭىز بولمىغان ئادەم ئەمەسمۇ؟ سىز مىنىڭ سەۋەبىمدىن ھاياتىڭىزغا تەۋەككۈل قىلىپ ھەمراھىڭىزنى ئۆلتۈردىڭىز. مەن چۈشەنمىدىم، سىزنىڭ ھەرىكىتىڭىز بەك غەلىتە. گەرچە

سىزنىڭ شەكلىڭىز بىزنىڭكى ئادەملەر بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ  تېرىڭىز ئادەمسىمان مايمۇنىڭكىدىن قارا ئىكەن. سىز يېشىل تەنلىكلەرنىڭ بىر ئەزاسى ئەمەسمۇ؟ ماڭا ئېيتىڭ، سىز ئادەممۇ؟ ياكى ئادەمدىن يۇقىرى دەرىجىلىك جانلىقمۇ؟

— مېنىڭ ئەجەبلىنەرلىك بىر سەرگۈزەشتەم بار، — دېدىم مەن جاۋاب بېرىپ،

— بۇ ھېكايە بەك ئۇزۇن، ھازىر سۆزلىگىم يوق، ئۆزۈممۇ ئۇنىڭ راستلىقىدىن گۇمانلىنىمەن. ئەمما ، باشقا ئادەملەرنى ئۇنىڭغا ئىشەندۈرۈشكە مەجبۇر قىلالمايمەن. ھازىر سىز مېنى دوستۇم دەپ بىلسىڭىزلا بولدى. بىزنى ئەسىر قىلغانلار يول قويغان دائىرىدە مەن سىزنىڭ قوغدىغۇچىڭىز ھەم خىزمەتكارىڭىز بولىمەن.

— سىز ئەسىرمۇ؟  ئۇنداقتا قانداق قىلىپ سىزدە ساك خانلىقىنىڭ قۇرال ـ ياراقلىرى ۋە  بۇلارنىڭ سەردارلىرىلا تاقايدىغان ساۋۇت بار بولىدۇ؟ ئىسمىڭىز نېمە ؟ ۋەتىنىڭىز قەيەر؟

— سىز توغرا ئېيتتىڭىز، دېكا توررىس، مەنمۇ ئەسىر، مېنىڭ ئىسمىم جون كارتېر، سىزگە ئېيتسام يەر شارىدىكى ئامېرىكىنىڭ ۋىرگىنىيە شتاتى مېنىڭ يۇرتۇم بولىدۇ. بۇ كىشلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن مىنىڭ قورال ئېلىپ يۈرۈشۈمگە رۇخسەت قىلغانلىقىدىن ئازراقمۇ خەۋىرىم يوق. شۇنداقلا ئۈستىمدىكىلەرنىڭ سەردارلارغىلا خاس دوبۇلغا ـ ساۋۇت ئىكەنلىكىدىن تېخىمۇ خەۋىرىم يوق.

بۇ  چاغدا بىزنىڭ سۆھبىتىمىز بىر رىتسار تەرىپىدىن ئۈزۈلۈپ قويۇلدى. بۇ رىتسار مەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئەبلەخنىڭ قۇرال ـ ياراق ۋە باشقا نەرسىلىرىنى ئېلىپ بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەلگەن ئىدى. شۇ پەيتتە قىز بايا سورىغان مەسىلىنىڭ جاۋابى يېشىلدى، مېنىڭدىكى تىگىرقاشمۇ قاياقلارغىدۇر غايىب بولدى. مەن تۇنجى قېتىم شۇنى ھېس قىلدىمكى، مەن مارسقا كېلىپ كۆرۈش زالىدىكى بىرىنچى قېتىملىق دوئىلدا مېنى بوزەك قىلماقچى بولغان رىتسارغا بەرگەن زەربەم رەقىبىمنىڭ جىنىنى ئالغان ئىدى.  ئۇلار نېمە ئۈچۈن ماڭا بۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ ئېنىق بولدى. مۇجمەل قىياسىمغا ئاساسلانغاندا مەن ئۆزۈمنى داڭدار شەخس دېيەلمىسەممۇ، ئەمما، بىر

غالىبىيەتچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شەرەپكە ئېرىشكەن، شۇنداقلا مەن ئۆلتۈرىۋەتكەن رەقىبىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىگە ۋە ئۇنىڭ مەنسىپىگە مۇيەسسەر بولغان ئىدىم. كېيىنكى ئېيتقاندا، مەن ئاللىقاچان مارسلىقلارنىڭ بىر سەركەردىسىگە ئايلانغان ئىكەنمەن. شۇنداق بولغاچقىلا ناھايىتى چوڭ ئەركىنلىككە ئىگە ئىكەنمەن. كېيىن بىلسەم، كۆرۈش زالىدا دېكا تۈررېسنى ئۇرغان ھىلقى خومپەرنى جايلىۋەتكىنىمگە ھەممىسى چىداپ ئولتۇرۇپتۇ.

مەن بۇرۇلۇپ ئۆلگەن مارسلىقنىڭ جەڭ غەنىيمەتلىرىنى قوبۇل قىلغىنىمدا،تارس تاركاس ۋە بىرقانچە رىتسارنىڭ ماڭا يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدىم. ئالدىدىكى بىرى ناھايىتى ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قاراپ :

— قىسقىغىنە بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى بىز سېنى ھەم گاس ھەم گاچا دەپ قاراپتىمىز، ھازىر سەن بارسوم تىلىنى شۇنداق راۋان سۆزلەۋاتىسەن. جون كارتېر، سەن بۇ تىلنى قەيەردە ئۆگەنگەن ؟ — دىدى.

— تارس تاركاس، بۇ سېنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىڭ، — دىدىم مەن جاۋاب بېرىپ، — چۈنكى سەن ماڭا ئادەتتىن تاشقىرى قابىلىيەتلىك بىر ئايال ئۇستازنى ھەمراھ قىلغان ئىكەنسەن، مەن سولاغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

— ئۇ ياخشى ئۆگىتىپتۇ، — دىدى تارس تاركاس، — ئەمما سەن يەنە باشقا جەھەتلەردىن ئىلگىرلىشىڭ كېرەك. ئەگەر سەن ئىككى ئاقساقالنىڭ ئىچىدىكى خالىغان بىرىنى ئۆلتۈرمىگەن بولساڭ(ئۇلارنىڭ نەرسىلىرى سېنىڭ ئۇچاڭدا تۇرۇپتۇ) قارامىلىق قىلغىنىڭنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— مىنىڭچە، ئۇنى ئۆلتۈرمىسەم ئۇ مېنى ئۆلتۈرىدۇ.

— ياق، سەن خاتالاشتىڭ. مارسلىق رىتسارلار پەقەت ئۆزىنى قوغداش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئەھۋالدىلا ئاندىن ئەسىرنى ئۆلتۈرىدۇ. بىز باشقا تۈرلۈك مەقسەت ئۈچۈن ئەسىرنى ئاسانلىقچە ئۆلتۈرمەيمىز.

— ئەمما ھازىر پەقەت بىرلا ئىش سېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدۇ، — دىدى ئۇ

ئۇلاپلا، — ئەگەر تەل خاجاس سىزنىڭ باتۇرلۇقىڭنى، قەيسەر ۋە جەڭگە ماھىرلىقىڭنى كۆرۈپ يېتەلىسە ئۇ چاغدا سەن ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن بولىسەن. شۇندىلا ئۇ سىزنىڭ بۇ جەمئىيەتكە قاتنىشىشىڭنى، بىز بىلەن بىللە ياشىشىڭنى قوللايدۇ. سەن ھەقىقى بىر ساكلىققا ئايلىنىسەن. سەن بىزنىڭ تەل خاجاسنىڭ شتابىغا ئېرىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغىن، شۇ چاغدىلا لوركاس پوتمىل سەن قولغا كەلتۈرگەن شان ـ شەرەپنى ساڭا ئېرىشنى خالايدۇ. ئاندىن بىز سېنى ساكلىقلارنىڭ ھەقىقى بىر ئاقساقىلى دەپ تونۇيمىز. ئەمما شۇ ئېسىڭدە بولسۇنكى، سېنى ئۆستۈرگەن باشلىق سېنى بىزنىڭ قۇدرەتلىك ھەم ۋەھشىي ھۆكۈمرانىمىزغا ئامان ـ ئېسەن تاپشۇرۇپ بېرىش مەسئۇلىيىتى بار. مېنىڭ سۆزۈم تۈگىدى.

— تارس تاركاس، مەن سىزنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلايمەن، — دېدىم مەن جاۋاب بېرىپ، — ساڭا ئايان بولغىنىدەك، مەن بارسۇملۇق ئەمەس، سىزنىڭ ئادىتىڭ بىلەن مېنىڭ ئوخشمايدۇ، بۇندىن كېيىنكى ياشاش پرىنسىپىمۇ ئىلگىرىكىدەك بولىدۇ. مەن ئۆزۈمگە خاس بولغان تىرىكچىلىك قىلىش ئۆلچىمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، ئۆز ئىرادەمگە خىلاپ بولمىغان ئىشنى قىلىۋېرىمەن. ئەگەر سىزنىڭ مېنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسا مەن تىنچ تۇرمۇش كەچۈرىمەن. ئەگەر مېنى باشقۇرماقچى بولساڭ ئۇنداقتا بارسۇمدىكى ھەممە ئادەم مېنىڭ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ناتونۇش مېھمان بولۇش ھوقۇقۇمغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك ياكى بولمىسا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق ئاقىۋەتكە مەسئۇل بولىشى كېرەك. بىز بىر ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەككى، سەن بۇ بەختسىز قىزغا قانداقلا كۆز قاراشتا بولغىن ۋە ياكى قانداقلا ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزسە، ئۇنى رىيازەت تارتقۇزسا ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا ھېساب بېرىشنى ئۆيلىشى كېرەك. ماڭا مەلۇم، سىلەر كۆيۈنۈش ۋە مېھرى ـ مۇھەببەتكە سەل قارايسىلەر، ئەمما مەن دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە. مەن مۇھەببەتكە، كۆيۈنۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىمەن. بۇ ئالاھىدىلىكىم جەڭ ماھارىتىم بىلەن تۈپتىن ئوخشمايدۇ.

ئادەتتە مەن ئارتۇق قۇرۇق گەپ سېتىشنى ياقتۇرمايتتىم. ئىلگىرىمۇ ئەزەلدىن

قورۇق گەپ قىلىشنى خالىمايتتىم. ئەمما شۇنى ھىس قىلدىمكى مەن ئاللىقاچان يېشىل تەنلىكلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتكەن ئىدىم. پەرىزىم خاتا ئەمەس ئىدى. چۈنكى مېنىڭ ئۇزاق گەپ قىلىشىم ئۇلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. شۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان ھۆرمىتىمۇ ھەسسىلەپ ئاشتى.

تارس تاركاسمۇ جاۋابىمدىن رازى بولغاندەك قىلدى. ئەمما ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئاخىرقى باھاسىنىڭ قانداقلىقىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. قارىغاندا مەن ساك خانلىقىنىڭ خاقانى تەل خاجاسنى ياخشىراق چۈشەنسەم بولىدىغان ئوخشايدۇ.

مەن نەزىرىمنى دېكا توررېسقا ئاغدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرىشىغا ياردەملەشتىم. ئاندىن بىرلىكتە ئارقىمىزغا بۇرۇلۇپ چىقىش ئىشىكىگە قاراپ ماڭدۇق. ئەتراپىمىزدىكى بۇتتەك قېتىپ قاراپ تۇرغان تۇررېسنىڭ بەتنىيەت قاراۋۇللىرى، ئاقساقال ۋە سەردارلارنىڭ سوئال نەزىرى بىلەن قاراشلىرىغا پىسەنت قىلىپمۇ قويمىدۇق. ھازىر مەنمۇ بىر ئاقساقال، ئەلۋەتتە ئاقساقالىق مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىپ تارس تاركاس ئېيتقىنىدەك بۇ ئەسىرنى ئۆلۈم خەۋپىدىن ساقلىشىم كېرەك.

ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مېنى توسمىدى. شۇنداق قىلىپ خىرىئان مەلىكىسى دېكا توررېس بىلەن ۋىرگىنىيىلىك ئەزىمەت جون كارتېر ساك قەبىلىسىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاقساقىلى لوركاس پوتمىلىنىڭ كۆرۈش زالىدىن چىقىپ كەتتى. كەينىدە سادىق ھەمراھ ۋۇلا ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى.

## ئون بىرىنچى باب

# دېكا توررېس بىلەن بىللە

بىز دەرۋازىدىن چىققان چاغدا دېكا توررېسنى نازارەت قىلىشقا بېكىتىلگەن ئىككى ئايال ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ ئالدىرىغىنىچە يېتىپ كېلىشتى .  بىچارە توررېس ماڭا چىڭ يېپىشىپ تۈگۈلۈپلا قالغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىر جۈپ كىچىك قوللىرى بىلەن بىلىكىمنى چىڭ تۇتۇۋالغانلىقىنى سەزدىم. شۇڭا ئۇلارغا قول شىلتىپ نېرى كېتىشىنى ، بۇندىن كېيىن بۇ قىزغا سولانىڭ قارايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويدۇم. ئاندىن ساركوجاغا توررېسقا يەنە قوپاللىق قىلماسلىقنى، بولمىسا بېشىغا ئىش تېرىۋالىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئۆتتۈم. چاتاق يېرى مېنىڭ ساركوجاغا  پوپوزا قىلىشىم توررېسقا ھېچقانداق ياخشىلىق ئېلىپلا كەلمەي ئەكسىچە تېخىمۇ نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارنى ئېلىپ كەپتۇ.  مەن بۇلارنى كېيىن ئۇقتۇم. مارستا ئەرلەر ئەزەلدىن ئاياللارنى ياكى ئاياللار ئەرلەرنى ئۆلتۈرمەيدىكەن. ساركوجا ماڭا مەككارلىق بىلەن بىر قاراپ قويۇپ كۆڭلىگە جىن چۈشكەن ھالدا كېتىپ قالدى. مەن دەرھال سولانى تېپىپ ئۇنىڭدىن دېكا توررېسنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشنى،  ماڭا مۇئامىلە قىلغاندەك كۈتۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم ھەم ئۇنىڭدىن ساركوجا دەخلى يەتكۈزەلمەيدىغان تۇرالغۇ تېپىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. ئاخىرىدا مەن سولاغا ئۆزۈمنىڭ ئەرلەر بىلەن بىللە تۇرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ساركوجا بىر چەتتە تۇرۇپ مېنىڭ ئۈستۈمدىكى مەنسەپدارلىق بەلگىلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ چىقتى.

— سىز ھازىر چوڭ ئاقساقال، جون كارتېر، — دېدى ئۇ، — مەن سىزنىڭ تاپشۇرۇقىڭىزنى ئورۇندايمەن. ئەلۋەتتە، قانداقلا بولمىسۇن، مەن سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزنى

خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن. ئۇستىڭىزدىكى دوبۇلغا ـ ساۋۋت ئەسلى ياش بىر ئادەمنىڭ، ئۇ قالتىس بىر رىتسار ئىدى. سىز ئۇنى ئۆلتۈرۈپ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولدىڭىز. سىزنىڭ ئاقساقاللىق رەت تەرتىپىڭىز ئون بىرىنچى ئورۇندا. بۇ جەمئىيەتتە پەقەت ئون ئاقساقالنىڭلا ئورنى سىزدىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

— ئەگەر لوركاس پوتمىلنى ئۆلتۈرۈۋەتسەمچۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ئۇنداقتا سىز بىرىنچى بولغان بولىسىز، جون كارتېر. ئەمما سىز بۇنداق شەرەپكە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، پۈتۈن كوممېتىت ئەزالىرى لوركاس پوتمىل بىلەن دۇئىلغا چىقىشىنى تەلەپ قىلىشى كېرەك، ياكى بولمىسا ئۇ سىزگە ھۇجۇم قىلغاندا سىز ئۆزىڭىزنى قوغداش ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرسىڭىز ئاندىن ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا رەسمى ئېرىشكەن بولىسىز.

مەن كۈلۈپ قويۇپ گەپنى باشقا ياققا يۆتكىدىم. مېنىڭ لوركاس پوتمىلنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىم يوق ، ساكىلقلارنىڭ ئاقساقىلى بولۇش خىيالىم تېخىمۇ يوق. مەن سولا ۋە دېكا تۇررىسقا ھەمراھ بولۇپ يېڭى تۇرالغۇ ئىزدىدۇق ۋە ئاخىرىدا بىر بىنانى تاللىۋالدۇق. بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا بۇ بىنا تېخىمۇ كۆركەم ئىدى. بىز بىنانىڭ ئىچىدىن بىر نەچچە ھۇجرا تاپتۇق. ھۇجرىنىڭ ئىچىدە نەپىس ئۇيۇپ ياسالغان قەدىمى مېتال كارىۋات يوغان ئالتۇن زەنجىر بىلەن مەرمەردىن ياسالغان تورىسقا ئېسىلىپ تۇراتتى. تاملارنىڭ بېزىلىشىمۇ ئىنتايىن كۆركەم ئىدى. باشقا جايلاردا كۆرگىنىمگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، تام رەسىملىرىگە ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇن رەسىمى سىزىلغان ئىكەن. رەسىمدىكى ئوبرازلار يەر شارى ئادەملىرىگە ناھايىتى ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى دېكا تۇررىسنىڭكىدىن كۆپ سۇس، ئۇچىسىغا لەپىلدەپ تۇرىدىغان يەكتەك كەيگەن، قىممەتلىك ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى تاقىغان، ئالتۇنرەڭ ياكى قىزغۇچ رەڭ چاچلىرىدىن نۇر يېنىپ تۇراتتى، ساقال ـ بۇرۇت قويمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز ساندىكىلىرى يەنە يېنىغا قۇرال ئېسىۋىلىشقان ئىدى. پۈتكۈل رەسىمدىكى ئوبرازلار دەل بىر توپ ئالتۇن چاچلىق ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئوبرازى ئىدى.

دىكا تورربىسنىڭ كۆزلىرى ئالللقاچان تارىخقا ئايلانغان يوكسەك مەدەنىيەتلىك كىشلەر سىزغان بۇ نەپىس سەنئەت ئەسەرلىرىگە مىقتەك قادىلىپ، ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئېيتىپ ئۈلۈق كىچىك تىنىپ قويدى. سولادا بولسا ھېچقانداق ئىنكاس يوق ئىدى.

بىز تۇرربىسنىڭ مۇشۇ ئۆيدە تۇرىشىنى قارار قىلدۇق. ئۆي ئىككىنچى قەۋەتتە بولۇپ مەيداننى كۆرگىلى بولاتتى. ياندىش ئۆينى ئاشخانا قىلىش ۋە نەرسە ـ كېرەكلەرنى قويۇشقا بېكىتتۇق. ئاندىن مەن سولاغا كارىۋات لازىمەتلىكلىرىنى، يېمەكلىك ۋە جابدۇقلارنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدۇم. ئۇ كېلىشتىن بۇرۇن تۇررىسقا قاراپ تۇردىغانلىقىمنى ئېيتتىم. سولا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دىكا تۇررىس ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەگەر سىز مەھبۇسنى تاشلاپ قويۇپ كارىڭىز بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ سىزگە ئەگىشىپ سىزنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشىڭىزنى قوبۇل قىلىش، ھەمدە سىزدىن بۇ كۈنلەردە تۇرلۈك ئازابلاردىن خالاس قىلىشنى تەلەپ قىلىشتىن باشقا، سىزنىڭچە ئۇنىڭ قېچىپ كېتىش مەقستى يوقمۇ؟

— ناھايىتى توغرا دېدىڭىز ،— دېدىم مەن جاۋاب بېرىپ، — بىز بىللە بولساقلا ئاندىن قېچىپ كېتەلمەيمىز.

— مەن سىزنىڭ تارس تاركاس دەيدىغان بىر رىتسارغا جەڭ ئېلان قىلغانلىقىڭىزنى ئاڭلىدىم. شۇڭا سىزنىڭ بۇ كىشلەرنىڭ ئىچىدىكى ئورنىڭىزنى چۈشىنىمەن. ئەمما، مېنىڭ چۈشۈنەلمىگىنىم سىز ئۆزىڭىزنى مەن بارسۇملۇق ئەمەس دېدىڭىز.

— ئۇنداقتا مىنىڭ ئەجدادىمنىڭ نامى بىلەن، — دېدى تۇررېس، — ماڭا قەيەردىن كەلگەنلىكىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ. سىز قارىماققا بىزنىڭ ئادەم، ئەمما ئوخشمايدىغان يەرلىرىڭىز بار. سىز مىنىڭ تىلىمدا سۆزلەۋاتىسىز، ئەمما سىز تارس تاركاسقا بۇ تىلنى يېقىندىلا ئۆگەندىم دېدىڭىز . مۇز قاتلىمى ئوراپ تۇرغان جەنۇبى قۇتۇپتىن تاكى ئاق قار، كۆك مۇزلۇق شىمالىي قۇتۇپقىچە بارلىق بارسۇملۇقلارنىڭ يېزىقىدا

ئازراق پەرق بولغاندىن سىرت ھەممىسى ئوخشاش بىر خىل تىلدا سۆزلەيدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا پەقەت يىس دەرياسى قويۇلىدىغان، ھازىر قايتا مەۋجۇت بولمىغان كىروس دېڭىزىدىكى تور جىلغىسىدىلا ئوخشمايدىغان بىر خىل تىل بار ئىكەن. بۇرۇنقىلارنىڭ رىۋايەتلىرىدىن باشقا، بارسۇملۇقلارنىڭ تور جىلغىسىدىكى كىروس دېڭىزىدىن يىس دەرياسىغا قايتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق خاتىرە يوق. ماڭا ئۆزىڭىزنىڭ ئۇ يەردىن كەلگەنلىكىنى دېمەڭ. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا بارسۇمدىكى ھەرقانداق بىر ئادەم سىزنى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. ماڭا ئۇنداق ئەمەس، دەڭ.

ئۇنىڭ كۆزىدە ئەجەبلىنىش ۋە چۈشىنەلمىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بىرخىل نۇر ئەكس ئەتتى. ئاۋازىدىن ئۆتۈنۈش مەنىسى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئىككى قولىنى كۆكرىكىمگە ئۇزۇتۇپ چىڭ باستى. خۇددى يۈرىكىمدىن ئۆزى ئېيتقان، ئۇ ئاڭلاشنى خالىمايدىغان سوئاللارنىڭ ئىنكار قىلىش جاۋابىنى ئىزلەۋاتقاندەك.

— مەن سىلەرنىڭ ئۆرۈپ ـ ئادىتىڭلارنى چۈشەنمەيمەن، دېگىنىمنى چۈشەنمەيمەن، دېكا تۇررېس، ئەمما بىزنىڭ ۋىرگىنىيىدە ئەزىمەت ھەرگىز، ھەرقاچان ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قىلىش ئۈچۈن يالغان سۆزلىمەيدۇ. مەن تور جىلغىسىدىن كەلمىدىم، شۇنداقلا سىرلىق يىس دەرياسىنىمۇ كۆرۈپ باقمىدىم. ئاللىبۇرۇن يوقالغان كىروس دېڭىزى توغرىلىقمۇ ھېچنېمە بىلمەيمەن. سىز ئىشىنەمسىز؟

مەن تۇيۇقسىز ئۇنىڭدىن مەجبۇرىي ئىشىنىشنى ئۈمىد قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ قانداق ئويلاۋاتقانلىقىغا پەرۋاسىز قارايمەن؟ مەن ئۇنىڭغا دىققەت قىلدىم، ئۇنىڭ ئازراق كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يۈزىگە ۋە قەلبىدىكىنى ئىپادىلەپ تۇرغان بىر جۈپ سېھىرلىك كۆزىگە دىققەت قىلدىم. بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى، شۇ پەيتتە مەن تۇيۇقسىز پۈتۈن بەدىنىمنىڭ ئىختىيارسىز لەرزىگە كەلگەنلىكىنى سەزدىم. ئۇمۇ ئوخشاش ھېسسىياتنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇلۇق كىچىك تىنىپ قويۇپ قولىنى تارتىۋالدى. چىرايلىق يۈزىنى كۆتۈرۈپ سەمىيملىك بىلەن ئاستا:

— مەن سىزگە ئىشىنىمەن، جون كارتېر . مەن باتۇر دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمەن، ۋېرگىنىيە دېگەننىمۇ ئاڭلىمىغان. ئەمما بارسۇمدا ئەرلەر ئەزەلدىن يالغان سۆزلىمەيدۇ. ئەگەر راست گەپ قىلىشنى خالىمىسا سۈكۈت قىلىدۇ. جون كارتېر، ۋېرگىنىيە دېگەن دۆلەت قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

گۈزەل يۇرتۇمنىڭ ئىسمىنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغىنىمدا مەن ئۆچۈن ئۇنىڭدىنمۇ يېقىملىق سۆز بولمىسا كېرەك دەپ ئويلىدىم.

— مەن يەنە بىر دۇنيادىن كەلدىم، — دېدىم جاۋاب بېرىپ، — ئۇ چوڭ پىلانېت يەر شارى. ئۇمۇ بىز بىلەن بىللە قۇياشنى ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئوربىتىسى يەر شارلىقلار مارس دەپ ئاتايدىغان مانا مۇشۇ بارسۇم پىلانېتىنىڭ ئوربىتىسىنىڭ ئىچكى تەرىپىدە . مەن سىزگە ئۆزۈمنىڭ قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىمنى دەپ بېرەلمەيمەن. چۈنكى ھازىرغىچە ئۆزۈمگىمۇ ئېنىق ئەمەس. ئەمما بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەنمەن، دېكا توررېس ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خالايمەن، ئۆزۈمنىڭ بۇ يەردىلىكىدىن ئىنتايىن خۇشالمەن.

خېلى ۋاقىتقىچە ئۇ ماڭا شۈبھىلىنىپ تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. كۆزىدە خاتىرجەمسىزلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈندى. ماڭا ناھايىتى ئېنىقكى ، مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشىنىش ئىنتايىن قىيىن. چۈنكى مېنىڭ يەر شارىدىن مارسقا قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بەك تەس. گەرچە مەن ئۇنىڭ ئىشىنىشى ۋە چۈشىنىشىنى شۇنچە ئارزۇ قىلغان بولساممۇ ئۇنى مەجبۇرلاشقا ئامالسىزمەن. شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ ئۆتمۈشىنى ئېيتىپ بېرىشنىمۇ ئانچە خالىمايمەن. ئەمما كۆزۈم ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ھەرقانداق قۇدرەتلىك بىر ئەرنىڭمۇ ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك تەلىپىنى رەت قىلىشقىمۇ قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى سەزدىم. ئاخىرىدا ئۇ كۆلۈمسىرىگىنىچە ئورنىدىن تۇردى ھەم ماڭا قاراپ:

— بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشەنمىسەممۇ سىزگە ئىشىنىمەن، مەن بىر قاراپلا سىزنىڭ بارسۇملۇق ئەمەسلىكىڭىزنى ھېس قىلغان ئىدىم. سىز بىزگە ھەم شۇنداق

ئوخشايسىز ھەم ئوخشىمايسىز. مەن نىمشكە بۇ ئىشلارنى ئويلاپ باش قاتۇرىمەن. مېنىڭ ئىچكى دۇنيايىم مېنىڭ سىزگە ئىشىنىشىمنى ئېيتماقتا، چۈنكى مەن سىزگە ئىشىنىشنى خالايمەن.

بۇ ناھايىتى ئاقىلانە تەپەككۇر ، دانا پىكىر. بۇ دەل يەر شارى ئادەملىرى ۋە ئاياللاردا بولۇشقا تېگىشلىك قانۇنىيەت . ئەگەر ئۇ مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشەنسە مەن ھەرگىز يوق ئىشلارنى سۆزلەپ ئۇنى ئالدىمايمەن. ئەمىلىيەتتىمۇ بۇ پىكىرىم مەنتىقىگە ئۇيغۇن.

شۇندىن كىيىن بىز ئادەتتىكى پاراڭلارنى قىلىشتۇق. بىز نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىرلەشتۇق. ئۇ بىز يەرشارلىقلارنىڭ ئۆرۈپ ـ ئادىتىنى چۈشىنىشنى بەك خالايدىكەن. تۇررېس يەرشارىدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدىكەن، يەر شارىغا ناھايىتى پىششىق ئىكەن. مەن بۇ توغرىلىق ئۇنىڭدىن سورىغىنىمدا ئۇ چوڭ ئاۋازدا:

— بارسۇمدا ھەر بىر مەكتەپ بالىسى سىلەرنىڭ پىلانىتىنىڭ جوغراپىيىسىنى، ئۆسۈملۈك ۋە تارىخىنى بەش قولدەك پىششىق بىلىدۇ. ئۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىز قانداقسىگە بىلمەيمىز؟ ئۇ ئالەمدە روشەن ئېسىلىپ تۇرمامدۇ، — دىدى.

شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدىكى، خۇددى ئۇ مېنى چۈشەنمىگەندەك مەنمۇ ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم. ئۇمۇ مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەندى بولغاي ماڭا ئۆزلىرى كەشىپ قىلىپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئەسۋاب توغرىسىدا قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. نۇرغۇن يىللاردىن بىرى ئۇلار بۇ ئەسۋابنى ئۆزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپتۇ. بۇ ئەسۋابنىڭ ئۈستىدە بىر كۆرسەتكۈچ ئېكران بولۇپ ھەرقانداق پىلانىت ۋە تۈرغۇن يۇلتۇزلاردىكى يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلەيدىكەن. ئۇ ھاسىل قىلغان رەسىملەر ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ چوڭايتقاندىن كىيىن يوپيۇرماقتىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدىكەن. كىيىن مەن خىرىئاندا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن رەسىملەرنى ۋە بۇ رەسىملەرنى تارتقان ئەسۋابنى كۆردۈم.

— سىلەر يەر شارىدىكى ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ، — دەپ سورىدىم مەن ،

— نىمە ئۈچۈن مېنىڭ يەرشارى ئادىمى ئىكەنلىكىمنى تونيالمىدىڭىز؟

ئۇ يەنە بىر كۈلۈمسىرەپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— چۈنكى جون كارتېر، — دېدى ئۇ ، — بارسۇمغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاتموسفېرا شارائىتى بار ھەرقانداق پىلانىتا ۋە تۇرغۇن يۇلتۇزدا سىرتقى قىياپىتى ئىككىمىزگە ئوخشاپ كېتىدىغان جانلىقلار ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر شارىدا ھەممە ئادەم ئۈستىگە شەكىلى غەلىتە كىيىم كىيىۋالىدۇ. بېشىغا نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان نەرسە قادىۋالىدۇ. ئەمما سىز ساكلىق رىتسارلار تەرىپىدىن بايقالغاندا ئۈچىڭىزغا بىر تال يىپمۇ ئارتمىغان ئىكەنسىز. ئۈستىڭىزدە زىننەت بۇيۇمى يوقكەن. بۇ سىزنىڭ بارسۇملۇق ئەمەسلىكىڭىزنى بىلدۈردۇ. ئەمما سىزنى يەرشارى ئادىمى دەپ ئويلىماسلىقىمنىڭ سەۋەبى كىيىم كىيمىگەنلىكىڭىزدە.

مەن ئۇنىڭغا يەر شارىدىن ئايرىلىش جەريانىمنى سۆزلەپ بەردىم. مەن چۈشەندۈرۈپ، ئۆزۈمنىڭ ئۇيەردە قالغان جىسمىمنىڭ ئۈستىدىكىسىنىڭ پۈتۈنلەي يەرشارىلىقلارنىڭ كىيىمى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتتۈم. دەل شۇ چاغدا سولا قايتىپ كەلدى. ئۇ مېنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق مال — مۈلۈكىمنى ۋە ئۆزى ھامىيلىق قىلىۋاتقان مارسلىق بالىنى بىللە ئېلىپ كەپتۇ. تەبىئىيكى بۇ مارسلىق بالا ئۇلار بىلەن بىللە تۇراتتى. سولا بىزدىن ئۇ كەتكەندىن كېيىن باشقا ئادەملەرنىڭ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى سورىدى. بىز باشقا ئادەم كەلمىگەنلىكىنى ئېيتقىنىمىزدا ئۇ قاتتىق ھەيران قالدى. چۈنكى سولا يۇقىرىغا چىقىۋاتقاندا ساركوجانىڭ ئۈستىدىن چۈشۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىكەن. بىز ساركوجانىڭ سۆزىمىزنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالغانلىقىنى جەزىملەشتۈردۇق. ئەمما سۆزلىشىش جەريانىدا مۇھىم ئىشلارنى دېيىشمىگىنىمىزنى ئەسكە ئېلىپ كۆڭلىمىز ئارامىغا چۈشتى ھەم بۇندىن كېيىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشنى ئويلاشتۇق.

دېكا تۇررېس بىلەن ئىككىمىز بىنانىڭ ئىچىدىكى چىرايلىق قۇرلۇشلارنى ۋە بېزەكلەرنى تاماشا قىلىشقا باشلىدۇق. ئۇ ماڭا بۇ بىنانى بەرپا قىلغۇچىلارنىڭ نەچچە يۈزمىڭ يىللار ئىلگىرى ناھايىتى گۈللەنگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەجدادلىرى

ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتى. كېيىن ئۇلار مارسنىڭكى يەنە بىر چوڭ ئىرق قارا تەنلىكلەر بىلەن شۇ ۋاقىتتا ئوخشاش گۈللەنگەن قىزغۇچ سېرىق تەنلىك ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ئىكەن. مارسنىكى دېڭىزلارنىڭ قۇرۇپ كېتىشىگە ئەگىشىپ بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقان مۇنبەت تۇپراق ئىزلەپ شۇ ۋاقىتتىكى مارستا يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ ئىككى ئىرق بىرلەشمىسە بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن قۇدرەتلىك بىرلەشمە ئىتىپاقداشلىق قۇرۇلۇپ يېڭى مۇھىتتا كۆچمەن يېشىل تەنلىكلەر قەبىلىسىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرغان ئىكەن.

كۆپ يىللىق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت ۋە ئىتتىپاق ئىچىدە ئۆزئارا تويى قىلىش ئارقىلىق قىزىل تەنلىك ئىرق بارلىققا كەپتۇ. دېكا تۇرىرىس ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تېرىسى ئاقىقا مايىل، سىرتقى قىياپىتى ئىنتايىن گۈزەل قىز ئىكەن. ئۇلار ئۆزگىرىۋاتقان ياشاش مۇھىتىغا ماسلاشقاندىن كېيىن نۇرغۇن يىللىق رىيازەت چېكىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇش ھەم يېشىل تەنلىكلەر بىلەن بولغان ئاخىرى چىقماس سوقۇش تۈپەيلىدىن بۇ ئالتۇن چاچلىق مارسلىقلارنىڭ كۆپلىگەن مەدەنىيەت ـ سەنئىتى يوقۇلۇپ كەتكەن ئىكەن. ئەمما، بۈگۈنكى قىزىل تەنلىكلەر تېخىمۇ پارلاق، يەنىمۇ يۈكسەك مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت بەرپا قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. شۇنداقلا يېڭى ئىجادىيەت، بايقاشلىرى ئۇزۇندىن بۇيان قەدىمكى بارسۇملۇقلار بىلەن بىرلىكتە كۆمۈۋېتىلگەن، قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشقا يېتىدىكەن.

قەدىمكى مارسلىقلار ناھايىتى مەدەنىيەتلىك ئىرق بولۇپ يېڭى ياشا مۇھىتىغا ماسلىشىشى ئۈچۈن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، تەرەققىي قىلالمايلا قالماستىن ئەكسىچە ئىشلەپچىقىرىشى پۈتۈنلەي توختاپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئارخىپ، خاتىرە ۋە كىتابلىرىمۇ ئۇزۇل ـ كېسىل غايىب بولغان. دېكا تۇرىرىس بۇ ئۇلۇغ ھەم مۇكەممەل، ئەمما قايتا مەۋجۇت بولمايدىغان ئىرق توغرىلىق نۇرغۇن قىزىقارلىق ئىشلارنى ۋە رىۋايەتلەرنى سۆزلىدى. ئۇ ماڭا بىز تۇرىۋاتقان شەھەرنىڭ كىرود دەپ ئاتىلىدىغان

سودا مەركىزى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئىپتتى. بۇ سودا مەركىزى مەنزىرىسى گۈزەل بىر تەبئىي پورتقا قۇرۇلغانلىقىنى، كەينى تەرىپىنىڭ ئىنتايىن چىرايلىق بىر تاغقا تۇتىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شەھەرنىڭ غەربىدىكى كىچىك جىلغا دەل شۇ پورتىنىڭ بىردىنبىر قالدۇقى ئىكەن. تاغنى كېسىپ ئۆتۈپ دېڭىز تېگىگە تۇتىشىدىغان يول ئىلگىرى شەھەرگە تۇتىشىدىغان دەريا يولى ئىكەن. قەدىمكى دېڭىز قىرغىقىغا بۇنداق شەھەرلەر يۇلتۇزلاردەك ئورۇنلاشقان بولۇپ دېڭىز قىرغىقىنىڭ ئۆزلۈكسىز دېڭىز مەركىزىگە سۈرلىشى نەتىجىسىدە شەھەرنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى كىچىكلەپ سانىمۇ ئازىيىپ بارغان. ئاخىرىدا ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ مارستا قانال قازغان ئىكەن.

بىز ئىمارەتلەرنى كۆزۈتۈش جەريانىدا ئېغىر سۈكۈتكە پاتقان ئىدۇق. كەچ كىرگەنلىكىنى تۇيماي قاپتىمىز. لوركاس پوتمىلنىڭ خەۋەرچىسىنىڭ كېلىشى بىلەن بىز رېئاللىققا قايتىپ كەلدۇق. ئۇ مېنىڭ دەرھال بېرىپ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشىمگە بۇيرۇق قىلغان ئىكەن. تۇررېس ۋە سولا بىلەن خوشلۇشۇپ ۋۇلاغا ئۇلارنى ياخشى قوغداشنى تاپشۇرۇپ ئالدىراپ كۆرۈش زالىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا لوركاس پوتمىل بىلەن تارس تاركاسنىڭ مۇنبەردە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

## ئون ئىككىنچى باب

# ھوقۇقدار مەھبۇس

مەن ئۆيگە كىرىپ ھۆرمەت بىلدۈردۈم. لوركاس پوتمىل ماڭا ئىشارەت قىلىپ ئالدىغا بېرىشىمنى بىلدۈردى. ئۇ يوغان سىرلىق كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قىلدى:

— سېنىڭ بىز بىللە بولغىنىڭغا خېلى ۋاقىت بولدى. بۇ كۈنلەردە سەن كۈچ ـ

قۇدرىتىڭگە تايىنىپ بىر قەدەر يۇقىرى مەرتىۋىنىڭ قولغا كەلتۈردۈڭ. ئەمما سەن بىزنىڭ بىر ئەزايىمىز ئەمەس، بىزگە سادىق بولۇشۇڭ ھاجەتسىز.

— سېنىڭ ئورنىڭ ناھايىتى ئالاھىدە، — دىدى ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سەن بىر مەھبۇس، ئەمما بۇيرۇق چۈشۈرەلەيسەن. سەن بىر يات ئادەم، ئەمما ساكلىقلارنىڭ ئاقساقىلى. سېنىڭ بويۇڭ پاكار، ئەمما بەستلىك ئادەمنى يىقىتالايسەن. ھازىر بەزىلەر سېنىڭ بىر ئەسىر بىلەن بىرلىكتە قېچىپ كېتىشنى پىلانلاۋاتقانلىقىڭنى مەلۇم قىلدى. ھىلقى ئەسىرنىڭ ئۆزىمۇ سېنىڭ تور جىلغىسىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىڭدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى ئىتراپ قىلىدىكەن. ئەگەر يۇقىرىدىكى قايسىلا بىر ئەيىبلەش پۇت تىرەپ تۇرالىسا سېنى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇشقا يېتەرلىك پاكىت بولالايدۇ. لېكىن بىز ناھايىتى ئادىل ئىش قىلىمىز. ئەگەر تەل خاجاس بۇيرۇق قىلسىلا سەن ساكقا قايتىپ بېرىشىڭغىلا سوتقا تارتىلىسەن.

— ئەمما، — ئۇ ئېغىر تىنىقلىرى بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى، — ئەگەر سەن ھىلقى قىز بىلەن قېچىپ كەتسەڭ ئۇنداقتا مەن تەل خاجاسقا چۈشەندۈرىمەن، شۇنداقلا تارس تاركاس ماڭا جەڭ ئېلان قىلىدۇ. ئۇچاغدا ياكى مەن ئۆز ئورنۇمنى ساقلاپ قالىمەن ياكى ئۆلتۈرۈلىمەن. تېخىمۇ مۇۋاپىق بىرى چىقىپ ئۇچامدىكى دوبۇلغا ـ ساۋۇتنى يېشىپ ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ ساكلارنىڭ ئەنئەنىسى. تارس تاركاس بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئاداۋەت يوق، بىز بىرلىكتە بۇ ئەڭ چوڭ يېشىل تەنلىكلەر قەبىلىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىمىز. ئارىمىزدا بىر مەيدان جەڭ بولۇشىنىمۇ ئۈمىد قىلمايمىز. شۇڭا جون كارتېر، سەن ئۆلسەڭ مەن ئىنتايىن خۇشال بولىمەن. بىراق، تەل خاجاسنىڭ بۇيرۇقى بولمىسا پەقەت ئىككىلا خىل ئەھۋالدا سېنىڭ جېنىڭنى ئالىمىز. بىرى سەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى مەلۇم بىرىگە ھۇجۇم قىلساڭ ئۇ ئادەم ئۆزىنى قوغداش جەريانىدا سېنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ . يەنە بىرى سەن قېچىشقا ئورۇنغان دەپ گۇمانلىنىسەن. ئادىل بولۇشى ئۈچۈن بىز سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايلى، سەن بۇ كۆلپەتتىن قۇتۇلىشىڭ ئۈچۈن بىز ئىككى خىل ئەيىبلەشنىڭ ئىچىدىكى خالىغان

بىرىنىڭ راستىلىقىنى ئىسپاتلىنىشىنى كۈتىمىز. قىزىل تەنلىك قىزنى تەل خاجاسقا بىخەتەر تاپشۇرۇپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە بىز ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەسىرنى تۇتۇپ باقمىدۇق. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزىل تەنلىك مارسلىقلارنىڭ پادىشاھى، شۇنداقلا بىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز. مېنىڭ سۆزۈم تۈگىدى. ئۇ قىز سىلەردە ئىنسانپەرۋەرلىك يوق دېگەن ئىدى. ئەمما بىز سەمىمىي ھەم ئادىل. ئەمدى سەن كەتسەڭ بولىدۇ.

مەن بۇرۇلۇپ كۆرۈش زالىدىن چىقتىم. قارىغاندا ساركوجا ھەرىكىتىنىڭ باشلاپتۇ. ئېنىقكى خەۋەرنىڭ بۇنداق تېز لوركاس پوتمىلنىڭ قولىقىغا يېتىپ كېلىشى چوقۇم ساركوجا بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەن توررېس بىلەن بولغان سۆھبىتىمىزدىكى قىچىپ كېتىشكە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئەسلەپ ئۆتتۈم.

شۇ ۋاقىتلاردا ساركوجا تارس تاركاسنىڭ يېنىدىكى ئەڭ كونا ئادىمى بولۇپ، ئەڭ ئىشەنچلىك ئايال ئىدى. بارلىق رىتسارلارنىڭ ئىچىدە تارس تاركاسلا روكاس پۇتمېرنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ياردەمچىسى بولغاچقا ساركوجانىڭ تەسىر كۈچى ناھايىتى زور دېيىشكە بولاتتى. ئەمما لوركاس پوتمىلنىڭ بىر تالاي گەپلىرى مېنىڭ قېچىپ كېتىشكە بولغان ئارزۇيۇمنى ئاجىزلاشتۇرۇپلا قالماستىن، ئەكسىچە بارلىق زېھنىمنى يىغىپ بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش قارارىغا كەلتۈردى. دېكا تۇررېسنى ئېلىپ بىللە قېچىپ كېتىشنىڭ قانچىلىك زورۇرلىكىنى ھېس قىلدىم. شۈبھىسىزكى، تەل خاجاسنىڭ ھۇزۇرىدا بىر مەيدان قورقۇنۇچلۇق بالايى ـ ئاپەت تۇررېسنى ساقلاۋاتماقتا. سولا ماڭا ئىلگىرى تەل خاجاس دېگەن بۇ غەلىتە ئەبلەخنىڭ جاھاندا يەنى بىرى يوق رەھىمسىز، ئەشەددىي يىرتقۇچ ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ شەپقەتسىز ھەم ھىيلىگەرلىكىنى ئېيتقان ئىدى. باشقا نۇرغۇن مارسلىقلارغا ئوخشىمايدىغان ئەڭ قورقۇنۇچلۇق يېرىنىڭ تەل خاجاسنىڭ ھاۋايى ھەۋەسنىڭ قۇلى ئىكەنلىكىنى، بۇ نەس باسقان پىلانىتىكى باشقا يېشىل تەنلىكلەردە بۇنداق جىنسىي تەلەپنىڭ ئاللىقاچان يوقالغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدى.

مەن پەرىزاتتەك گۈزەل توررېسنىڭ بۇنداق ئەشەددىي ئالۋاستىنىڭ قولىغا چۈشۈپ

قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە پۈتۈن بەدىنىمدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا مەن ئۆزۈم ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى بىر پاي ئوقنى قالدۇرۇپ قويىمەن، خۇددى يۇرتىمىزدىكى ھىلقى قەيسەر بوز يەر ئاچقۇچى قىزلارنىڭ ئىندىئانلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قىلىشنى خالىماي ئۆز ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغىنىدەك.

مەن مەيدانغا قاراپ ماڭدىم، كاللامدا تۈرلۈك چىگىش خىياللار ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇ چاغدا تارس تاركاس كۆرۈش زالىدىن قايتىپ چىقىپ ماڭا قاراپ كەلدى. ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى قىلچىلىك ئۆزگەرمىگەن بولۇپ، كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان ھەمرەھلاردەك مەندىن قايتا ئەھۋال سورىدى.

— سەن نەدە تۇرىۋاتىسەن ، جون كارتېر، — دەپ سورىدى ئۇ.

— مەن تېخى بىر قارارغا كەلمىدىم، — دېدىم جاۋاب بېرىپ، — قارىغاندا مەن يالغۇز تۇرسام بولىدىغان ئوخشايدۇ. ياكى باشقا رىتسارلار بىلەن بىللە تۇراي. سېنىڭدىن يول يورۇق سوراي دەپ تۇراتتىم، — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن تېخى سىلەر ساكلىقلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنىنى تولۇق چۈشۈنۈپ كەتمەيمەن.

— مەن بىلەن ماڭ .

تارس تاركاس مېنى باشلاپ مەيداندىن ئايرىلىپ بىر بىنانىڭ ئالدىغا كەلدى. مەن بۇ بىنانىڭ تۇرىۋاتقان بىنا بىلەن خۇشنا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىچىمدە ئىنتايىن خۇشال بولدۇم.

— مەن بىرىنچى قەۋەتتە تۇرىمەن، — دېدى ئۇ، — ئىككىنچى قەۋەتتە رىتسارلار تۇرىدۇ. ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ ئۈستى بىكار. خالىغانچە تاللىۋالساڭ بولىدۇ.

— مەن بىلىمەن، — دېدى تارس تاركاس سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سەن سولانى ھىلقى قىزنىڭ تەنلىك مەھبۇسقا ئۆتۈنۈپ بەردىڭ. سەن ئېيتقاندەك سېنىڭ ياشاش ئۇسۇلىڭ بىلەن بىزنىڭ ئوخشىمايدۇ. ئەمما سەنلا خۇشال بولساڭ نېمىلا قىلساڭ بولىۋېرىدۇ، چۈنكى سەن ئېلىشىشقا ماھىر. سەن يېڭىدىكى ئايالنى مەھبۇس ئايالغا

ئۆتۈنۈپ بەردىڭ، ئۇ پۈتۈنلەي ئۆزۈڭنىڭ ئىشى. ئەمما ئاقساقال ئىكەنسەن بىرى ھالىڭدىن خەۋەر ئالمىسا بولمايدۇ. بىزنىڭ ئادىتىمىز بويىچە سەن ئۆلتۈرىۋەتكەن ئاقساقالنىڭ يېنىدىكىلەردىن خالىغان ئايالنى ياكى ھەممىنى تاللىساڭ بولىدۇ.

مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىم، يېمەك ـ ئىچمەك تەييارلاپ بېرىدىغان ئادەمدىن باشقا ئۆزۈمنىڭ يالغۇز ياشاپ كىتەلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ئۇ ماڭا بىر نەچچە ئايالنى ئەۋەتىپ يېمەك ـ ئىچمەك، قورال ـ ياراق ۋە ئوق ـ دورا بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كېچىسى ناھايىتى سوغۇق، شۇڭلاشقىلا مېنىڭ ھېچنېمەم بولمىغاچقا ئاياللارنىڭ كېلىشىدە يىپەك رەخت ۋە يۇڭلۇق مۇي قاتارلىق كارىۋات بۇيۇملىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىشىنى ئۆتۈندۈم. چۈنكى بۇ نەرسىلەر مېنىڭ ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىم ئىدى. ئۇ ماقۇللۇق بىلدۈرگەندىن كىيىن كېتىپ قالدى. مەن يالغۇز بىنانىڭ ئەگرى پەلەمپىيىنى بويلاپ ئۈستىگە چىقىپ مۇۋاپىق جاي ئىزلىدى. بۇ شەھەردىكى باشقا بىنالارغا ئوخشاش بۇ يەرمۇ ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. مەن يەنە بىر قېتىم ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا بىنانىڭ ئىچىدىكى ئۆزگىچە مەنزىرىدىن ھۇزۇرلاندىم . ئاخىرىدا بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى مەيدانغا يۈزلىنىپ تۇرىدىغان بىر ئۆينى تاللىۋالدىم. بۇ يەر دېڭىزغا تۇررىسقا يېقىنراق ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيى يېنىمدىكى بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە بولۇپ كاللامدا بىر ئامال قىلىپ چوقۇم ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىنى ئويلاپ تېپىش كېرەك، دېگەن بىرلا ئوي ـ پىكىر ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇنداق بولغاندا تۇررىس تاسادىپىي ئەھۋالدا مېنىڭ ياردىمىگە ياكى قوغدىشىمغا ئېھتىياجلىق بولغاندا خەۋەر بېرەلەيتتى.

بىنانىڭ مەن تۇرىۋاتقان قەۋىتىدە جەمئىي ئون نەچچە ئېغىز ئۆي بولۇپ مېنىڭ ھۇجرامدىن باشقا يەنە مۇنچا، گىرىم ئۆيى ۋە باشقا بىرنەچچە ھۇجرا بار ئىكەن. ھۇجرامنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆينىڭ دېرىزىسى ئەتراپى بىنالار بىلەن قورشالغان كەڭ بىر ھويلىغا ئېچىلىدىكەن. كۆز ئالدىمدىكى بۇ ھويلا تۈرلۈك ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ تۇرار جايىغا ئايلانغان بولۇپ ئۇلارنىڭ ئىگىلىرى ياندىكى بىنادا تۇراتتى.

پۈتكۈل مارس يۈزىگە ئوخشاش بۇ ھويلىغىمۇ يىپىنچا ئۆسۈملۈككە ئوخشاش

ھەممىلا يەردە سىرلىق ئۆسۈملۈك ئۆسۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما سانى ئېنىق بولمىغان فونتان، ھەيكەل، ئورۇندۇق ۋە پېشايۋانلار ئەينى يىللىرى بۇ ھويلىنىڭ ئاۋاتلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ يەردە ئالتۇن چاچلىق خۇشچىراي ئادەملەر ياشىغان. ئەمما رەھىمسىز ۋە ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ئالەم قانۇنىيىتى ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقاردى ھەم ئۇلارنىڭ مارستىكى ئىزنى ئۇن ـ تىنسىز، پۈتۈنلەي غايىب قىلىۋەتتى. قىپ قالغىنى پەقەت كېيىنكى ئەۋلادلار ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەرلا، خالاس.

تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەسكى بۇ يەر ئىلگىرى ھاياتلىق جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان، ئۈمىدكە تولغان ماكان بولغان. ئاشۇ باراقسان مارس ئۆسۈملۈكلىرى، ساھىبجامال ئاياللارنىڭ لاتاپەتلىك قىياپىتى، جىسمىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئوغلانلار، ئويۇنغا ئامراق باللار... ھەممىلا يەر نۇرغا تولغان، خۇشاللىق ۋە ئاسايىشلىق كەيپىيات ھۆكۈم سۈرگەن. بۇلارنىڭ ئۆتمۈشكە ئايلانغانلىقىغا ئىشىنىش ھەقىقەتەن قىيىن. نەچچە يۈز مىڭ يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە بۇ كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە مېھرى ـ شەپقىتىنىڭ پاكىتلىرى، مارستا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تۇرىۋاتقان ئاربلاشما ئىرىقنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنە بىر قېتىم ئەكس ئەتمەكتە ئىدى.

بىر نەچچە ياش ئايالنىڭ كېلىشى بىلەن خىياللىرىم ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئۇلار كۆپىلگەن قورال ـ ياراق، كىيىم ـ كېچەك، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، ئاشخانا بۇيۇملىرى ۋە بىر نەچچە تولۇق يېمەكلىك ھەم سۇ ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسىم نەرسىلەرنىڭ ۋەيران قىلىنغان ئۇچار كېمىدىن ئېلىپ كېلىنگەنلىكىگە گەپ كەتمەيتتى. قارىغاندا بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مەن ئۆلتۈرىۋەتكەن ھىلقى ئىككى ئاقساقالغا تەۋە بولسا كېرەك. ئەمدىلىكتە ساكلىقلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا مەنسۇپ بولۇۋاتاتتى. مېنىڭ كۆرسەتمەم بويىچە بۇ نەرسىلەر ئۇدۇلىدىكى ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاندىن ئۇلار بىرىپ ئىككىنچى تۈركۈمدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدى ھەم بۇ نەرسىلەرنى تىزىملىۋىلىشىمغا تەكلىپ بەردى. ئىككىنچى قېتىمدا ئۇلار يەنە ئون نەچچە

ئايال ۋە بالىنى باشلاپ كەلدى، بۇلار ھىلقى ئاقساقاللارنىڭ ھەمراھلىرى ئىدى.

كەلگەنلەر ھىلقى ئاقساقالنىڭ ئائىلە تاۋاپاتلىرىمۇ ھەم خوتۇنلىرىمۇ ئەمەس، شۇنداقلا مالىيىمۇ ئەمەس. بۇنداق مۇناسىۋەت ناھايىتى ئالاھىدە، بىزگە مەلۇم بولغان مۇناسىۋەت بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، تەسۋىرلەپ بېرىشمۇ قىيىن. يېشىل تەنلىك مارسلىقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا شەخسىي قۇرال ـ ياراق، زىبۇ ـ زىننەت ۋە ئۇخلاش بۇيۇملىرىدىن باشقا ھەممە نەرسە قەبىلىگە ئورتاق مەنسۇپ . ھەر بىر ئادەمنىڭ بۇ نەرسىلەرگە مۇنازىرىسىز ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى بار. ئۆز ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كېتىدىغان نەرسە يىغۇلىشىغا، يوشۇرۇشىغا ھەرگىز رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئارتۇق بۇيۇملارنى ساقلاپ قويۇپ ئېھتىياجلىق بولغاندا قەبىلىدىكى ياش ئەزالارغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئەرلەرگە ھەمراھ بولۇۋاتقان ئاياللار ۋە بالىلارنى بىر ھەربىي قىسىمغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. ھەر بىر ئەزا بۇ قىسىمدىكى تۈرلۈك ئىشلارغا، يەنى تەربىيىلەش ، مەشىقلەندۈرۈش ، تەمىنات قاتارلىقلارغا مەسئۇل بولۇشى، ئاخىرى چىقمايدىغان كۆچمەنلىك تۇرمۇش جەريانىدا باشقا قەبىلىلەر ۋە قىزىل تەنلىك مارس ئادەملىرى بىلەن بولىدىغان توقۇنۇشلارغا ھەم جەددىي ئۆزگىرىشلەرگە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىشى كېرەك . ئاياللار ئۇلارنىڭ خوتۇنى ئەمەس، يېشىل تەنلىك مارسلىقلاردا بۇنداق ئۇقۇم مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا چېتىشىشى پەقەت قەبىلىنىڭ مەنپەئەتى، ئادەم سانىنىڭ ئازلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈنلا بولۇپ، تەبئىي تاللاش بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. ھەربىر قەبىلىنىڭ ئاقساقاللار كومىتېتى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ كۆپىيىشىنى، ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. تەبىئىي مەنبە، ئوزۇقلۇق ئەھۋالىغا قارىتا جەمئىيەت ئەزالىرىنى خالىسا كۆپەيتەلەيدۇ، خالىسا ئازايتالايدۇ. بۇنىڭغا ھېچكىم قارشى تۇرمايدۇ ياكى چەكلىمە قويالمايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاقساقاللار كومىتېتىنىڭ ھوقۇقى ئەڭ چوڭ.

نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى مۇۋاپىقتەك قىلسىمۇ،

ئەمما ئۇزاق مۇددەت  تەبئىي بولمىغان كۆپۈيۈش ۋە قەبىلىنىڭ كەلگۈسى مەنپەئەتى مۇشۇنداق رەھىمسىز، مېھرى  - شەپقەت ھەم شادلىق تۇيغۇسى بولمىغان جانلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇنى ئىتراپ قىلىش كېرەككى، يېشىل تەنلىك مارسلىقلار ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، تەل خاجاستىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇتلەق ئىپپەتلىك دېيىشكە بولاتتى.

مەن بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن بۇ ئادەملەرگە بەلگىلىك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇش بۇرۇچۇمنى ئادا قىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئۇلار ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدىم. ئۆزۈمگە ئۈچىنچى قەۋەتنى قالدۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇرالغۇ تېپىشىنى بۇيرۇدۇم. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشاراق بىر قىزغا مېنىڭ تامىقىمنى تەييارلىشىنى، قالغانلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئىشىنى قىلىۋېرىشىنى ئېيتتىم. شۇندىن كېيىن مەن ئۇلار بىلەن ناھايىتى ئاز ئۇچراشتىم، چۈنكى ئۇلارنىڭ قانداق بولۇشى مەن ئۈچۈن بەرىبىر.

## ئون ئۈچىنچى باب

# مارستىكى مۇھەببەت

ئۇچار كېمىلەر بىلەن بولغان شۇ قېتىملىق جەڭدىن كېيىن كارۋان شەھەر ئىچىدە بىرنەچچە كۈن توختاپ تاكى ئۇچار كېمىلەرنىڭ قايتا كەلمەيدىغانلىقى مۇقىملاشقۇچە تۇرۇپ قالدى. چۈنكى گەرچە ئۇلار جەڭ قىلىشنى ياخشى كۆرسىمۇ ئەمما ئەترەت  ۋە باللارنىڭ ئوچۇقچىلىقتا تونۇلۇپ قىلىشنى ھەرگىز خالىمايتتى. بۇ بىكارچىلىق كۈنلەردە تارس تاركاس ماڭا ساكلارنىڭ نۇرغۇن قائىدە - يوسۇنلىرىنى ۋە جەڭ سەنئىتىنى ئۆگەتتى . بۇلارنىڭ ئىچىدە ئات ئورنىدا ئىشلىتىدىغان يوغان مەخلۇقنى قانداق مىنىش تەربىيىسىمۇ بار ئىدى. بۇنداق جەڭ ئېتى قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان ھايۋان

ئىگىلىرىگە ئوخشاشلا ۋەھشىي يىرتقۇچ بولسىمۇ كۆندۈرۈلگەندىن كېيىن يۇۋاشلىق بىلەن مارسلىقلارغا مۇلازىمەت قىلىدىكەن. مەن ئۆلتۈرىۋەتكەن رىتسارنىڭ يېنىدىن بۇنداق ھايۋاننىڭ ئىككىسىگە ئېرىشتىم. قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە مەن مۇشۇ يەردە ئۆسۈپ يېتىلگەن رىتسارلاردەك ئۇلارنى خالىغانچە كونترول قىلىشنى بىلىۋالدىم. ئۇلارنى كۆندۈرۈشمۇ مۇرەككەپ ئەمەس ئىكەن. ئەگەر جەڭ ئېتى ئۆستىدىكى ئادەمنىڭ ھېسسىي ئالاقە بۇيرۇقىغا تېزلىك بىلەن ئىنكاس قايتۇرالمىسا مىنگۈچى ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مىلتىق پايىنىكى بىلەن كۈچەپ ئۇرىدىكەن. ئەگەر ھايۋان قارىشلىق قىلسا داۋاملىق تاياق يەيدىكەن. نەتىجىدە ياكى بويسۇنىدىكەن ياكى ئۇ رىتسانى ئۆستىدىن دوملىتىۋېتىدىكەن. كېيىنكى ئەھۋال كۆرۈلسە ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھايات ـ ماماتلىق جەڭ باشلىنىپ كېتىدىكەن. ئەگەر رىتسار تېزلىك بىلەن ئوق چىقىرىپ مەخلۇقنى ئېتىپ تاشلىيالىسا ھاياتىنى ساقلاپ قىلىپ قايتىدىن باشقا مەخلۇقنى مىنىدىكەن. بولمىسا ئۇنىڭ مىجىقى چىقىپ كەتكەن جەستى ھەمراھ ئاياللىرى تەرىپىدىن يىغىپ ئېلىپ كېتىلىدىكەن ھەم ساكىلىقلارنىڭ ئادىتى بويىچە كۆيدۈرۈۋېتىلىدىكەن.

مەن ۋۇلاغا قوللانغان ئۇسۇلۇم بويىچە بۇ مەخلۇقلاردا ھېسسىياتنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سىناپ باقماقچى بولدۇم. ئالدى بىلەن مەن ئۇلارنىڭ مېنى يىقىتىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتىم. بەزىدە قۇلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كۈچەپ ئۇردۇم. بۇنداق قىلىشىم ئۇلارنى مېنىڭ ھۆكۈمرانلىقىمنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاش ئۈچۈن بولدى. ئاندىن كېيىن مەن يەرشارىدىكى ھايۋانلارنى كۆندۈرگەندەك ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ بارا ـ بارا ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈردۈم. مېنىڭ ھايۋانلارنى كۆندۈرۈشتە مول تەجرىبەم بار بولۇپ، مۇشۇ قابىلىيىتىمگە تايىنىپ كىشىنى قايىل قىلارلىق ئۈنۈمگە ئېرىشتىم. مەن ھەر ۋاقىت تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلارغا دوستانە مۇئامىلە قىلاتتىم. زۆرۈر بولسا مەن ئادەم ئۆلتۈرسەم ئۆلتۈرىمەنكى، ئەكسىچە گۇناھسىز، ھېچنېمىدىن بىخەۋەر بىر ھايۋاننى ئۆلتۈرىدىغان ئىشقا ھەرگىز قولۇم بارمايتتى.

بىر نەچچە كۈن ئىچىدە مېنىڭ ئاتلىرىم پۈتكۈل قەبىلىدىكى قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. ئۇلار ئىنتا ئوخشاش مېنى ئەگەشەتتى، يوغان بۇرنىنى ماڭا توختىماي سۈركەيتتى، قۇيرۇقىنى يۇقىرى ـ تۆۋەن پولاڭشىتاتتى. ئىشقىلىپ مۇشۇنداق كېلەڭسىز ھەرىكەتلىرى بىلەن ماڭا بولغان ئامراقلىقىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇلار مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئىنكاس قايتۇراتتى. مارسلىق رىتسارلار ھايۋانلارنى بۇنداق ئەپچىللىك بىلەن كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى پەقەت مېنىڭدەك يەر شارى ئادىمىدىلا مەۋجۇت بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قىلىشتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مېنىڭ ئېتىم ھويلىدا يېپىنچا ئۆسۈملۈكنى ئوتلاۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنىڭ چىشىغا بىر پارچە تاش كىرىپ قاپتۇ. مەن بىلىكىمنى ئۇلارنىڭ يوغان ئېغىزىغا تىقىپ تاشنى ئېلىۋاتقىنىمدا تارس تاركاس ئىختىيارسىز:

— سەن ئۇلارغا قانداق سېھرىي كۈچ ئىشلەتتىڭ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— كۆيۈنۈش، — دېدىم مەن جاۋاب بېرىپ، — قارا، تارس تاركاس، كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ئۆزىگە لايىق قىممىتى بار، رىتسارلارغا نىسبەتەنمۇ شۇنداق. جەڭنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە ياكى ھەربىي يۈرۈشتە مەن ئېتىمنىڭ ھەربىر بۇيرۇقۇمغا شەرتسىز بوي سۇنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. شۇڭا مېنىڭ جەڭگىۋارلىقىممۇ ماس ھالدا يۇقىرى بولىدۇ. مېھرىبانلىق مېنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك رىتسارغا ئايلاندۇرىدۇ. مېنىڭچە، بۇ چارىنى سىناپ باقساڭلار باشقا رىتسارلارمۇ شۇئانلا بىلىپ قالىدۇ. بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى، سەن ئۆز ئاغزىڭ بىلەن بۇ مەخلۇقلارنىڭ روھى كەيپىياتىنىڭ بەزىدە تۇراقسىز بولىدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبلىك كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە غەلىبىنى مەغلۇبىيەتكە ئايلاندۇرۋېتىدىغانلىقىنى، ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە ئۈستىدىكى رىتسارنى يەرگە يىقىتىپ دەسسەپ چەيلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدىڭ.

— سېنىڭ قانداق قىلغانلىقىڭنى بىر بىلىپ باقاي.

بۇ تارس تاركاسنىڭ ئاخىرقى قارارى ئىدى. مەن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئۇنىڭغا جەڭ ئېتىنى مەشىق قىلدۇرۇشنى تەپسىلىي تونۇشتۇردۇم . كېيىنچە ئۇ لوركاس پوتمىل

ۋە كۆپلىگەن رىتسارلارنىڭ ئالدىدا بۇ ئۇسۇلنى ماڭا قايتا دىگۈزدى. بىچارە مەخلۇقلارغا نىسبەتەن بۇ ئۇلارنىڭ يېڭىچە ياشاش ئۇسۇلىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. كىيىن بۇ قەبىلىدىن ئايرىلىش ئالدىدا، مەن خۇشال ھالدا بىر توپ مۇلايىم، ئىتائەتچان جەڭ ئاتلىرىنى كۆردۈم. بۇ ئاتلار شۈبھىسىزكى، ئۇرۇش، جەڭگى ـ جېدەلنى ئەرلىرىگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ قىلغان يېشىل تەنلىك مارسلىقلارنىڭ تېز، توغرا بولغان ھەربىي ھەرىكىتى ئۈچۈن ئاجايىپ زور رول ئوينايتتى. دەل مۇشۇنداق چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىمدىن لوركاس پوتمىل مىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پۈتىدىكى يوغان ئالتۇن ھالقىنى ماڭا ھەدىيە قىلدى.

ئۈچار كېمىلەر بىلەن بولغان جەڭدىن كېيىنكى يەتتىنچى كۈنى، لوركاس پوتمىل كېمىلەرنىڭ قايتىپ كېلىپ ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىق ھۇجۇم قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى بىكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ساكقا قاراپ داۋاملىق يولغا چىقتۇق. يولغا چىقىشتىن نەچچە كۈن ئالدىدىكى كۈنلەردە مەن تارس تاركاستىن مارسلىقلارنىڭ جەڭ ماھارىتىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئات مەشقلەندۈرۈش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولغانلىقىمدىن دېكا تۇرىېس بىلەن كۆرۈشۈشكە پۇرسەت ناھايىتى ئاز بولدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىملا ئۇچرىشالىدىم. ھەر قېتىم تۇرىېس بىلەن سولا سىرتقا چىققان ۋاقىتتا ياكى مەيداننىڭ يېنىدىكى بىنالارنى كۆرگىلى چىققاندا كۆرۈشۈپ قالاتتۇق. مەن ئادەمسىمان مايمۇننىڭ بارلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۇلارنىڭ يىراققا بارماسلىقىنى ئاگاھلاندۇردۇم. چۈنكى بۇ يىرتقۇچ مايمۇنلارنىڭ قانداقلىقى ماڭا ئايان ئىدى. ئەمما ۋۇلانىڭ بىر قەدەممۇ ئايرىلماي ئەگىشىپ بېرىشى ھەم سولانىڭ تولۇق قوراللانغانلىقىنى كۆرگىنىمدە كۆڭلۈمدىكى تەشۋىشلەرمۇ قاياقلارغىدۇر غايىب بولاتتى.

ئەتىسى يولغا چىقىدىغان كۈنى كەچتە، سولا بىلەن تۇرىېس ئىككىسىنىڭ شەرق تەرەپتىن مەيدانغا تۇتىشىدىغان بىر كوچىدا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم. سولاغا دېكا تۇرىېسقا مەسئۇل بولىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ ئۇنى تۇرالغۇغا قايتۇرۇۋەتتىم. مەن ئۇنىڭغا ئامراق ئىدىم ھەم ئىشىنەتتىم، لېكىن دېكا تۇرىېس بىلەن

يالغۇز قىلىشنى تېخىمۇ خالايتتىم. چۈنكى تۇررېسلا ماڭا يىراقتىكى يەرشارىدىلا مەۋجۇت بولىدىغان، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى ئوخشاش دوستلۇق ئاتا قىلالايتتى. بىز خۇددى ئالەم بوشلۇقىدىكى ئارىلىقى 48 مىليون ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى ئىككى پىلانىتتا ئەمەس، بەلكى بىر ئۆيدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەندەك ئارىمىزدا بىر خىل رىشتە مەۋجۇت بولۇپ بىزنى مەھكەم باغلاپ تۇراتتى. مەن شۇنى جەزىملەشتۈرەلەيمەنكى، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش تۇيغۇدا. چۈنكى مەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۈمىدسىزلىكتىن پەيدا بولغان ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرىدىغان ھالەت دەرھال تارقاپ چىرايلىق يۈزلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى. ئۇ كىچىك قوللىرىنى مۈرەمگە قويۇپ قىزىل تەنلىك مارسلىقلارنىڭ تىپىك ئادىتى بويىچە مېنى قارىشى ئالدى.

— ساركوجانىڭ سولاغا دېيىشىچە سىز ھازىر ھەقىقى بىر ساكلىقتا ئايلىنىپسىز، — دىدى ئۇ، — ئۇ يەنە مىنىڭ سىز بىلەن ئەمدى كۆرۈشەلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتىپتۇ.

— ساكلىقلار ئۆزلىرىنى بىز سەممىي دەپ ماختىغىنى بىلەن بىلەن ساركوجا ئۇچىغا چىققان ئالدامچى، — دىدىم مەن.

دېكا تۇررېس كۈلۈپ كەتتى.

— گەرچە مەن بۇلارنىڭ بىر ئەزاسى بولغان بولسامىمۇ بارسۇملۇقلارنىڭ تىلى بىلەن «رىتسار ئۆزىنىڭ ساۋۇت ـ دوبۇلغىلىرىنى ئۆزگەرتسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ قەلبى مەڭگۈ ئۆزگەرتمەيدۇ» دەپ ئېيتقىنىدەك سىز يەنىلا مىنىڭ يېقىن دوستۇم، — دىدىم مەن.

— ئۇلار ھازىر تۆرلۈك ئاماللارنى قىلىپ ئىككىمىزنى ئايرىۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ،— دىدى ئۇ، — سىز ئىشتىن چۈشكەن ھامان تارس تاركاسنىڭ يېنىدىكى كونا ئاياللار تۆرلۈك سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ سولا ئىككىمىزنى باشقىلار بىلەن كۆرۈشتۈرمەسلىككە ئۇرىنىدۇ. مېنى بىنانىڭ يەر ئاستى ئۆيىگە بېرىپ ئۇلارغا ياردەملىشىپ رادىي پاراشوكىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئادەمگە زىيان يەتكۈزىدىغان زەمبىرەك

ئوقى ياساشقا بۇيرىدى. بىلىشىڭىز مۇمكىن، ئۇ نەرسىنى پەقەت چىراغ يورۇقىدىلا ياسىغىلى بولىدۇ، قۇياش نۇرى بىلەن ئۇچراشسىلا پارتلاپ كېتىدۇ. سىز ئۇلارنىڭ بۇ خىل زەمبىرەك ئوقى بىلەن نىشانغا ئاتقانلىقىغا، ئوقنىڭ پارتلىغانلىقىغا دىققەت قىلغانمۇ؟ ئوقنىڭ بىر قەۋەت ئانچە سۈزۈك بولمىغان تاشقى قېپى بار بولۇپ ئۇرۇلغاندىن كېيىن يېرىلىپ ئۇيۇل ئەينەكتىن ياسالغان سىلىندىر شەكىللىك جىسىم سىرتقا چىقىدۇ. ئەينەكنىڭ ئۈچ تەرىپىدىكى رادىي پاراشوكىدىن ياسالغان كۇمىلاچ قۇياش نۇرى بىلەن ئۇچراشقان هامان ۋەياكى ئاجىز قۇياش نۇرى شۇنداقلا يورۇتۇپ ئۆتسە شۇ هامانلا پارتلايدۇ، ئۇنىڭ قۇدرىتىنى هېچنېمە توسۇۋالالمايدۇ. ئەگەر سىز كېچىسى بولغان جەڭنى كۆرگەن بولسىڭىز بۇنداق پارتلاشنى كۆرەلمەيسىز. ئەمما ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەن قۇياش چىققاندا ئالدىنقى كۈنى كەچلىكى ئاتقان ئوقلارنىڭ شىددەت بىلەن پارتلىغان ئاۋازى پۈتكۈل جەڭ مەيدانىنى قاپلاپ كېتىدۇ. كۆپىنچە هاللاردا كېچىسىدىكى جەڭدە بۇ خىل ئوق ئىشلىتىلمەيدۇ.

گەرچە مەن دېكا تۇررېسنىڭ مارسلىقلارنىڭ بۇخىل هەيران قالارلىق قورالى توغرىسىدىكى گەپلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن ئاڭلىغان بولسامۇ، ئەمما ئۇنىڭ هازىرقى هالىتىگە تېخىمۇ بەك كۆڭۈل بېلەتتى . ئۇلار بىزنى ئايرىۋېتىشكە ئورۇنسىمۇ ئۇنىڭ ئانچە هەيران قالغۇچىلىكى يوق. ئەمما تۇررېسنى خەتەرلىك هەم جاپالىق ئەمگەككە مەجبۇرلىشى مېنىڭ كۈچلۈك غەزىپىمنى قوزغىدى.

— ئۇلار سىزنى قىيناپ ، سىزگە هاقارەت قىلدىمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن. ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتۈۋاتقىنىمدا تومۇرىمدىكى ئەجدادلىرىمنىڭكىدەك ئۇرۇش خۇمار ئىسسىق قېنىم ۋاراقشىپ قايناشقا باشلىدى.

— ئانچىمۇ ئەمەس، جون كارتېر، — دېدى ئۇ، — ئۇلار نېمىلا قىلمىسۇن مېنىڭ غۇرۇرۇمغا، ئىرادەمگە بۇزغۇنچىلىق قىلالمايدۇ. ئۇلار مىنىڭ پادىشاھنىڭ قىزى ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ. مېنىڭ ئەجدادلىرىمنىڭ بىرىنچى سۈنئىي قانالنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچىلەر ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىشىدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ

كىملىكىنىمۇ ئېنىق بىلمەيدۇ، شۇڭا مېنىڭدىن قىزغىنىدۇ. ئىچىدە بولسا ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق قورقۇنۇچلۇق تەقدىرىدىن نەپرەتلىنىدۇ. ئۇلار بۇ ئاچچىقىنى مەندىن چىقىرىشقا ئورۇنلىدى . چۈنكى مەن ئۇلاردا بولمىغان ھەممە نەرسىگە، ئۇلار ئارزۇ قىلغان ئەمما ئېرىشەلمىگەن بارلىق نەرسىگە ۋەكىللىك قىلىمەن. بىز ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتايلى، مېنىڭ سەردارىم. گەرچە بىز ئۇلارنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتسەكمۇ يەنىلا ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىمىز ۋە ئىچ ئاغرىتىمىز. چۈنكى بىز ئۇلاردىن مەدەنىيەتلىك ھەم بۈيۈك، ئۇلار بۇنى ئېنىق بىلىدۇ.

ئەگەر مەن قىزىل تەنلىك ئايالنىڭ ئەرلەرنى «مىنىڭ سەردارىم» دەپ ئاتىشىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن بولسام ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم قاتتىق ھەيران قالغان بولاتتىم. ئەمما مەن دەسلەپدە ۋە كېيىنكى نەچچە ئاي ۋاقىت ئىچىدە بۇنى چۈشەنمەي يۈرۈپتىمەن. ھەقىقەتەن بارسۇمدا ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەر بار ئىكەن. بارسۇمدا ئاياللار ئەرلەرنى «سەردارىم» دەپ ئاتىغانلىقى ئۇنى ئۆزىنىڭ توي قىلىش ئۈچۈن پۈتۈشكەن يىگىتىم دەپ قارىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن. ئەمما مەن بۇنى تولىمۇ كېچىكىپ چۈشەندىم.

— بىز باتۇرلۇق بىلەن تەقدىرگە يۈزلىنىشىمىز كېرەك، دېكا تۇررىس. ئەمما كېيىنكى قېتىم قانداق رەڭلىك مارسلىق، يېشىل بولامدۇ، قىزىل بولامدۇ، قىزغۇچ بولامدۇ ياكى بىنەپشە بولامدۇ كىملا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھاياتلا بولسام ھېچكىمنىڭ سىزگە كۆزىنى چەكچەيتىپ قارىشىغىمۇ يول قويمايمەن.

مەن ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزنى ئېيتقىنىمدا دېكا تۇررىس نەپىسىنى توختىتىپ يوغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى، ئۇنىڭ نەپىسى تېزلىشىپ كېيىن چىرايىدا غەلىتە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر جۈپ شوخ زىناق پەيدا بولدى. بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ :

— سىز راستتىنلا بىر كىچىك بالا ئىكەنسىز شۇنداقلا بىر ئۇلۇغ رىتسار ھەم ئوقۇغۇچى، — دېدى.

— مەن نېمە بوپتىمەن؟ — دەپ سورىدىم چۈشۈنەلمەستىن.

— بىز ھاياتلا بولساق، جون كارتېر ، كېيىنچە بىلىپ قالىسىز. ئەمما سىزگە دەپ بېرەلمەيمەن. مەن تاردوس مورسنىڭ ئوغلى مورس كاجاكنىڭ قىزى، سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلاپ چىچىلغىنىم يوق.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە سۆزىنى توختاتتى. ئاندىن ئۇنىڭ كەيپىياتى بىردىنلا خۇشاللىق ھالىتىگە ئايلىنىپ مېنىڭدەك جەسۇر ھەم ئاجىز ساكىلىقنى مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى.

— مېنىڭ سىزگە بولغان چۈشەنچەم بويىچە ئېيتسام، سىز كۆتمىگەندە بىرەرسىنى، مەيلى ئۇ دۈشمەن بولسۇن، يارىلاندۇرۇپ قويسىڭىز، پەرىزىمچە سىز ئۇنى ئۆيىڭىزگە ئېلىپ كېتىپ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگۈچە ھالىدىن خەۋەر ئالغۇدەكسىز، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— يەر شارىدا بىز مۇشۇنداق قىلىمىز، — دېدىم مەن، — ھېچ بولمىغاندا تەربىيە كۆرگەن ئەر شۇنداق قىلىدۇ.

بۇ گېپىم ئۇنى تېخىمۇ كۈلدۈرۈۋەتتى. ئۇ سۆزۈمنى چۈشەنمىگەن ئىدى. گەرچە ئونىڭدا ئاياللارنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى، مېھرىبانلىقى ۋە ئاجىزلىقلىرى بولسىمۇ ئەمما ئۇ نېمىلا دېگەن بىلەن بىر مارسلىق ئىدى. بىر مارس ئادىمىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ تاللاشلار «توغرا» ئىش ھېسابلىناتتى . چۈنكى شۇنداق قىلغاندىلا ھايات قالغانلار بۆلۈشىدىغان نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك بولاتتى.

مىنىڭ بايامقى قايسى سۆزۈم ياكى قانداق ھەركىتىم ئونىڭ كەيپىياتىنى بۇنداق زور ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى شۇنداق بىلگۈم بار ئىدى. مەن توختىماي ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— ئەمدى سورىماڭ، — دېدى ئۇ، — سىزنىڭ بۇ سۆزلىرىڭىزنى يېتەرلىك ئاڭلىدىم، سىز سەۋەبىنى بىلگەن ۋاقتىتا جون كارتېر، ئەگەر مەن ئۇ چاغدا ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن بولسام بارسۇمدىكى يىراقىراق ئاي 12 قېتىم ئايلانغۇچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بېرىش ئېھتىمالى زور. سىزنىڭ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىغانلىقىم ھەم كۈلۈپ كەتكەنلىكىم

ئىبسىگىزدە بولسۇن.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ ھېچنېمىسىنى چۈشىنەلمىدىم، بۇ توغرىلىق ئۇنىڭدىن ئۇلتۇنگەنسىرى ئۇ قەتئىي رەت قىلىپ تۇرۇۋالدى. مەن ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەندىم ، ئامالسىز ئاخىرى بولدى قىلدىم.

قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ بىز بارسۇمنىڭ ئىككى ئاي نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان كەڭ يوللىرىدا داۋاملىق كېتىۋاتاتتۇق. يەر شارى تۇررېسىنىڭ تىنىق، كۆك كۆزلىرىدەك بىرگە يىراقتىن نەزەر تاشلاپ تۇراتتى. پۈتكۈل ئالەمدە بىزلا باردەك بىلىنمەكتە. ئۆزۈمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا مەن بۇ ئىككى كىشىلىك دۇنيادىن ئىنتايىن مەمنۇن ئىدىم.

مارسىنىڭ كېچىسىدىكى سوغۇق بىزگە كەينى ـ كەينىدىن ھۇجۇم قىلدى. مەن ئۇچامدىكى يىپەك رەختنى ئېلىپ تۇررېسىنىڭ مۈرىسىگە يېپىنچاقلاپ قويدۇم. بىلىكىم ئۇنىڭ جىسمى بىلەن ئۇچراشقان شۇ پەيتتە بىرخىل سېزىم پۈتۈن جىسمىمنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. بۇ خىل سېزىم مەن باشقا كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان. ئۇ ماڭا سەل ـ پەل يېقىنلاشقاندەك تۇيۇلدى. ئەمما مەن بۇ نۇقتىنى جەزىملەشتۈرەلمەيمەن. مەن پەقەت بىلىكىمنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويغان ۋاقتىنىڭ يىپەك رەختنى يېپىنچاقلاپ قويغان ۋاقتتىن ئۇزۇن ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن. ئۇ قورۇنۇپمۇ كەتمىدى ھەم ھېچنېمە دېمىدى. مانا مۇشۇنداق قىلىپ بىز خارابىلىشىۋاتقان پىلانىتنىڭ تۈپرىقىدا جىمجىت كېتىۋەردۇق. خىيالىمىزدا ھەم قەدىمى ھەم يىپ ـ يېڭى بىر دۇنيا پەيدا بولدى. ھېچبولمىغاندا مېنىڭدە شۇنداق.

مەن دېگىدا تۇررېسنى ياخشى كۆرۈمەن . بىلىكىم ئۇنىڭ يالىڭاچ مۈرىسىگە تەگكەندە خاتا ئۇيلىمىغانلىقىمنى بىلدىم. ماڭ ئايانىكى، بىرىنچى قېتىم كۆرگەن چاغدىلا مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدىم.

## ئون تۆتىنچى باپ

# ھايات ـ ماماتلىق كۈرەش

مىنىڭ بىرىنچى قېتىم ھاياجانلانغان ۋاقتىم ئۇنىڭغا مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلىشنى ئويلاش بولدى. مەن ئۇنىڭ ھېچقانداق يۆلەكسىز ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلىساممۇ پەقەت مەنلا ئۇنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتەلەيدىغان بىردىنبىر ئادەم ئىدىم. ساك شەھىرىگە يېتىپ باغاندىن كېيىن تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق كۈچۈم بىلەن ئۇنىڭ مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان تارىخى ئۆچمەنلىكى بار دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇرۇشنى ئالىبۇرۇن ئويلاپ قويدۇم. ھازىر ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتىمنى ئېيتسام بەلكىم ئۇ ئىنكاس قايتۇرماسلىقى مۇمكىن. شۇنىسى مەن تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ ئۇنىڭ ئازابىنى ئېغىرلىتىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. ئەگەر ئۇ مۇشۇنداق ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقاندا، يېنىكلىك بىلەن ئىش قىلىپ، ئۇنىڭ ھېسسىياتى بىلەن ھېسابلاشماي ، ئۇنىڭغا تەلەپ قويسام ئېنىقكى ، پەقەتلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگەن بولىمەن. ئەگەر تۇررىس ماڭا قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن مىننەت قىلىۋاتىدۇ، پۇرسەتپەرەسلىك قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالسا مەن ناھايىتى پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاتتىم.

— دېكا تۇررىس، سىز نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ — سورىدىم مەن، — بەلكىم سىز ھازىر تۇرىۋاتقان ئورنىڭىزغا ، سولانىڭ يېنىغا قايتىشنى ئويلاۋاتقانسىز؟

— ياق،— دېدى ئۇ ئاستا، — نىمە ئۈچۈنكىن مەن بۇ يەردە ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمەن. مەن سىز بىلەن، جون كارتېر، سىزدەك يات ئادەم بىلەن بىللە بولسام ئۆزۈمنى بەختلىك ھەم رازىمەنلىك ھېس قىلىمەن. بۇنداق چاغدا ئۆزۈمنى

ئىنتايىن بىخەتەر ھېس قىلىمەن. خۇددى ئۇزاق ئۆتمەيلا سىز بىلەن بىللە ئاتامنىڭ ھوزۇرىغا قايتىدىغاندەك، ئۇلار كىچىك بىلەكلىرى بىلەن مېنى قۇچاقلايدىغاندەك، ئاتا ـ ئانامنىڭ يۈزىگە ياش ئاققۇزۇپ قىزغىن سۆيۈشلىرىدىن قايتا ھوزۇرلىنىدىغاندەك بىلىنىدۇ.

— ئۇنداقتا بارسۇملۇقلارمۇ سۆيۈشەمدۇ ؟

— شۇنداق، ئاتا ـ ئانا، ئاكا ـ ئۇكا ۋە ئاچا ـ سىڭىللار ئۆزئارا سۆيۈشىدۇ، — ئۇ يەنە مەنىلىك قىلىپ قوشۇپ قويدى، — يەنە ئاشىق ـ مەشۇقلارمۇ شۇنداق.

— ئۇنداقتا تۇرىېس، سىزنىڭ ئاكا ـ ئۇكا ۋە ئاچا ـ سىڭىلىڭىز بارمۇ؟

— شۇنداق.

— يەنە سۆيگىنىڭىز بارمۇ؟

ئۇ جاۋاب بەرمىدى. مەنمۇ داۋاملىق سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. ئاخىرىدا ئۇ غەيرەتكە كېلىپ:

— بارسۇمدا ئەرلەرنىڭ ئانىسى ياكى ئۆزى جەڭ قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن قىزدىن باشقا، ئوغۇللار ئەزەلدىن قىزلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇش ئىشىنى سورىمايدۇ، — دىدى.

— ئەمما مەن كۆرەش قىلدىم... — مەن شۇنداق دەپ بولۇپ ئارقىدىنلا ئۆزۈمنىڭ تىلىنى كېسىۋەتكۈم كېلىپ كەتتى. مەن ئېغىزىمنى قولۇم بىلەن ئېتىۋالغان ۋاقىتتا ئۇ ئۆرۈلۈپ مۈرىسىدىن يېپەك رەختنى ئېلىپ ماڭا قايتۇرۇپ بەردى. ئاندىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن بېشىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە ئايال پادىشاھلاردەك قىياپەتتە مەيدانغا قاراپ مېڭىپ ئۆزى تۇرىۋاتقان بىناغا بۇرۇلدى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشمىدىم، پەقەت ئۇنى كۆزىتىپ تۇردۇم. ئۇنىڭ بىخەتەر ھالدا تۇرالغۇسىغا كىرىپ كېتىشىگە دىققەت قىلدىم. ئاندىن ۋۇلانى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشقا بۇيرۇدۇم. مەن روھىم چۈشكەن ھالدا بۇرۇلۇپ ئۆزۈمنىڭ تۇرالغۇسىغا كىرىپ كەتتىم. بىر نەرسە خۇشياقمىغاندەك يېپەك رەخت ئۈستىدە نەچچە سائەت ئولتۇردۇم. كۆڭلۈم ئىنتايىن غەش

بولۇپ، تەقدىرنىڭ بىزدەك بىچارىلەرنىڭ بېشىغا ئېلىپ كەلگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى ئۈستىدە ئويلاندىم.

ئۇنداقتا مۇشۇنىڭ ئۆزى مۇھەببەت! شۇنچە يىللاردىن بىرى مەن جاھان كېزىپ يۈرۈپ ساھىبجامال ئاياللارغا يولۇقتۇم، نۇرغۇن ياخشى پۇرسەتلەر بولدى. مۇھەببەتكە بولغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم ۋە غايەم بولغان بولسىمۇ ئەمما مەن ھەر قېتىم مۇھەببەتتىن ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم. مەن مۇھەببەتنى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرغىنىم بىلەن ئاقىۋەتتە يەنە يات بىر دۇنيادىكى باشقا روھنى، ماڭا ئوخشاش كېتىدىغان ھەم پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان روھنى، تۇخۇم قېپىنى يېرىپ چىققان ئايالنى قوغلىشىدىغان ئەسەبىيگە ئايلىنىپ قالدىم. بەلكىم ئۇنىڭ ئۆمرى مىڭ يىلدىن ئېشىپ كېتەر. بەلكىم ئۇ ياشايدىغان يەردىكى خەلقنىڭ ئۆرۈپ ئادەت ۋە تۇرمۇش ئۇقۇمى مېنىڭكى بىلەن پەرقلىنەر . ئەمما، ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، خۇشاللىقى، ئەخلاق قارىشى ۋە بەزى ھەق ـ ناھەق ئۆلچەملىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭكى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىكەن.

شۇنداق، مەن ئۇچىغا چىققان ئەخمەق، سۆيگۈ تورىغا ئېلىندىم. گەرچە ھازىر تۇغۇلغىنىمدىن بۇيانقى ئەڭ زور ئازابقا دۇچار بولۇۋاتقان بولسامۇ ئەمما، بارسۇمدىكى ھەممە نەرسىدىن كېچىپ بۇ سۆيگىنى قولغا كەلتۈرۈشكە رازىمەن. مانا بۇ مۇھەببەت. مۇھەببەت مەۋجۇت بولغانلىكى يەردە ماڭا ئوخشاش ئەخمەق بار.

ماڭا نىسبەتەن دېكا تۇررېس كەم ـ كۈتىسىز ئۆلگە، پاكلىق، گۈزەللىك، ئالىيجانابلىقنىڭ سىمۇۋۇلى. شۇ كېچىسى مەن يىپەك رەخت ئۈستىدە تۇگۈلۈپ ئولتۇرۇپ، غەربتىكى ئاسمان بوشلۇقىدا بارسۇمغا يېقىنراق ئاي ئاستا ـ ئاستا ئۇپۇق سىزىقىغا يېقىنلىشىپ مېنىڭ قەدىمى ئۆيۈمدىكى ئالتۇن، مەرمەر تاش ۋە ياقۇتتىن ياسالغان ھەيكەلنى يورۇتقان چاغدىلا قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن، چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشەندىم. تاكى بۈگۈنگە قەدەر مەن خادسۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى شۇ كىچىك كۈتۈپخانەمنىڭ يىرىق ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇرغان چېغىمدىمۇ مەن مۇشۇنداق ئويلىدىم. يىگىرمە يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەن دېكا تۇررېس ۋە ئۇنىڭ خەلقى

بىلەن ئون يىل ياشىدىم ۋە كۈرەش قىلدىم. ئۇنى سېغىنىش ئىچىدە يەنە بىر ئون يىلنى ئۆتكۈزدۈم.

بىز ساكقا قايتىش سەپىرىمىزنى باشلىغان شۇ كۈنى سەھەردە ھاۋا ئۇچۇق ھەم قاتتىق ئىسسىق بولدى. جەنۇب ـ شىمال قۇتۇپتىكى قار مۇز ئېرىيدىغان ئالتە ھەپتە ئىچىدە مارسنىڭ ئەتىگەنلىكى مۇشۇنداق بولاتتى. مەن يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان ئەترەت ئىچىدىن دېكا تۇررېسنى تاپتىم. بىراق ئۇ ماڭا تەتۈر قارىۋالدى. مەن ئۇنىڭ يۈزىدە بىر پارچە قىزىللىقنىڭ ئەكس ئەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆلگۈردۈم. ئەسلىدە ئۇنىڭغا قانداق ئازار بەرگەنلىكىمنى ياكى قانچىلىك زىيان يەتكۈزگەنلىكىمنى ئېيتىشنى ئۆتۈنەي، دەپ ئويلىغان، شۇ ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە چۈشەنچە بەرمەكچى بولغانىدىم. شۇنىسى مۇھەببەت ئوتى مېنى گالۋاڭ قىلىپ سۆز ۋە ھەركىتىمنىڭ بىردەكلىكىنى قالايمىقان قىلىۋەتكەن ئىدى. مەن ھېچنېمە دېمىدىم.

مەندىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئۇنى سەپەر جەريانىدا ئازادە ھېس قىلدۇرۇشقا ئۈندىدى. شۇڭا ئو تۇرىۋاتقان ھارۋىنىڭ ئىچىنى تەكشۈردۈم، ئىچىدىكى يىپەك رەخت ۋە مويلۇق تېرىنى قايتىدىن رەتلىدىم ھەم قاتتىق ھەيرانلىق ئىچىدە شۇنى بايقىدىمكى ئۇنىڭ بىر پۈتى ئېغىر كىشەن بىلەن ھارۋىغا سولاپ قويۇلۇپتۇ.

— بۇ نېمە ئىش؟ — مەن ئىختىيارسىز ۋارقىراپ سولاغا بۇرۇلدۇم.

— ساركوجا مۇشۇنداق قىلىش ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارايدىكەن، — دىدى ئۇ جاۋاب بېرىپ. ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن مەھبۇسقا بۇنداق مۇئامىلە قىلىشقا ئۆزىنىڭمۇ قوشۇلمايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

مەن تەكشۈرۈپ كىشەننىڭ ناھايىتى يوغان پۈرژىنىلىق قۇلۇپ بىلەن سۇلانغانلىقىنى بايقىدىم.

— سولا، ئاچقۇچ قېنى؟ ئۇنى ماڭا بېرىڭ.

— جون كارتېر، ئاچقۇچ ساركوجادا.

مەن ئارتۇق سۆزلەشنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى بىلىپ بۇرۇلۇپلا تارس تاركاسنىڭ

يېنىغا باردىم ھەم دېكا تۇررېسقا بۇنداق چىداپ تۇرغۇسىز رەھىمسىزلەرچە ۋاستە ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن نارازىلىقىمنى بىلدۈردۈم. مېنىڭچە بۇنداق ۋاستە قوللىنىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق ئىدى.

— جون كارتېر، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ، — سەن دېكا تۇررېس بىلەن بىللە قاچماقچى بولساڭ ئۇنداقتا دەل مۇشۇ قېتىمقى سەپىرىمىزدە بولغان بولىدۇ. بىز بىلىمىز، سەن ھەرگىز ئۇنى تاشلاپ قويمايسەن. سەن ئۆزۈڭنىڭ ئۇلۇغ رىتسار ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلىدىڭ، بىزمۇ سېنى كىشەن بىلەن باغلاپ قويۇشنى خالىمايمىز. شۇڭا بىز مۇشۇنداق ھەم بىخەتەر ھەم تېجەشلىك ئۇسۇلنى قوللىنىپ سىلەرنى باشقۇرۇش قارارىغا كەلدۇق. مېنىڭ سۆزۈم تۈگىدى.

مەن ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى دەرھال چۈشەندىم. ئۇنىڭ قارارىنى ئۆزگەرتىمەن دېيىش بىھۇدە ئاۋارىچىلىق ئىكەنلىكى ماڭا مەلۇم. لېكىن، مەن ئۇنى ساركوجادىن ئاچقۇچنى ئىلىۋېلىشقا ھەم ئونىڭغا مەھبۇسقا يەنە يېقىن يوللىماسلىققا بۇيرۇق قىلىشنى دەۋەت قىلدىم.

— ئېتراپ قىلىشىڭ كېرەك، مەن ساڭا ناھايىتى ياخشى تەسىر بەردىم. ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرۇش يۈزىسىدىن تارس تاركاس، مەن ئۈچۈن بۇ ئىشلارنى قىلىپ بەرگىن.

— ياخشى تەسىر، — دېدى ئۇ، — جون كارتېر، بۇ خىل ئىش مەۋجۇت ئەمەس. بوپتۇ، سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلايلى. مەن ساركوجاغا ئۇ قىزغا يېقىنلاشماسلىقى توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرەي، ئەمما ئاچقۇچنى ئۆزۈم ساقلايمەن.

— سەن بۇ ۋەزىپىنى ماڭا تاپشۇرساڭ... — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى يۇتىۋەتتىم.

ئۇ ماڭا ئەستايىدىللىق بىلەن بىردەم تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ئەگەر سەن تەل خاجاسنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشتىن ئاۋۋال دېكا تۇررېس ئىككىڭلارنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكىڭگە كاپالەتلىك قىلالىساڭ ئاچقۇچنى ئېلىپ بېرىپ

كىشەننى يىپ دەرياسىغا تاشلىۋەتسەك بولىدۇ.

— يەنىلا ئۆزۈڭ ساقلىغىن، — دېدىم مەن ئوڭايسىزلىنىپ.

ئۇ كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئەمما شۇ كۈنى كەچلىكى بىز قارارگاھ تىككەن چاغدا مەن ئۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن دېكا تۇررېسىنىڭ پۈتىدىكى كىشەننى ئېچىۋەتكەنلىكىنى كۆردۈم.

تارىس تاركاس ۋەھشىي، رەھىمسىز بولغىنى بىلەن يۈرۈكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن مەجبۇرى بېسىپ تۇرغان ھېسسىيات يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى. ئەجەبا، بۇ ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئىنسانىي تەبىئىتىنىڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قايتا تىرىلگەنلىكىنىڭ ئالامىتىمۇ؟

مەن دېكا تۇررېسىنىڭ ھارۋىسىغا يېقىنلاشقان ۋاقىتتا ساركوجانى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ نەپرەتلىك ھالىتى ماڭا نىسبەتەن شەك — شۈبھىسىز نەچچە سائەتتىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ تەسەللى بولدى. تەڭرىم، ئۇ ماڭا ئىنتايىن ئۆچ بولۇپ كەتكەن بولۇپ ئۆچمەنلىك چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى قاراشتىنلا ئادەمنىڭ جىنىنى ئالاتتى. بىردەمدىن كېيىن مەن ئۇنىڭ زات دەپ ئاتىلىدىغان بىر رىتسار بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. زاتنىڭ گەۋدىسى ھەم يوغان ھەم قاۋۇل بولۇپ بىرمۇ ئاقساقالنى ئۆلتۈرمىگەچكە ھازىرغىچە بىرلا ئىسمى بار ئىدى. مارسلىقلاردا مۇشۇنداق ئادەت بولغاچقىلا مەن ئىلگىرى ئۆلتۈرىۋەتكەن ئىككى ئاقساقالنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىشقا مۇيەسسەر بولالىدىم. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مېنى داۋتىر ساگات دەپ ئاتايتتى. بۇ مەن ئۆلتۈرىۋەتكەن ئىككى ئاقساقالنىڭ ئىسىملىرىنىڭ بىرلەشمىسى ئىدى.

ساركوجا بىلەن زات سۆزلىشىۋاتقاندا زات ماڭا تاسادىپىي بىرنەچچە قېتىم كۆز تاشلاپ قويدى. ساركوجا ئۇنىڭ باتۇرلۇق بىلەن بىر ھەرىكەت قوللىنىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇترۇتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ۋاقىتتا مەن ئانچە ئېرەن قىلمىغان ئىكەنمەن. ئەمما ئىككىنچى كۈنى ئالدىنقى كۈندىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قايتا ئويلاپ بېقىشقا يېتەرلىك سەۋەب تاپتىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە دەسلەپكى قەدەمدە ساركوجانىڭ ماڭا قانچىلىك ئۆچ

بولۇپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۆلگۈردۈم: ئۇنىڭ غالجىرلاشقانلىقىنى، ئۆچ ئېلىش نىيىتىدە زات بىلەن قانداق سۈيقەست ئىشلىتىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

شۇ كۈنى كەچلىكى، دېكا تۇررېس مىنىڭ بىلەن پاراڭلىششنى خالىمىدى. مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرغان بولسامىمۇ ماڭا جاۋاب قايتۇرمىدى، ھەتتا قاپقىنى ئېچىپ قاراپمۇ قويمىدى. بۇ ماڭا تولىمۇ ھار كەلگەن ئىدى. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە مەنمۇ باشقا ئاشىق ـ مەشۇقلارغا ئوخشاش ئۇسۇل قولۇنۇپ باشقىلاردىن ئەھۋال ئىگەنلەپ باقماقچى بولدۇم. چېدىرنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن سولانى تاپتىم.

— دېكا تۇررېسقا زادى نېمە بولدى؟ — دەپ تاشلىدىم مەن، — ئۇ نېمشقا مېنىڭ بىلەن سۆزلىششنى رەت قىلىدۇ؟

سولا ئۆزىمۇ گاڭگىراپ قالغان بولۇپ دېكا ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ھالەتنى ھەرگىز چۈشەنمەيتتى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىچارە قىز ئۇنى قانداقمۇ چۈشۈنەلىسۇن.

— ئۇ سىزدىن بىزار بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ، ئۇ دېگەن بىر مەلىكە، خاننىڭ ئەرتىۋالىق قىزى. شۇڭا بىر ئادەم ئۇمۇر بويى ئۇنىڭ مومىسىنىڭ ئايىقىنى سۈرۈتسىمۇ، كۆڭلى خالىمايدىغان كىشىنى ئۆزىگە ھەرگىز مۇۋاپىق كۆرمەيدىكەن.

مەن بىردەم سۈكۈت قىلغاندىن كىيىن سورىدىم:

— بۇ نېمە دېگىنى ؟

— بۇ سىزدىن قاتتىق رەنجىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، — دىدى سولا.

ئەمدى بىلدىم، مېنىڭ ھەتتا ئۇنىڭ مومىسىنىڭ ئايىقىنى سۈرتۈشكىمۇ سالاھىيىتىم توشمايدىكەن. دېمەك، مەن دېكا تۇررېسنىڭ نەزىرىدە شۇنچىلىك پەس ئىدىم . شۇنداق بولسىمۇ بۇنداق غەلىتە كۆز قاراشتىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم. بۇنداق كۆز قاراش شەكسىز يەر شارىدىكى ئاقسۆڭەك جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئويلايدىغىنى بىلەن تولىمۇ ئوخشايتتى. دەل مۇشۇنداق ئوخشاشلىقنىڭ بولغىنى مېنى

بىئارام قىلىشقا قارىغاندا تېخىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا بۇ «ئۇنىڭ ئايىقىنى سۈرتۈشكىمۇ سالاھىتىم يوق» دېگەن بىلەن ئوخشايتتى. مەن ئىختىيارسىز يۈرتۈمنى ئەسكە ئالدىم.

يۇرتۇمدىكىلەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىم. مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن يىللار بولدى. ۋىرگىنىيىدە كات دەيدىغان بىر ئادەم بولىدىغان، ئۇلارنىڭ مىنىڭ بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئۇ يەردە ھەممىسى مېنى جېك تاغا دەپ ئاتىشاتتى. كاتنىڭ ئۆيىدە مەن ياخشى كۆرۈدىغان ئىككى بالا بار. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دۇنيادا ھېچكىم جېك تاغىسى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالمايتتى. مەن بارسۇمدىكى ئاي شولىسىدا تۇرىۋاتقان بولساممۇ خىيالىمدا ئۇلارنىڭ ئوبرازى پەيدا بولدى. ئۇلارنى شۇنداق كۆرگۈم كەلدى، ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشنى ئەزەلدىن بۇنچىلىك ئارزۇ قىلىپ باقمىغان. مەن بىر سەرگەردان، ئائىلە دېگەننىڭ نېمىلىكىنى راستتىنلا بىلمەيمەن. ماڭا نىسبەتەن كاتنىڭ ئۆيىدىكى زال بۇ ئاتالغۇنىڭ بارلىق مەنىسىگە ۋەكىللىق قىلاتتى. ھازىر قەلبىم بۇ سوغۇق جانلىقلار دۇنياسىدىن يۇرتۇمغا ئۇچۇپ كەتتى. ھەتتا دېكا تۇررىسمۇ مېنى كۆزىگە ئىلمايدىكەن! مەن شۇنداق پەس، ھەتتا ئۇنىڭ مومىسىنىڭ ئايىقىنى سۈرتۈش سالاھىيىتىمۇ مەندە ھازىرلانمىغان. مەن بۇلارنى ئويلىغىنىمدا تۇرۇپلا مېنى كۈلكە قىستاپ كەتتى. ئاخىرى يۇمۇرىستىك تۇيغۇ مېنى رېئال دۇنياغا قايتۇرۇپ كەلدى. مەن كۈلگىنىمچە يېپەك رەختنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئاي شولىسى چۈشۈپ تۇرغان يەر يۈزىدە خۇددى ھاردۇق يەتكەن رىتسارلاردەك ئاستا ـ ئاستا ئۇخلاپ قالدىم.

ئىككىنچى كۈنى تاڭ يورىشىغىلا يولغا چىقىپ كۈن قارايغىچە بىرلا قېتىم ئارام ئالدۇق. سەپەر جەريانىدا ئىككى ئىش يۈرۈشنى توختىتىپ قويىدى. چۈشكە يېقىن يولنىڭ ئوڭ تەرەپ ئالدى يۆنىلىشتە تۇخۇم بېسىش ئۆيىدەك بىر جاينى ئۇچراتتۇق. لوركاس پوتمىل تارس تاركاسقا بېرىپ تەكشۈرۈپ بېقىشقا بۇيرۇق قىلدى. تارس تاركاس مېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون نەچچە رىتسارنى باشلاپ مەخمەلدەك يۇمشاق يېپىنچا ئۆسۈملۈكنى دەسسەپ كىچىك قورۇلۇشنىڭ يېنىغا كەلدۇق. پەرەز قىلغىنىمىزدەك بۇ دەل بىر تۇخۇم

بىسىش ئۆيى ئىكەن. ئەمما بۇ يەردىكى تۇخۇملار مەن ئەڭ دەسلەپ مارسقا كەلگەندە كۆرگەن تۇخۇملاردىن كۆپ كىچىك ئىدى.

تارىس تاركاس ئاتتىن چۈشۈپ ئۆيىنى ئىنچىكە كۆزەتكەندىن كېيىن بۇ ئۆينىڭ يېشىل تەنلىك مارسلىقلارنىڭ ۋارخۇن پادىشاھلىقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، تامدىكى سۇۋاقلىرىنىڭ تېخى قۇرىمىغانلىقىنى جاكارلىدى.

— ئۇلارنىڭ بۇ يەردىن كەتكىنىگە كۆپ بولسا بىر كۈن بوپتۇ، — دەپ ۋارقىراشتى ئۇلار. شۇڭا ئۇلار بىلەن ناھايىتى تېزلا ئۇچرىشىپ قىلىش مۇمكىنچىلىكى زور ئىدى. يىتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان بىر مەيدان جەڭ ئۇلارنىڭ بەتبەشىرە يۈزىدە چىراغ نۇرىدەك چاقناپ ئۆتتى.

تۇخۇم بىسىش ئۆيىدە قىسقىلا تۇردۇق. رىتسارلار ئىشىكنى بۇزغاندىن كېيىن ئىككى - ئۈچىسى ئىچىگە ئۆمۈلەپ كىرىپ خەنجەرلىرى بىلەن تۇخۇملارنى ناھايىتى تېزلا ۋەيران قىلىۋەتتى. ئاندىن ئاتلىرىمىزغا مىنىشىپ ئەترەتكە قايتتۇق. يولدا مەن پۇرسەت تېپىپ تارىس تاركاستىن:

— ۋارخۇن قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى ساكلاردىن كىچىكمۇ؟ — دەپ سورىدىم ،

— مەن قارىسام ئۇلارنىڭ تۇخۇمى سىلەرنىكىدىن جىق كىچىككەن.

تارىس تاركاس ماڭا چۈشەندۈرۈپ بۇ تۇخۇملارنىڭ ئەمدىلا قويۇلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ باشقا مارسلىقلارنىڭ تۇخۇمىغا ئوخشاش بەش يىل جەريانىدا چوڭلاپ مەن مارسقا كەلگەندە كۆرگەن تۇخۇمدەك ھالەتكە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ گەپ ئادەمنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇراتتى. مەن ئەسلى مارسلىق ئاياللارنىڭ گەۋدىسى چوڭ بولغىنىغا قارىماي ئىچىدىن تۆت فوت ئېگىزلىكتىكى بوۋاق چىقىدىغان تۇخۇم تۇغالايدىكەن، ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىمەن. ئەمەلىيەتتە تۇغقان تۇخۇملىرى غاز تۇخۇمىدىن ئانچە چوڭ پەرق قىلمايدىكەن. شۇنداقلا تۇخۇملارنىڭ كېيىنكى يېتىلىش جەريانى پۈتۈنلەي قۇياش نۇرىغا باغلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئاقساقاللارنىڭ تۇخۇم ساقلايدىغان ئۆيدىن نەچچە يۈز تۇخۇمنى تۇخۇم بىسىش

ئۆيگە ئاپىرىش خىزمىتىمۇ ئاسانلا ئورۇنلىنىغلىق بولىدىغان ئىش ئىكەن.

ۋۇرخۇن تۇخۇمى ۋەقەسى بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا جەڭ ئاتلىرىنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئىلگىرلەشنى توختاتتۇق. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئىككىنچى بىر قىزىقارلىق ئىش يۈز بەردى. مەن ئىتىمنىڭ ئۈستىدىكى يۈك ـ تاقلارنى ئالدىراش تۈزەشتۈرۋاتقان ۋاقتىمدا زات يېنىمغا كەلدى. ئاندىن بىر ئىبغىزمۇ گەپ قىلماي شەمشىرىنى چىقىرىپ مېنىڭ جەڭ ئېتىمغا غەزەپ بىلەن شىلتىدى.

ئاچچىقىمدا يان قۇرالىمنى چىقىرىپ بۇ ھارامزادىنى ئېتىپ تاشلىغىلى قىل قاپتىمەن. بۇنداق قىلسام مارسلىقلارنىڭ ئادىتىگە خىلاپلىق قىلىدىغانلىقىم دەرھال يادىمغا يەتتى ـ دە، قۇرالغا ئۇزاتقان قولۇمنى تېزلىكتە تارتىۋالدىم. ئۇ شەمشىرىنى كۆتۈرۈپ مېنى ساقلاپ تۇراتتى. ھازىر مېنىڭ بىردىن بىر قىلىدىغان ئىشىم ئۇنىڭ ماگا جەڭ ئېلان قىلغانلىقىغا ئىنكاس قايتۇرۇش ئۈچۈن ئوخشاش ئۇسۇل بويىچە شەمشەر ياكى خەنجىرىمنى چىقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئادىل بىر مەيدان جەڭ قىلىش ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭدىنمۇ قىسقا قوراللارنى، خالىسام خەنجەر، پىچاق، پالتىنى چىقارسامۇ، ھەتتا قولۇمغا ھېچنېمە ئالماي ئۇنىڭ بىلەن جەڭگە چۈشسەممۇ بولىۋېرەتتى. يۇقىرىقىلاردىن قانداق قورالنى تاللاش مېنىڭ ھوقۇقۇم بولۇپ مىلتىق تۈرىدىكى قوراللارنى ياكى ئۇزۇن نەيزە بىلەن ئۇنىڭ شەمشىرىگە تاقابىل تۇرۇشقا بولمايتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش قورالنى تاللىدىم. زات بۇرۇن لاپ ئېتىپ ئۆزىنىڭ بۇ قۇرالنى ئىشلىتىشكە ناھايىتى ماھىرلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدى. شۇڭا ، مەن يەگمەكچى بولسام چوقۇم شەمشەر بىلەن ئۇنى مەغلۇپ قىلىشىم كېرەك.

ھايات ـ ماماتلىق جەڭ باشلاندى. پۈتكۈل سەپەردىكى ئادەملەر بىزنى قورشىۋالغان بولۇپ، دوئىلغا چۈشۈشىمىز ئۈچۈن دىئامېتىرى ئالاھازەل يۈز فوت كېلىدىغان چەمبەر شەكىللەندۈرگەن ئىدى.

زات دەسلىپىدە بوقا چېلبۆرىگە تاقابىل تۇرغاندەك ئۇسۇل بىلەن مېنى سوقۇپ يىقىتماقچى بولدى. مەن ناھايىتى چاققانلىق بىلەن ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم. ئۇ ھەر قېتىم

مەن بىلەن سۈركۈلۈپ دېگەندەك ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ بىلەك ۋە دۈمبىسىدە يول ـ يول يارا ئىزى پەيدا بولدى ھەم ناھايىتى تېزلا بەدىنىدىكى بەش ـ ئالتە يارا ئېغىزىدىن قان ئېقىشقا باشلىدى. شۇنداق بولسىمۇ بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭ ئۈنۈملۈك زەربە بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدىم. بۇ چاغدا ئۇ تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ ناھايىتى ئېھتىياتچان ۋە سەزگۈرلۈك بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇستاتلىق قىلىپ ئاسان مەغلۇپ بولمايدىغان رەقىبنى يەڭمەكچى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. زاتنى ھەقىقەتەن مۇنەۋۋەر رىتسار دېيىشكە بولىدىكەن. ئەگەر مارسىنىڭ ئاجىز تارتىش كۈچى مېنى ئادەتتىن تاشقىرى چاققان ۋە چىدامچانلىققا ئىگە قىلمىغان بولسا بۇ قېتىمقى دوئىلدا يېڭىپ چىقالىشىمغا كۆزۈم يەتمىگەن بولاتتى.

بىز چەمبىرەكنى بويلاپ مېڭىپ بىر ـ بىرىمىزگە ھۇجۇم قىلمىدۇق. شەمشەر قۇياش نۇرى ئاستىدا يالت ـ يۇلت قىلىپ چاقنايتتى. ئەتراپ تىمتاسلىققا چۆمگەن بولۇپ پەقەت شەمشەرلا ئۇرۇلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاخىرى زات جىسمانىي قۇۋۋىتىنىڭ مېنىڭدىن كۆپ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئەڭ ئاخىرقى بىر ھۇجۇم بىلەن دوئىلنى ئاخىرلاشتۇرۇپ غەلبە قىلماقچى بولدى. دەل ئۇ ماڭا شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن پەيتتە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كۈچلۈك بىر نۇر دەستىسى كۆزۈمگە چۈشتى، مەن رەقىبىمنىڭ كېلىش يولىنى كۆرەلمەي قالدىم. ئامالسىز ئۆزۈمنى چەتكە ئالماقچى بولغىنىمدا شەمشەرنىڭ سانجىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆلگۈردۈم. سول مۈرەمنىڭ قاتتىق ئاغرىشى بىلەن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشنىڭ قىسمەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى بىلدىم. مەن رەقىبىمنىڭ ئورنىنى كۆرۈش ئۈچۈن كۆزۈمنى ئېچىپ تۆت ئەتراپقا قارىغان چېغىمدا كىشنى قاتتىق ھەيران قالدۇرىدىغان بىر مەنزىرىگە كۆزۈم چۈشتى. بۇ كۆرۈنۈش ماڭا بىردەمچىلىك خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بېغىشلاپ ئۆتتى ھەم قىسقا كۆرەلمەسلىكتىن يارلانغانلىقىمنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. دېكا تۇررىسنىڭ ھارۋىسىدا ئۈچ ئادەم تۇراتتى. ئۇلار دېكا تۇررىس، سولا ۋە ساركوجا. نەزىرىم ئۇلارغا چۈشكەن ۋاقىتتا مەن ئۆلگىچە ئۇنتۇمايدىغان بىر ئىش يۈز بەردى:

مەن دېكا تۇررېسنىڭ ساركوجاغا يولۋاستەك تاشلىنىپ ئۇنىڭ قولىدا كۆتۈرۈۋالغان بىر نەرسىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىشكە ئورۇنغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ نەرسىنىڭ يەرگە دوملاپ چۈشكەنلىكىنى، قۇياش نۇرىدا چاقنىغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. مەن بىردىنلا دەل دوئىلىنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە ساركوجانىڭ كۆزۈمگە كۈچلۈك قۇياش نۇرىنى چۈشۈرگەنلىكىنى بىلدىم. ساركوجا مۇشۇنداق قىلىپ باشقىلارنىڭ قولى بىلەن مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئىدى. ئۇنىڭ كەينىگە ئۇلاپلا كۆرگەن خەتەرلىك ھالەت مېنى ھازىرلا جېنىم چىقىپ كەتكۈدەك قورقۇتۇۋەتتى: دېكا تۇررېس ساركوجانىڭ ئەينىكىنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ساركوجا تېخىمۇ غالجىرلىشىپ پىچىقىنى چىقىرىپ غەزەپ بىلەن تۇررېسقا شىلتىدى. مۇشۇ چاغدا بىزنىڭ سۆيۈملۈك ، سادىق دوستىمىز سولا بىر سەكرەپ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئۆلگۈردى. پىچاق سولانىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكرىكىگە ئۇرۇلدى.

بۇ ۋاقىتتا رەقىبىم ئېسىنى يىغىپ كەينىگە قايتىپ كېلىپ ماڭا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. مەن ئامالسىز دىققىتىمنى دوئىلغا مەركەزلەشتۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. شۇنداق بولسىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈم ئاللىقاچان سولادا قالغان ئىدى.

بىز كەينى ـ كەينىدىن بىر بىرىمىزگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدۇق. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئۆتكۈر شەمشىرىنىڭ ئۇچى كۆكرىكىمگە تىرەلدى، ئۇنى توسۇشقا ياكى ئۆزۈمنى ئېلىپ قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم. ئۆلۈش توغرا كەلسىمۇ سېنى ھايات قالدۇرماسلىقىم كېرەك. مەنمۇ شەمشىرىمنى كۆتۈرۈپ پۈتۈن ئېغىرلىقىم بىلەن ئۇنىڭغا سانىمىدىم. شەمشەر مېنىڭ كۆكرىكىمگە كىرگەندە كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ، پۇت قوللىرىم جانسىزلىنىپ يەرگە باشچىلاپ يىقىلدىم.

## ئون بەشىنچى باب

# سولانىڭ ھېكايىسى

كىيىن بىلسەم، ئەس ـ ھوشۇم تولۇق ئەسلىگە كەلگەندىن كىيىن ئۈنىڭ شەمشىرىنىڭ مېنىڭ سول كۆكرىكىمدىن تېشىپ ئۆتكەنلىكىنى بىلدىم. ئىككىمىز ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر ـ بىرىمىزگە ئېتىلغاندا مەن گەۋدەمنى بۇراپ ئۈلگۈرگەن، شۇڭا ئۈنىڭ شەمشىرى پەقەت مېنىڭ مۇسكۇلىمنىلا زەخىملەندۈرگەن ئىدى. گەرچە يارام قاتتىق ئاغرىسىمۇ ھاياتىمغا خەۋپ يەتكۈزەلمەيتتى. مەن يەردە بىردەم ياتقاندىن كىيىن سىزىمىم ئەسلىگە كېلىپ ئەتراپىمدىن تېزلىك بىلەن شەمشىرىمنى ئىزلىدىم ھەم ئۈنى زاتىنىڭ يېشىل رەڭلىك گەۋدىسىدىن تاپتىم. شەمشەر دۈشمەنىنىڭ كۆكرىكىگە چوڭقۇر پاتقان بولۇپ سىرتىدا پەقەت سېپىلا قالغان ئىكەن. زاتىنىڭ مۇردىسى قەدىمى دېڭىزنىڭ تېگىدىكى سېرىق رەڭلىك يېپىنچىنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى.

مەن شەمشەرنى تېنىمدىن سۇغۇرۇپ ئېلىۋەتكەندىن كىيىن زاتىنىڭ گەۋدىسىگە سانجىقلىق تۇرغان ئۆزۈمگە تەۋە شەمشەرنى تارتىپ چىقىرىۋالدىم. ئاندىن ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان بۇ جەسەتنىڭ يېنىدىن ئايرىلدىم. يارام ئاچچىق ئاغرىپ ئىچىم ئېلىشىپ توختىمايۋاتاتتى. مەن ھارۋامنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم، ئۇ يەردە مېنىڭ ھەمراھلىرىم ۋە مال ـ مۈلۈكىم بار ئىدى. مارسلىقلار مېنى ئالقىشلىغان بولسىمۇ پىسەنت قىلىپ قويمىدىم.

پۈتۈن بەدىنىمدىن قان ئېقىۋاتاتتى. مەن ھالسىرىغىنىمچە ھەمراھ ئاياللارنىڭ

يېنىغا كەلدىم. ئۇلار بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈك بولۇپ، ماڭا ياردەملىشىپ يارامنى تاڭدى ۋە ئەجەللىك يارىنىمۇ ساقايتىدىغان سىرلىق دورىلارنى سۈركىدى. ئەگەر پۇرسەت بولسىدى بۇ ئاياللار ئەزرائىلنىمۇ ئۈمىدسىز قويغان بولاتتى. ئۇلار ناھايىتى تېزلا يارامنى تېڭىپ بولدى. شۇنداق قىلىپ قانسىراشتىن بولغان ھالسىزلىنىش ۋە يارا ئېغىرىنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىشىدىن باشقا خەتەرلىك ئىشمۇ قالمىدى. شۈبھىسىزكى يەر شارىدا بولسام مۇشۇ ھالىمدا نەچچە كۈن ياتقان بولاتتىم.

ئۇلار تېڭىپ بولۇشىغىلا مەن دەرھال دېكا تۇررىسىنىڭ يېنىغا باردىم. بىچارە سولانىڭ مەيدىسى بىنت داكىلار بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ . بەختكە يارىشا، ساركوجانىڭ قول سىلىشى ئۇنىڭغا ئانچە چوڭ خەۋپ ئېلىپ كەلمىگەن ئىكەن. پىچاق دەل سولانىڭ مېتالدىن ياسالغان زىننەت بۇيۇمىنىڭ ئۈستىگە سانجىلغاچقا پىچاق ئېگىلىپ كەتكەن، شۇڭا سولانىڭ تېرىسىلا يارىلانغان ئىدى.

مەن كەلگەندە دېكا تۇررىسىنىڭ نازۇك تىنى يىپەك رەختىنىڭ ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ياتاتتى. گەرچە سولا بىلەن ئىككىسىنىڭ ھارۋىسى ناھايىتى يېقىن بولسىمۇ ئۇ مېنىڭ كەلگەنلىكىمگە دىققەت قىلمىدى، سولا بىلەن ئىككىمىزنىڭ سۆزلەشكىنىمىزنىمۇ ئاڭلىمىدى.

— ئۇ يارلاندىمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن سولادىن بېشىم بىلەن تۇررىسىنى ئىشارەت قىلىپ.

— ياق، — دىدى سولا، — ئۇ سىزنى ئۆلدى دەپ ئويلاپ قاپتۇ.

— ئۇنداقتا ئۇنىڭ مومىسىنىڭ ئايىقىنى سۈرتىدىغان ئادەم قالماپتۇ ـ دە، — دىدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مېنىڭچە سىز ئۇنىڭدىن ئورۇنسىز ئاغرىنىپسىز، جون كارتېر، — دىدى سولا، — مەن سىلەرنى چۈشىنەلمىدىم. ئەمما جەزىملەشتۈرەلەيمەنكى، بىر پادىشاھنىڭ نەۋرىسى ھەرگىز ئۆزى پەس دەپ قارايدىغان ئادەمدىن بۇنچىلىك قاتتىق رەنجىمەيدۇ، پەقەت ئۆزى سۆيىدىغان ئادىملا ئۇنىڭ دىلىنى شۇنچىلىك ئازابلىيالايدۇ . ئۇلار

ئالىيجاناب مىللەت، شۇنداقلا باشقا بارسۇملۇقلارغا ئوخشاش ئادىل خەلق. سىز چوقۇم ئۇنىڭ دىلىغا قاتتىق ئازار يەتكۈزۈپسىز، شۇڭا ئۇ سىزنى ھايات كۆرۈشنى خالىمىغان. لېكىن سىز ئۆلۈپ كەتسىڭىز ئۇ چەكسىز ئازابلىنىدۇ .

— بارسۇمدا كۆز يېشى قىلىش ئىنتايىن ئاز،— دېدى سولا گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — شۇڭا ماڭا نىسبەتەن كۆز يېشى قىلىشنىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىش ئىنتايىن تەس. دېكا تۇررىستىن باشقا ئۆمرۈمدە ئىككى ئادەمنىڭ كۆز يېشىنى كۆرگەن. بىرى ئازابلىق ، يەنى بىرى نەپرەتلىك كۆز يېشى. ئالدىنقىسى مېنىڭ كۆپ يىللار ئىلگىرى ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ئانامنىڭ كۆز يېشى، كېيىنكىسى مېنىڭ يېنىمدىن ئېلىپ كېتىلگەن ساركوجانىڭ.

— سىزنىڭ ئانىڭىز؟ — مەن ھەيران بولغىنىمدىن ۋارقىراپ تاشلىدىم، — ئەمما سولا، قوزام، سىزنىڭ ئانىڭىزنى تونۇشىڭىز مۇمكىن ئەمەس.

— ئەمما مەن راستتىنلا ئۇنى تونۇيمەن، يەنە دادامنىمۇ، — دېدى ئۇ داۋاملىق، — ئەگەر بارسۇمغا يات بولغان بۇ غەلىتە ھېكايىنى ئاڭلىماقچى بولسىڭىز كەچتە مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭ ، جون كارتېر. مەن ئۆمرۈمدە ھېچكىمگە دەپ بەرمىگەن بۇ ۋەقەنى سىزگە سۆزلەپ بېرەي. بولدى، يولغا چىقىش سىگنالى بېرىلدى. مېڭىشىڭىز كېرەك.

— بۈگۈن كەچتە چوقۇم كېلىمەن ، — دېدىم قوشۇلدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ، — دېكا تۇررىسقا مېنىڭ ياخشى تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ئېيتىپ قويۇشنى ئۇنتۇماڭ. مەن ھەرگىز ئۆزۈمنىڭ ئىرادىسىنى ئۇنىڭغا مەجبۇرلىمايمەن. مېنىڭ ئۇنىڭ كۆز يېشىنى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ھەرگىز دېمەڭ. ئەگەر ئۇ مېنىڭ بىلەن سۆزلىششىنى خالىسا ماڭا خەۋەر قىلسۇن.

سولا ئىنغاڭشىغىنىچە توپقا قوشۇلۇۋاتقان ھارۋىسىغا چىقىپ كەتتى. مەنمۇ ئۆز ئورنۇمغا قايتتىم ھەم ئەترەتنى تەرتىپكە سېلىۋاتقان تارس تاركاسنىڭ سېپىگە قېتىلدىم. ئەترىتىمىز سېرىق يەر يېپىنچىسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ كىشىنى سۆر باسىدىغان

ھەيۋەتلىك مەنزىرە ھاسىل قىلغان ئىدى. ئالدىمىزدا تەخمىنەن ئىككى يۈزدەك ئادەم بەشتىن توغرىسىغا تىزىلىپ، ئارىلىقى يۈز يارد كېلىدىغان رەتسىز ۋە سەردارلاردىن تەركىب تاپقان بىر ئاتلىق قوشۇن يول ئېچىپ كېتىۋاتاتتى. كەينىدىن 250 دانە كۆركەم بېزەلگەن رەڭدار جەڭ ھارۋىلىرى ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتى. جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ كەينىدىمۇ سان جەھەتتىن ئالدىدا كېتىۋاتقان قوشۇندىن كۆپ پەرقلەنمەيدىغان بىر گۇرۇپپا ئادەملەر ئوخشاش سەپ تۈزۈپ قوغداپ كېلىۋاتماقتا ئىدى. ئىككى تەرەپتە يىگىرمە نەچچە ئادەمدىن تۈزۈلگەن يان قانات قوغداش قاراۋۇللىرى بار ئىدى. ستېر دەپ ئاتالغان 50 دانە ئېغىر يۈك كۆتۈرىدىغان ھايۋان ۋە بەش ـ ئالتە يۈز جەڭ ئېتى رەتسىزلاردىن تۈزۈلگەن مۇھاپىزەت چەمبىرىنىڭ ئىچىدە ئېرىنچەكلىك بىلەن مېڭىپ باراتتى. ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئۈستىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش ، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار، جەڭ ئاتلىرى ۋە سىيىرلارنىڭ چىرايلىق بېزەكلىرى، چاقناۋاتقان يىپەك رەخت، مويلۇق تېرە، پەيلەردىن خىلمۇ ـ خىل رەڭلەر جىلۋە قىلىپ ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەترەتكە ئىنتايىن ھەشەمەتلىك تۈس بەرگەن ئىدى.

ھارۋىلارنىڭ چاقى ناھايىتى كەڭ، سۆرەپ ماڭغان مەخلۇقلارنىڭ مۇسكۇللىرى ئىنتايىن توم، قېلىن بولغاچقا دېڭىز تېگىدە كېتىۋاتقاندا ستېر چىقارغان يېقىمسىز پۇشقۇرغان ئاۋاز بىلەن جەڭ ئاتلىرىنىڭ چىقىرىشىدىن چىققان ئاۋازدىن سىرت ئەتراپ جىمجىت ئىدى. يېشىل تەنلىكلەر ناھايىتى ئاز سۆزلەيتتى، سۆزلەش توغرا كەلسىمۇ خۇددى يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان چاقماقنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازىدەك تۆۋەن ئاۋازدا قىسقىلا گەپ قىلاتتى.

بىز ئەزەلدىن باشقىلار مېڭىپ باقمىغان بىر قويۇق يىپىنچا ئۆسۈملۈكتىن ئۆتتۇق. يىپىنچا ئۆسۈملۈك ھارۋىنىڭ كېلەڭسىز چاقى ۋە ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا بېسىلسىمۇ ئەمما ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قايتا كۆتۈرۈلۈپ ئەسلى ھالىتىگە قايتاتتى. شۇڭا يەردە ھېچقاندەك ئىز قالدۇرمايتتى. بىز ئىز قالدۇرماي ئىلگىرىلىگەچكە پۈتكۈل سەپەر جەريانىدىن قارىغاندا بىز ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتقان پىلانىتنىڭ دېڭىز تېگىدە كېتىۋاتقان

ئەرۋاھقا ئوخشاپ قالغاندەك قىلاتتۇق. مەن بۇنداق چوڭ قوشۇننىڭ توپا - چاڭ كۆتۈرمىگەنلىكىنى، ھېچقانداق ئىز قالدۇرمىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. مارستا قىش پەسلىدە، تېرىلغۇ رايوندىن باشقا يەردە چاڭ - توزان كۆرگىلى بولمايتتى. بوران چىقمىغاچقا چاڭ - توزانمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى.

شۇ كۈنى كەچلىكى بىز ئىككى كۈن مېڭىپ ئاران يېتىپ كەلگەن تاغ باغرىدا بارگاھ تىكتۇق. بۇ تاغ دېڭىزنىڭ جەنۇب قىرغىقىغا يېتىپ كەلگەنلىكىمىزدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. بىزنىڭ ئات - ئۇلاقلىرىمىز ئىككى كۈن سۇسىز قالغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە ساكتىن ئايرىلغان ئىككى ئاي جەريانىدا بۇ مەخلۇقلار بىر تېمىم سۇمۇ ئىستېمال قىلمىغان ئىكەن. تارس تاركاسنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە ئۇلارنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى ناھايىتى ئاز بولۇپ ئاساسىي جەھەتتىن پۈتكۈل بارسۇمنى قاپلىغان يېپىنچا ئۆسۈملۈكنى ئوزۇق قىلىپ جان ساقلايدىكەن. ئۇ ماڭا بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولىدىكى سۇنىڭ ئاتلارنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قامدىيالايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن قېتىق شەكلىدىكى كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن تەخرىسىزلىك بىلەن سولانىڭ قىشىغا كەلدىم. ئۇ ئوت يورۇقىدا تارس تاركاسنىڭ كىيىمنى ئوڭشاۋاتقان ئىكەن. بېشىنى كۆتۈرۈپ مېنى كۆرۈپ چىرايىدا ئىللىق تەبەسسۇم جىلۋىلەندى ھەم مېنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— كەلگەنلىكىڭىزدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم، — دىدى ئۇ، — دېكا تۇرىبىس ئۇخلاپ قالدى. مەن يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ تۇراتتىم. باشقىلار ماڭا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ، جون كارتېر. مەن ئۇلار بىلەن ئانچە ئوخشىمايمەن. مېنىڭ تەقدىرىم ناھايىتى ئېچىنىشلىق، ئامالسىز بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرمەن. مەن دائىم ئۆزۈمنىڭ ھەقىقى بىر يېشىل تەنلىك ئايالغا، مۇھەببىتى، ئارزۇ - ئارمانلىرى بولمىغان ئايالغا ئايلىنىپ قىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. ئەمما بۇ ئىنتايىن تەس، چۈنكى مېھرى - مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىگە ئورناپ كەتكەن. شۇڭا مەن تۈگەشتىم.

— مەن سىزگە ئۆزۈمنىڭ ھېكايىسىنى ، ئېنىقىنى ئېيتقاندا ئاتا ـ ئانامنىڭ ۋەقەلىكىنى سۆزلەپ بېرىشكە ماقۇل بولغان ئىدىم. سىزگە ۋە سىزنىڭ خەلقىڭىزگە بولغان چۈشەنچەمگە ئاساسلانغاندا مېنىڭ ھېكايەم سىزنى ھەيران قالدۇرالماسلىقى مۇمكىن. ئەمما يېشىل تەنلىك مارسلىقلارغا نىسبەتەن، ھەتتا يېشى ئەڭ چوڭ مارسلىقمۇ ئەزەلدىن بۇنداق ھېكايىنى ئاڭلاپ باقمىغان. بىزنىڭ رىۋايەتلىرىمىزدىمۇ بۇنداق ئىش يوق.

— ئانامنىڭ بەدەن قۇرلىشى كىچىك بولغاچقا ئۇنىڭ ئانا بولۇش ھوقۇقى ئېلىپ تاشلانغان ئىكەن. چۈنكى ئاقساقاللارنىڭ ھەممىسى سەردان مارسلىقلارنىلا يېتىشتۈرۈشنى ئويلايدىكەن. ئانام باشقا مارسلىقلاردەك ھېسسىياتسىز ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاقساقاللارنىڭ ئەتراپىدىكى ئايالاردىن ئايرىلىپ دائىم ئۆزى يالغۇز ساك شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈيدىكەن ياكى تاغ باغرىدىكى بۈككىدە ئېچىلغان ياۋا گۈللەر ئىچىدە ئولتۇرۇپ تەگسىز خىياللارغا چۆكىدىكەن. ئىشىنىمەنكى، ھازىرقى ساك قەبىلىسى ئىچىدىكى بارلىق ئايالار ئىچىدە پەقەت مەنلا ئۇنىڭ نېمە ئويلايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى چۈشىنىمەن. چۈنكى مەن ئۇنىڭ قىزى.

— دەل شۇ تاغ باغرىدا ئۇ بىر ياش رىتسار بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. بۇ رىتسارنىڭ ۋەزىپىسى ئوتلاۋاتقان ستىبر ۋە جەڭ ئاتلىرىنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكىگە قاراش ئىكەن . دەسلىپىدە ئۇلار پەقەت ساك قەبىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى سۆزلىشىپتۇ. ئەمما كۆرۈشۈش قېتىم سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ تەبئىي ھالدا ئۆزلىرى ئۈستىدە، ئۆزلىرىنىڭ قىزىقىشى، ئۈمىد ـ ئىستەكلىرى ئۈستىدە پىكىرلىشىدىغان بوپتۇ. ئانام بۇ رىتسارغا ئىشىنىپ يۈرەكلىك ھالدا ئونىڭغا ئۆز قەبىلىسىنىڭ شەپقەتسىزلىكىنى، بېشىدىن مۇقەررەر ئۆتكۈزىدىغان قورقۇنۇچلۇق، مۇھەببەتسىز تۇرمۇشنى ئويلىغىنىدا ئىنتايىن ئازابلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئانام بۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ ئونىڭ ئاغزىدىن ئۆزىنى ئەيىبلەيدىغان تىل ـ ئاھانەتنىڭ قار ـ يامغۇردەك تۆكۈلۈشىنى كۈتۈپتۇ. ئەمما رىتسار ئويلىمىغان يەردىن ئانامنى چىڭ قۇچاقلاپ قىزغىن سۆيۈپ كېتىپتۇ .

— شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ئىنتايىن مەخپىي ھالدا ئالتە يىل

داۋاملىشىپتۇ. ئانام پادىشاھ تەل خاجاسىنىڭ يېنىدىكى ئاياللاردىن ئىكەن. ئۇنىڭ سۆيگىنى ئادەتتىكى رىتسار بولۇپ ئۆزىنىڭلا دوبۇلغا ـ ساۋۇتىنى كىيىدىكەن. ھېچقانداق مەردىۋىسىز يوق ئىكەن . ئەگەر ئۇلارنىڭ ساك قەبىلىسىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقى بايقىلىپلا قالسا ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا قاتتىق جازاغا تارتىلىدىكەن.

— مەن ئايپىردە بولغان تۇخۇم بىر ئەينەك قاچىنىڭ ئىچىگە سېلىنىپ ساك شەھىرىدىكى تاشلىۋېتىلگەن بىر بىنانىڭ ئەڭ ئېگىز قەۋىتىگە قويۇلۇپتۇ. بەش يىللىق ئۆسۈش جەريانىدا ئانام ھەر يىلى مېنى كۆرگىلى كەپتۇ. ئۇ تېخمۇ كۆپ كېلىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن. بۇ جەرياندا ئاتام نۇرغۇن شانلىق جەڭ نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ. بىرنەچچە رىتسارنىڭ ئۇچىسىدىن دوبۇلغا ـ ساۋۇتقا ئېرىشىپتۇ. نام ـ ئەمەلمۇ كۈندىن كۈنگە كۆتۈرۈلۈپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئانامغا بولغان مۇھەببىتى كۈنسېرى ئېشىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدى داۋاملىق يۇقىرىلاپ تەل خاجاسقا جەڭ ئېلان قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاش ئىكەن. شۇنداق بولغاندىلا ئۇ ساكلارنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئانامغا بولغان مەڭگۈلۈك ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىكەن ھەم غايەت زور ھوقۇقىغا تايىنىپ بالىسىنى مۇھاپىزەت قىلالايدىكەن. ئۇنداق بولمىغاندا ھەققى قىياپىتى ئاشكارىلىنىپ قىلىپ بالىسى دەرھال ئۆلتۈرۈلىدىكەن.

— قىسقىغىنە بەش يىل ۋاقىت ئىچىدە تەل خاجاسىنىڭ دوبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىغا ئېرىشىش ھەقىقەتەن يۈرەكلىك بىلەن چىقىرىلغان قارار. شۇڭا ئۇنىڭ ئىلگىرىلىشى ئادەتتىن تاشقىرى تېز بولۇپ قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە ساك قەبىلىسىدىكى ئاقساقاللار ئىچىدە يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلەپتۇ . لېكىن بىر كۈنى ئۇ ئۆزى ئەڭ سۆيگەن ئادىمىنى قوغداش ھوقۇقىدىن مەڭگۈلۈك مەھرۇم قاپتۇ. شۇ كۈنى تەل خاجاس ئۇنى قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان يىراق جەنۇبى قۇتۇپقا سەپەر قىلىپ ئۇ يەردىكى يەرلىكلەر بىلەن جەڭ قىلىپ ئۇلارنىڭ قولىدىكى ھايۋان تېرىسىنى تارتىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. بۇ يېشىل

تەنلىك مارسلىقلارنىڭ ئادىتى، ئۇلار ئەمگەك قىلىشنى ئەسلا خالىمايدۇ، تەييارغا ھەييار بولىدۇ. جەڭ ئارقىلىق ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرگە ئىگە بولىدۇ.

— شۇ كەتكىنىچە تۆت يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ . ئۇ قايتىپ كەلگەن چاغدا ھەممە ئىش ئۈچ يىل بۇرۇنلا ئاخىرلاشقان ئىكەن. ئاتام كېتىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن يىراقتىكى تۇخۇم بىسىش ئۆيىگە باللارنى ئالغىلى كەتكەن قوشۇن يېتىپ كېلىشتىن سەل بۇرۇن مەن تۇخۇمدىن چىقتىم. شۇندىن كېيىن ئانام مېنى ھىلقى كونا مۇناردا يوشۇرۇپ تۇردى. كەچلىكى مېنى كۆرگىلى كېلەتتى، مېنى ئەركىلىتەتتى. بۇنداق مېھرىبانلىق قەبىلىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغىنىغا نۇرغۇن ئەسىر بولغان ئىدى. ئانام يىراققا كەتكەن ئەترەت قايتىپ كەلگەندە بىر ئامال قىلىپ مېنى تەل خاجاسىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرىدىغان باللارغا ئارىلاشتۇرۇۋېتىشنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇنداق بولغاندىلا بايقىلىپ قېلىشتىن، يېشىل تەنلىكلەرنىڭ ئەنئەنىسىگە خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان قورقۇنۇچلۇق ئاقىۋەتتىن ساقلانغىلى بولاتتى.

— ئانام ناھايىتى تېزلا بىزنىڭ تىلىمىزنى ۋە ئۆرۈپ ئادىتىمىزنى ماڭا ئۆگەتتى. بىر كۈنى كەچتە ئانام بېشىدىن كەچۈرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا سۆزلەپ بەردى. ئۇ مېنىڭ قەتئىي مەخپىي تۇتۇشىمنى ئېيتتى. ماڭا باشقا ساك باللىرى بىلەن بىللە بولغاندا ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىش كېرەكلىكىنى، باشقىلاردا ياخشى تەربىيە كۆرگەنلىكىم توغرىسىدا ھەرگىز گۇمان تۇغدۇرۇپ قويماسلىق لازىملىقىنى، ئۆزۈمنىڭ ئانام بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى ئاشكارىلاپ قويماسلىقنى ، دادامنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ مەخپىي تۇتۇشىمنى ئېيتتى. ئۇ مېنى يېنىغا تارتىپ قۇلىقىمغا پىچىرلاپ تۇرۇپ دادامنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى.

— تۇيۇقسىز بىر نۇر قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇپ ئۆتتى. ئالدىمىزدىلا ئۇنىڭغاندەك ساركوجا تۇراتتى. ئۇ ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن سوغۇق نۇر چاقنىتىپ ئانامغا زەھەرخەندىلىك بىلەن تىكىلگەن ئىدى. شۇ پەيتتە قارا يامغۇردەك تىل ـ ئاھانەت، سەت تىللاشلار ئانامغا مۆلدۈردەك تۆكۈلدى. مېنىڭ ۋىجىك گەۋدەم

قورقۇنچتىن جىددىيلىشىپ تىترەپ كەتتى. ساركوجا ھەممە گەپنى ئاڭلىۋاپتۇ. چۈنكى ئانامنىڭ ھەر كۈنى كەچلىكى ئۇزۇن ۋاقىت يوقاپ كېتىشى ئۇنىڭ گۇمانىنى قوزغىغان ھەم شۇ بالاتەككۈر كېچىدە ئۇ ئانامنى خۇپىيانە ئەگىشىپ تاكى مەن يوشۇرۇنغان مۇنارغىچە كەلگەن ئىكەن.

— ئەمما، ئۇ بىر گەپنى ئاڭلىماپتۇ. ئۇ دەل دادامنىڭ ئىسمى ئىدى. ئۇ ئانامنى قايتا ـ قايتا زورلاپمۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. تىللاش، پوپوزا قىلىش قاتارلىق قەبىھ ۋاستىلەرنىڭ ھېچقايسىسى نەتىجىسىز بولۇپ چىقتى. مېنىڭ ئورۇنسىز ئازار يېيىشىمدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئانام ساركوجاغا يالغاندىن بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭلا بىلىدىغانلىقىنى ، باشقىلارنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئالىسغىمۇ ئېيتىپ بېرىشنى خالىمىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ساركوجا يېرىلغۇدەك بولۇپ قايتىپ كەتتى ھەم بىرىپلا تەل خاجاسقا ئۆزىنىڭ يېڭى بايقىشىنى مەلۇم قىپتۇ. ساركوجا كەتكەندىن كېيىن ئانام مېنى كەچتە سىرتقا چىققاندا يېپىنغان يېپەك رەختكە يۆگەپ مۇناردىن چۈشۈپ كوچىغا چىقىپ جېنىنىڭ بېرىچە شەھەر سىرتىغا يۈگۈردى. ئۇ ماڭغان يول جەنۇبقا تۇتىشىدىكەن. گەرچە بىز دادامنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشەلمىسەكمۇ ئەمما ئانام ئۆلۈم يېتىپ كېلىشىنىڭ ئالدىدا ئۇنى بىر كۆرۈۋالماقچى بولغان ئىدى.

— بىز شەھەرنىڭ جەنۇبىغا يېقىنلاشقاندا يېپىنچا ئۆسۈملۈك بىلەن قاپلانغان يەرنىڭ يەنە بىر چېتىدىن ، تاغنى كېسىپ شەھەر دەرۋازىسىغا تۇتىشىدىغان كىچىك يولدىن ئاتلارنىڭ ئاۋازى كەلدى. بۇ شەھەرگە كىرىشتىكى بىردىن بىر ئۆتەر يول ئىكەن. بىز جەڭ ئاتلىرىنىڭ كىشنەشلىرىنى ، ستېرنىڭ پۇشقۇرۇشلىرىنى ئاڭلىدۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر توپ رىتسارلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئانامنىڭ بىرىنچى بولۇپ ئويلىغىنى يىراققا سەپەر قىلغان دادامنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى بولدى. ئانام ئۇلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىغا ئۇچقاندەك يۈگۈردى.

— ئانام يېقىنراق بېرىپ بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ ئەترەتنىڭ كېلىشىنى ساقلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئەترەت تار ئېغىزغا كېلىپ تارقىلىشقا باشلىدى. بۇ

يول ئىغىزى خېلىلا تار بولۇپ ھەممەيلەننىڭ ئۆتۈپ كېتىشىگە خېلى ۋاقىت كېتىدىكەن . شۇ پەيتتە ئۆتۈش ئىغىزى قىستاڭچىلىقتا ئايلىنىپ كەتتى. ئەتراپتا ئالدىدىكىلەر يېنىمىزدىن ئۆتكەندە ئاي نۇرى يولنى يورۇتتى. ئانام بۇ يەردە تۇرۇپ كەلگەنلەرنىڭ دادامنىڭ قوشۇنى بولماي ئەكسىچە تۇخۇمدىن چىققان ساك باللىرىنى ئىلىپ قايتقان ھارۋىلار ئىكەنلىكىنى كۆردى. شۇ ھامان ئانامنىڭ كۆڭلىدە بىر پىلان تۈزۈلدى.

— بىر يوغان ھارۋا ئىرغاڭشىپ بىزگە يېقىنلاشقان ۋاقىتتا، ئانام ھارۋىنىڭ كەينىدە سۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان كەينى تاختايدىن ھارۋىغا ئېسىلىپ چىقىپ ھارۋىنىڭ يان ياغىچىنىڭ كۆلەڭگىسىدە مېنى مەھكەم باغرىغا باستى.

— ئۇ بۇندىن كىيىن مېنى مەڭگۈ بۇنداق باغرىغا باسالمايتتى، ھەتتا يۈز كۆرۈشۈش پۇرسىتىمۇ يوق ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا مەن بۇلارنى ئانچە چۈشەنمەيتتىم. بىر قېتىملىق قالايمىقانچىلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئانام مېنى ھارۋىدىكى باللارنىڭ ئىچىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتتى . بۇ باللار ئەمدى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈلۈپ بېرەتتى. بىز بىر يوغان ئۆيگە ئېلىپ كىرىلدۇق. شەھەردە ساقلاۋاتقان ئاياللار بىزگە يېمەكلىك بەردى. ئىككىنچى كۈنى بىز ھەرقايسى ئاقساقاللارنىڭ قولىغا تارقىتىپ بېرىلدۇق.

شۇ كەچتىن كىيىن مەن ئانامنى قايتا كۆرۈپ باقمىدىم. تەل خاجاس ئانامنى سولاپ قويۇپتۇ. ئانامنىڭ ئىغىزىدىن دادامنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇلار ئانامنى دەھشەتلىك قىيىن ـ قىستاققا ئاپتۇ. ئەمما ئانام دادامغا چەكسىز سادىق بولۇپ قەيسەرلىك بىلەن قەتئىي مەخپىي تۇتۇپ ھەرگىز ئېيتماپتۇ. ئاخىرى ئۇ بىر قېتىملىق قىيناشتا تەل خاجاس ۋە ئۇنىڭ قولچۇماقچىلىرىنىڭ زەھەرلىك كۈلۈمسىرىشى ئىچىدە جان ئۈزۈپتۇ.

— كىيىنچە بىلسەم، ئانام ئۇلارغا باللىنى ئوخشاش ئاقىۋەتكە ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى، جەسىدىنى ئادەمسىمان مايمۇنغا تاشلاپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. پەقەت ساركوجا بۇ گەپكە ئىشەنمەپتۇ. شۇڭا ئۇ ھازىرمۇ مەندىن گۇمانلىنىدۇ.

— ئەمما، ئۇ مېنى تارتىپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ھازىر

دادامنىڭ كىملىكىنى پەرەز قىلىپ بىلدى.

— دادام قايتىپ كەلگەندە تەل خاجاس ئانامنىڭ قانداق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇلارغا ئېيتقاندا مەنمۇ بار ئىدىم. تەل خاجاس مەقسەتلىك ھالدا ئانامنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى ئېچىنىشلىق ھالىتىنى دادامغا تەپسىلىي تەسۋىرلەپ بەرگەندە دادام باشقىلارغا ئوخشاش قاقاقلاپ كۈلمىدى. يۈزىدىكى مۇسكۇللار مىدىرلاپ ھېسسىياتىنى ئاشكارلاپمۇ قويمىدى. شۇندىن باشلاپ ئۇ ئەڭ شەپقەتسىز ، باغرى تاش ئادەمگە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ چوقۇم ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، ھامان بىر كۈنى تەل خاجاسنى ئۆلتۈرۈپ جەسىدىنى دەسسەپ ـ چەيلەيدۇ. مەن شۇ كۈنىنىڭ كېلىشىنى كۈتىۋاتىمەن. مەن ئۇنىڭ ئىنتىقام ئېلىش پۇرسىتىنى كۈتىۋاتقانلىقىغا، قەلبىدىكى مۇھەببەتنىڭ قىرىق يىل ئاۋۋال بىرىنچى قېتىم ئانام بىلەن ئۇچراشقان چاغدىكى بىلەن ئوخشاشلىقىغا، ھەرگىز ئاجىزلىشىپ قالمىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بۇ نۇقتىدىن مەن ھەرگىز گۇمانلانمايمەن، جون كارتېر.

— سولا، سىزنىڭ دادىڭىز ھازىر بىز بىلەن بىللىمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— شۇنداق، — دىدى ئۇ جاۋاب بېرىپ، — ئەمما ئۇ مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمەيدۇ ھەم كىمنىڭ بۇ سىرنى تەل خاجاسقا يەتكۈزۈپ قويغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. پەقەت مەنلا دادامنىڭ ئىسمىنى بىلىمەن. شۇنداقلا مەن، ساركوجا، تەل خاجاس ئۈچ ئادەملا سىرنى كىمنىڭ ئېيتىپ قويغانلىقىنى، ئۇ قىزغىن سۆيىدىغان ئادەمنى كىمنىڭ ھالاكەتكە ئىتترگەنلىكىنى ئېنىق بىلىمىز.

مەن جىمجىت ئولتۇراتتىم. سولا ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسىنى قايتا ئەسلىگىنىدە ئۇلۇق كىچىك تىناتتى. مەن بو بەختسىز، شورپىشانە خەلققە چەكسىز ھېسداشلىق قىلاتتىم. ئۇلارنىڭ ئىرقىدا شەپقەتسىزلىك، رەھىمسىزلىك خاھىشى كۈچلۈك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغاچقا ھاياتى ئۆچمەنلىك دەھشىتى ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي سولا يەنە ئېغىز ئاچتى.

— جون كارتېر، ئەگەر مۇشۇ شەپقەتسىز بارسۇمدا ھەقىقى ئەزىمەت بار دىيسە ئۇ

دەل سىز.

— ماگا ئايان، سىز ئىشەنچلىك ئادەم. شۇڭا مەن دادامنىڭ ئىسمىنى سىزگە شەرتسىز ئېيتىپ بەرسەم بولىدۇ. بەلكىم بىر كۈنى بۇنىڭ سىزگە ياكى ئۇنىڭغا ۋە ياكى دېكا تورربىسقا ھەتتا ماگا ئاز ـ تولا ياردىمى بولۇپ قالار. ئەگەر راستتىنلا شۇ كۈن كېلىپ قالسا پەقەت سىزلا ھەقىقى ئەھۋالنى دېيىشكە ئەڭ مۇۋاپىق. مەن سىزگە ئىشىنىمەن، چۈنكى سىزدە چوقۇم راست گەپ قىلىش ئادىتى يوق. ماگا ئايان، بىھۇدە ئازابلىنىش ۋە قىيناشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن سىز ۋىرگىنىيىلىكلەرگە ئوخشاش يالغان سۆزلىسىڭىز بولىۋېرىدۇ. مېنىڭ دادامنىڭ ئىسمى ـ تارىس تاركاس.

## ئون ئالتىنچى باب

# قېچىش پىلانى

ئەمدىكى يولىمىز بىر قەدەر تەكشى ئىدى. بىز يىگىرمە كۈن يول يۈرۈپ ئىككى دېڭىزنى كېسىپ، نۇرغۇن تاشلاندۇق شەھەرلەرنى بېسىپ ئۆتتۇق. بىز يەر شارىدا قانال دەپ ئاتايدىغان ئىككى دەريا يولىدىن ئۆتتۇق. دەريا يولىغا يېقىنلاشقان ۋاقتتا بىر رىتسار ئەترەتتىن يىراق يەرگە ئەۋەتىلىپ ئىككى تۆشۈكلۈك دۇربۇن بىلەن رازۋېدكا قىلىپ قىزىل تەنلىك ئادەم بار يوقلىقى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئەگەر ئۇلارنىڭ قارىسى كۆرۈنمىسە بىز توپلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ بايقىلىپ قېلىشتىن ئۆزىمىزنى دالدىغا ئالدۇق. ئاندىن توختاپ قاراڭغۇلۇقنىڭ چۈشۈشىنى ساقلاپ تۈن پەردىسى يېپىلغان ھامان ئاستا ـ ئاستا دەريا قىرغىقىدىكى تام بىلەن قورشالغان تېرىلغۇ بەلبېغىغا يېقىنلاشتۇق . كۆپ ۋاقىتلاردا تەرتىپلىك ھالدا دەريا يولىنىڭ كەڭ جايىدا ئاۋاز چىقارماي يېتىپ ئۈملەيتتۇق. بىر قېتىم بىز بەش سائەت، يەنە بىر قېتىم بىر كېچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ دەريا يولىدىن ئۆتۈپ بولدۇق. بىز ئېگىز قورشاۋ تاملىق زېمىندىن ئايرىلىدىغان

چاغدا قوياش نۇرى بىزنى ئۇبدانلا يورۇتقان ئىدى.

كېچىسى ئىلگىرىلىگەچكە مەن ناھايىتى ئاز نەرسىلەرنى كۆرەلىدىم. پەقەت ئاي نۇرى يەرنى يورۇتقاندىلا قورشاۋ تام ئىچىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى ۋە پاكار قۇرۇلۇشلارنى كۆرەلىدىم. تېرىلغۇ يەرلەر يەر شارىدىكى بىر پارچە يېزائىگىلىك مەيدانىغا ئوخشايتتى. مەن يەنە نۇرغۇن رەت ـ رەت كەتكەن دەل ـ دەرەخلەرنى كۆردۇم. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى ئاسمانغا تاقىشاتتى. قورشاۋ تامنىڭ ئىچىدە تۈرلۈك ھايۋانلار بېقىلىدىكەن. بۇ ھايۋانلار يات ئادەملەر ۋە ناتونۇش ياۋايى ھايۋانلارنىڭ پۇرىقىنى پۇرىغاندا چىرقىراق ئاۋاز چىقىراتتى.

پەقەت بىر قېتىم بىر ئادەمگە يولۇقتۇق. بۇ كۈنى قوشۇن بىر كىرىست شەكىللىك يول ئېغىزىنىڭ تېرىلغۇ رايونىغا تۇتىشىدىغان ئاق رەڭلىك كەڭ يولىدا كېتىۋېتىپ يول بۈيىدا ئۇخلاپ قالغان بىرەيلەننى ئۇچراتتۇق. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارغان چېغىمدا ئۇ بىر قولى بىلەن يەرنى تىرىپ ئىلگىرىلەۋاتقان ئەترەتكە قاراپ قويۇپلا تۇيۇقسىز قورققىنىدىن چىرقىرىغان پېتى ياندىكى تامدىن چاققانلىق بىلەن سەكرەپ ئۆتۈپ يولنى بويلاپ قېچىپ كەتتى. ساكلىقلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. چۈنكى ئۇلار بۇ قېتىم ئۇرۇشقىلى چىقمىغان. بۇ ئادەمنى ھەممەيلەن ئېنىق كۆرگەن ئىدى. شۇڭا قوشۇننىڭ يۈرۈش سۈرئىتى تەبئىيلا تېزلەشتى. بىز تېز سۈرئەتتە قۇملۇقنىڭ چېگرىسىغا كېلىپ تەل خاجاسىنىڭ زېمىنىغا قەدەم باستۇق.

مەن دېكا تۇررېس بىلەن بىر قېتىممۇ سۆزلىشىپ باقمىدىم. ئۇ بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشىم توغرىلىق سۆز ئېيتىپ بەرمىدى. مېنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىممۇ مېنى ھەرقانداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن چەكلەپ تۇراتتى. مەن ئوغۇل ـ قىزلار مۇناسىۋىتىدە ئەرنىڭ تەشەببۇسكار بولۇشىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتىم. شۇڭا بۇنداق ھالەتنى ئۆزگەرتىشنى كاللامدىن ئۆتكۈزدۈم. بىر ئىرادىسىز ھاماقەت ئەر كۆپ ھاللاردا ئاسانلا بىر ئايالنى مەپتۇن قىلالايدۇ. ئەمما مىڭلىغان دۈشمەنگە تاقابىل تۇرالايدىغان شىرىيۈرەك ئەزىمەت ئاياللارنىڭ ئالدىدا تارتىنچاق بالىغا

ئوخشاش مۆكۈنۈۋالدۇ.

مەن بارسومغا كەلگىنىمگە بىر ئاي بولغان كۈنى بىز ساك خانلىقى تۇرۇشلۇق قەدىمىي شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ بىر توپ يېشىل تەنلىكلەرنىڭ نامى دەل ساك شەھىرىدىكى ئاشۇ ئاللىقاچان ئۆنتۈلۈپ كەتكەن خەلقتىن ئوغرىلىۋېلىنغان ئىدى. پۈتكۈل ساك خانلىقىدا ئوتتۇزمىڭ ئادەم بار بولۇپ يىگىرمە بەش قەبىلىگە بۆلۈنىدىكەن. ھەربىر قەبىلىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئاقساقاللىرى ھەم سەردارلىرى بار بولۇپ ھەممىسىگە ساك خانلىقىنىڭ خاقانى تەل خاجاس ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن. بەش قەبىلىنىڭ باش شتابى ساك شەھىرىدە بولغاندىن سىرت قالغانلىرى تەل خاجاسقا تەۋە ھەرقايسى تاشلاندۇق شەھەرلەرگە ئورۇنلاشقان ئىكەن.

چۈشتىن كېيىن بىز كەڭ كەتكەن مەركىزىي مەيدانغا كەلدۇق. يىراققا يۈرۈش قىلغان ئەترەتنىڭ قايتىپ كېلىشى ئانچە قىزغىن قارشى ئېلىشلارغا ئېرىشەلمىدى. پەقەت بىر نەچچە مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگىلا يولۇقۇپ ئۆتتۇق. لېكىن، ئۇلار ئەترەتنىڭ ئىككى ئەسىرنى بىللە ئالغاچ كەلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن قىزىقىدىغانلار ھەسسىلەپ كۆپىيىشكە باشلىدى. دېكا تۇررېس بىلەن مەن ئۇلارنىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدۇق.

بىز يېڭى تۇرالغۇلارغا تەقسىملەندۇق. سەپەر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قالغان ۋاقىتتا بىز يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈش بىلەن بولدۇق. مېنىڭ تۇرالغۇم جەنۇبتىن مەيدانغا تۇتىشىدىغان مۇھىم يول ئېغىزىغا، يەنى مەيداننىڭ بېشىغا ئورۇنلاشقان ئىدى. پۈتۈن بىنادا مەن ئۆزۈم يالغۇز تۇراتتىم. بۇ يەردىن بىز ئىلگىرى تۇرغان شەھەرگە ئوخشاش ئالاھىدىلىكلەرنى، چىرايلىق بىنالارنى كۆرگىلى بولاتتى. بەزى بىنالارنىڭ كۆلىمى تېخىمۇ چوڭ بولۇپ ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ئىكەن. مېنىڭ تۇرالغۇم شۇ دەۋردىكى يەر شارىدا بار بولغان ئەڭ ھەشەمەتلىك بىناغا ئوخشايتتى.

بىراق، بۇ غەلىتە مەخلۇقلارغا نىسبەتەن بىنالارنىڭ كۆلۈمىدىن باشقا نەرسىنىڭ ھېچقانچە قىممىتى يوق ئىكەن. شۇنداق بولغاچقا تەل خاجاس كۆلۈمى ئەڭ چوڭ ئامىۋى

بىنادا تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ تۇرۇۋاتقىنى شەھەردىكى ئەڭ چوڭ قۇرلۇش بولۇپ تۇرالغۇ قىلىشقا قەتئىي ماس كەلمەيدىكەن. كۆلىمى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ بىنا لوكاس پۇتمىرنىڭ، قالغانلىرى تەرتىپ بويىچە تۆۋەن دەرىجىلىك ئاقساقاللارنىڭ ئىدى. قۇرلۇشلار مانا مۇشۇنداق رىتسارلارنىڭ دەرىجىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بويىچە بۆلۈنگەن ئىكەن. ھەمراھ رىتسارلار ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى بىللە بىر بىنادا تۇرىدىكەن. ھەر بىر قەبىلە بەلگىلەنگەن يەرگە قارارگاھ قۇرىدىكەن. ئەگەر خالىسا ئۆزلىرىنىڭ دائىرىسىدىكى زېمىنىنىڭ ئىچىدىكى خالىغان بىنانى تاللىسىمۇ بولىدىكەن. يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى ئاقساقاللارنىڭ ھەممىسى مەيدانغا قاراپ تۇرىدىغان بىنالاردا تۇرىدىكەن.

مەن ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، مۇنداقچە ئېيتقاندا ماڭا ھەمراھ ئايال ـ باللار ئورۇنلىشىپ بولغاندا تۈن يېپىلغان ئىدى.

مەن ئالدىراش ـ تېنەش تۇرالغۇمدىن ئايرىلىپ سولالارنى ئىزلەپ ماڭدىم. مەن دېكا تۇررېس بىلەن سۆزلىشىپ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ بېقىش قارارىغا كەلگەن ئىدىم. ئونىڭ قېچىپ كېتىشكە ياردەم قىلالىغۇدەك بىرەر چارە تاپقۇچە بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى بۇنداق قاتماللىق ۋاقتىنچە توختىتىلمىسا بولمايتتى. تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ قوياش ئۇيۇق سىزىقىغا پاتقاندىلا ئاندىن ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ يىراققا قاراپ تۇرغان ۋۇلانى بايقىدىم. بۇ بىنا مەن تۇرىۋاتقان بىنانىڭ ئۇدۇلىدا بولۇپ مەيدانغا تېخىمۇ يېقىن ئىدى.

مەن تەكلىپ قىلىشنى كۈتمەيلا ئۈچ قەدەمنى بىر قېتىمدا دەسسەپ ئىككىنچى قەۋەتكە تۇتىشىدىغان ئەگرى پەلەمپەينى بويلاپ يۇقىرىغا ئېتىلىپ يوغان بىر ئۆيگە كىردىم. ۋۇلا يۈگرەپ كېلىپ مېنى قىزغىن قارىشى ئالدى. ئۇ پۈتۈن ئېغىرلىقى بىلەن ماڭا ئېتىلىپ كەلگەچكە مېنى ئۆرىۋەتكىلى تاس قالدى. بىچارە ئىت، خۇشاللىقىدىن بىرلا يالماپ مېنى پۈتۈنلا يۇتۇۋەتكۈسى كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئۈچ تال ھىڭگان چىشىنى كۆرسىتىپ قورقۇنۇچلۇق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇنى بىردەم

ئەركىلىتىپ تىنچلاندۇردۇم. ئالدىمىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن ئۆتۈپ دىكا تۇررېسنىڭ سايىسىنى ئىزلىدىم ھەم ئۇنى چاقىردىم. ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىن تۆۋەن بىر ئاۋاز ماڭا جاۋاب قايتۇردى. مەن ئالدىراشچىلىقتا يوغان چامداپلا ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ يىپەك رەختكە ئورىنىپ ياغاچتىن ئۇيۇلغان قەدىمى بىر ئورۇندۇقتا تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. مېنى كۆرگەندىن كىيىن ئورنىدىن تۇرۇپ كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ تۇرۇپ:

— ساكلىق داۋتىر ساگات، ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى قانداق بىرتەرەپ قىلماقچىكىن، — دىدى.

— دىكا تۇررېس، مەن سىزگە قانداق ئازار بەرگەنلىكىمنى بىلمەيمەن، ئەمما مېنىڭ ھەرگىز سىزگە زىيان يەتكۈزۈش نىيىتىم يوق، — دىدىم مەن چۈشەندۈرۈپ.

— مەن سىزنى مۇھاپىزەت قىلىشنىلا ئۈمىد قىلىپ كېلىۋاتىمەن. ئەگەر مېنى كۆرۈشنى خالىمىسىڭىز ئىختىيارىڭىز، ئەمما سىزنى قاچۇرۇۋېتىشمىگە ياردەم قىلىڭ. بۇ ئۆتۈنۈش ئەمەس، بۇيرۇق. سىز بىخەتەر دادىڭىزنىڭ يېنىغا قايتىپ كىتەلىسىڭىزلا ماڭا قانداقلا مۇئامىلە قىلىشىڭىز بەربىر. ئەمما ھازىر مەن سىزنىڭ ئىگىڭىز، سىز چوقۇم مېنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمغا بوي سۇنۇپ ماڭا ياردەم قىلىشىڭىز لازىم.

ئۇ ماڭائەستايىدىللىق بىلەن ئۇزاققىچە تىكىلىپ تۇرۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ مۇئامىلىسىدە ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىش بولۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

— مەن سىزنىڭ مەقسىدىڭىزنى چۈشەندىم، داۋتىر ساگات ، — دىدى ئۇ جاۋاب بىرىپ، — ئەمما مەن سىزنى چۈشىنەلمىدىم. سىز كىچىك بالا بىلەن ئەزىمەتنىڭ ئارىلاشمىسىدىن تۈزۈلگەن ئىكەنسىز. قوپال ھەم ئالىيجاناب . مەن پەقەت سىزنىڭ قەلبىڭىزنى چۈشۈنىشنىلا ئۈمىد قىلىمەن.

— ئايىقىڭىزنىڭ ئاستىغا قاراپ بېقىڭ، دىكا تۇررېس. شۇ كەچلىكىدىن باشلاپ مېنىڭ يۈرۈكۈم شۇ يەردە قىپ قالدى. ئۇ مەڭگۈ شۇ يەردە سوقىدۇ، تاكى مەن ئۆلگىچە.

ئۇ ماڭا بىر قەدەم تاشلاپ چىرايلىق قوللىرىنى چىقاردى.

— سىز نېمە دەۋاتىسىز جون كارتېر، — دىدى ئۇ ئاستا، — سىز نېمىلەرنى

دەپ كەتتىڭىز؟

— مەن ئىلگىرى قەسەم قىلغان، سىزنىڭ ھازىرقى سالاھىيىتىڭىز بويىچە يېشىل تەنلىكلەرنىڭ ئەسىرى بولۇپ تۇرغان ۋاقتتا سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بۇ گەپلەرنى قىلىپ يۈرمەيمەن. سىزنىڭ يىگىرمە كۈندىن بۇيانقى ماڭا بولغان مۇئامىلىڭىز مېنىڭ ئۇ گەپلەرنى قايتا تىلغا ئالماسلىققا قەسەم ئىچكۈزدى. مېنىڭ مەقسىتىم دېكا تۇررېس، مېنىڭ بارلىقىم، تېنىم ۋە روھىيىتىمنىڭ ھەممىسى سىزگە مەنسۇپ . مەن سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن، سىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن، سىز ئۈچۈن ئۆلۈشكە تەييارمەن. مەن پەقەتلا سىزدىن بىر ئىشنى ئۆتۈنىمەن، سىز ئۆز ئادەملىرىڭىزنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىشتىن ئاۋۋال ، مەيلى ماختاش ياكى ئەيىبلەش بولىشىدىن قەتئىينەزەر ، مېنىڭ سۆزلىرىمگە ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرماڭ. مەيلى سىز ماڭا نىسبەتەن قانداق ھېسسىياتتا بولۇڭ ، ھاياجانلىنىشتىن تەسىرگە ئۇچرىمسۇن ياكى ئۆزگەرمىسۇن. مەن سىز ئۈچۈن نېمىلا قىلماي، ھەممىسى ئۆزۈمنىڭ شەخسى ئىشى، مۇشۇنداق قىلسام‌لا مەن ئۆزۈمنى چەكسىز خۇشال ھېس قىلىمەن.

— جون كارتېر، مەن سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزغا ھۆرمەت قىلىمەن. چۈنكى مەن سىزنىڭ مەقسىتىڭىزنى چۈشىنىمەن. مەن خۇشاللىق بىلەن سىزنىڭ مۇلازىمىتىڭىزنى قوبۇل قىلىمەن، بۇيرۇقىڭىزنى ئاڭلايمەن. ھازىردىن باشلاپ سىزنىڭ سۆزىڭىز مەن ئۈچۈن قانۇن. مەن سىزدىن ئىككى قېتىم ئورۇنسىز ئاغرىندىم. سىزنىڭ ئەپۇ قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

سولانىڭ كېلىشى بىلەن بىز داۋاملىق سۆزلىششكە ئامالسىز قالدۇق. سولانىڭ تۇرقىدىن ناھايىتى ئارامسىزلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بۇرۇنقى ئېغىر بېسىق ھالىتىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

— ئۆلگۈر ساركوجا تەل خاجاسىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپتۇ، — دىدى ئۇ، — مەيداندىكىلەردىن ئاڭلىشىمچە ئىككىڭلارنىڭ ھايات قىلىشىدىن ئۈمىد قالمىغاندەك قىلىدۇ.

— ئۇلار نىمە دەيدۇ؟ — سورىدى دىكا تۇررىس.

— ئۇلارنىڭ دىيىشىچە يىلدا پەقەت بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقىدە ھەممە ئادەم يىغىلغان بەيگە مەيدانىدا سىلەرنى يىكاروغا تاشلاپ بەرگۈدەك( ئىنتايىن ۋەھشىي ئىت).

— سولا، — دىدىم مەن، — سىز گەرچە ساكلىق بولسىڭىزمۇ بىزگە ئوخشاشلا بۇنداق رەھىمسىزلىكتىن نەپرەتلىنىسىز. سىز بىز بىلەن بىللە قېچىپ كېتىشكە ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالامسىز؟ مەن ئىشىنىمەن، دىكا تۇررىسنىڭ خەلقى چوقۇم سىزنى قارىشى ئالىدۇ. سىزگە ئىللىق مۇئامىلە قىلىدۇ، سىزنى سۆيىدۇ. تەقدىرىڭىز بۇيەردىكىدىن كۆپ ياخشى بولىدۇ.

— توغرا، — دىدى دىكا تۇررىس، — سولا ، بىز بىلەن بىللە كېتىڭ. خېرىئاندا سىزنىڭ كەلگۈسىڭىز بۇيەردىن كۆپ ياخشى بولىدۇ. مەن سىزگە ۋەدە بېرىمەن، سىز بىز بىلەن بىللە ياشايسىز، كۈتكەن مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشەلەيسىز. سىزنىڭ خەلقىڭىز بۇنداق بولۇشقا ھەرگىز يول قويمايدۇ. سولا، بىللە كىتىڭ. بىز سىزنى ئېلىپ كىتىمىز. ئەگەر ئۇلار سىزنىڭ بىزنىڭ قېچىشىمىزغا ياردەم قىلغانلىقىڭىزنى بىلىپ قالىدىغان بولسا ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس. بىزگە ئايان، سىز بىزنىڭ قېچىشىمىزنى تۇسمايسىز. بىز سىزنى باشلاپ قۇياش نۇرىغا، شادلىققا، ئىللىقلىققا تولغان دۇنيا ئېلىپ كىتىمىز. ئۇ يەردە سىز مۇھەببەتنىڭ، ھېسداشلىقنىڭ ، مىنەتدارلىقنىڭ نىمىلىكىنى چۈشىنىسىز. ماقۇل دەڭ. سولا.

— جەنۇپتىن خېرىئانغا تۇتىشىدىغان دەريا يولىنىڭ كەڭلىكى ئەللىك ئىنگلىز مىلى كېلىدۇ، — دىدى سولا ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك، — تېز چاپىدىغان بىر ئات بۇ يەردىن ئۈچ سائەتتە ئۆتۈپ بولىدۇ. ئۇ يەردىن خېرىئانغا بېرىش ئۈچۈن يەنە بەش يۈز ئىنگلىز مىلى ئارلىق بار. يول ئۈستىدە ئادەم ئىنتايىن شالاڭ. ئۇلار بايقاپلا قالسا قوغلاپ كېلىشىدۇ . ۋاقتىنچە دەرەخلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرنۇۋالساق بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ قېچىپ كېتىش مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى كىچىك. چۈنكى ئۇلار خېرىئاننىڭ دەرۋازىسىغىچە

قوغلاپ كېلىشىدۇ . ھەرگىز رەھىم قىلمايدۇ. سىلەر ئۇلارنى تېخى تولۇق چۈشەنمەيسىلەر.

— خىرىئانغا بارىدىغان باشقا يول يوقمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن، — دېيىكا تۇررېس، سىز بىز ماڭىدىغان يولنىڭ بىر پارچە خەرىتىسىنى سىزىپ بېرەلەمسىز؟

— بولىدۇ، — دېدى تۇررېس.

ئاندىن چېچىدىن ناھايىتى چوڭ بىر پارچە ئالماسنى ئېلىپ مەر ـ مەر تاشتىن ياسالغان پولغا مەن بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقان بارسومنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى. خەرىتە ئوڭ ـ سولغا، تىك ـ توغرا سىزىلغان سىزىقچىلار بىلەن تولغان بولۇپ، بەزىلىرى ئۆزئارا پاراللېل ، بەزىلىرى بىرلىشىپ يوغان چەمبەرلەرگە تۇتىشاتتى. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە سىزىقچىلار دەريا يولىغا، چەمبەرلەر شەھەرلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىكەن. خەرىتىدىكى غەرب ـ جەنۇب تەرەپتىكى يىراقتا تۇرغان شەھەر دەل خىرىئان ئىكەن. بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا نۇرغۇن شەھەر بار بولۇپ تۇررېس ئۇ يەرگە بېرىشنىڭ ئانچە مۇۋاپىق بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتى. چۈنكى ھەممىلا شەھەر خىرىئاننىڭ دوستلىرى ئەمەسكەن.

ئاي نۇرى ئۆي ئىچىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. مەن خەرىتىنى ئىنچىكە كۆزەتكەنىدىن كېيىن يىراق شىمال تەرەپتىكى بىر دەريا يولىنى تاپتىم. ئۇمۇ ئوخشاشلا خىرىئانغا تۇتىشاتتى.

— ئەجىبا، بۇ دەريا يولى خىرىئانغا تۇتاشامدۇ؟ — سورىدىم مەن.

— شۇنداق، تۇتىشىدۇ، — دېدى تۇررېس جاۋاب بېرىپ، — ئەمما ئۇ بىزدىن ئىككى يۈز ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتا. ساك شەھىرىگە كېلىش يولىدا بىز بۇيەردىن ئۆتكەن.

— ئۇلار بىزنىڭ بۇ يولنى تاللىغىنىمىزنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. مېنىڭچە بىز مۇشۇ دەريا يولىدىن ماڭايلى.

سولا مىنىڭ پىكرىمگە قوشۇلدى. بىز بۈگۈن كەچتىلا بۇ يەردىن كېتىشكە كېلىشتۇق . ئەمەلىيەتتە مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ ئېتىنى تاپالىسىلا ئېگەرنى ئارتىپ يولغا

چىقالايتتۇق. سولا بىر ئاتنى، مەن تۇررىس بىلەن بىر ئاتنى مىنسەك بولاتتى. ئاتلار ئىككى كۈندە پۈتكۈل مۇساپىنى بېسىپ بولالمىغاچقا بىز يەنە يېتەرلىك يېمەكلىك ۋە ئىچىملىك ئېلىۋېلىشىمىز كېرەك ئىدى.

مەن سولاغا دېكا تۇررىسنى باشلاپ ئادەم ئاز كوچا بىلەن مېڭىپ شەھەرنىڭ جەنۇبىدا مېنى ساقلىشىنى، ئۆزۈمنىڭ ئاتلارنى ئېلىپ دەرھال كەينىدىن يېتىپ بارىدىغانلىقىمنى ئورۇنلاشتۇردۇم. ئۇلار نەرسە كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغدا مەن بىنادىن چۈشۈپ ئارقا ھويلىغا كەلدىم.

ئاتلار بۇرۇنقىدەك ئۇخلاشتىن ئاۋۋال ئارامسىزلىنىپ ئۇياق ـ بۇياققا ماڭماقتا ئىدى. بىر توپ ئات ۋە سىتېر بىنانىڭ كۆلەڭگىسىدە تۇراتتى. سىتېر تۇرۇپ ـ تۇرۇپ غەلىتە پۇشقۇرۇپ قوياتتى. ئاتلارمۇ ماسلىشىپ چىرقىراق ئاۋاز چىقىراتتى. بۇ ھايۋانلار مانا مۇشۇنداق ئارام تاپالماي ئۆمۈرنى ئۆتكۈزەتتى. مەيداندا ئادەم ئازلىغاندا ئۇلار ئاستا جىمىپ قالدى. ئەمما مېنىڭ ھىدىمنى پۇرىغاندا يەنە ئارامسىزلىنىپ، قورقۇنۇچلۇق ئاۋاز تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىشقا باشلىدى. كەچلىكى يالغۇز بۇلارنىڭ يېنىغا كىرىش ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، بىر تەرەپتىن بارغانسېرى يۇقىرىلاۋاتقان ئاۋاز يېقىن ئەتراپتىكى رىتسارلارنى چۆچۈتۈپ قويۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن بەزى شاش ئاتلار كىچىككىنە سەۋەب ياكى ھېچقانداق سەۋەبسىزلا ماڭا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

مەخپىي ۋە تېز ھەرىكەت قىلىش تەلەپ قىلىنىدىغان بۇنداق كېچىدە بۇ ھايۋانلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشنى خالىمىدىم. مەن بىنا تېمىغا چىڭ چاپلىشىپ بىنانىڭ كۆلەڭگىسىدە ئەتراپىمدىكى تامنىڭ تۆشۈكى ياكى دېرىزىدىن سىرتقا سەكرەشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇردۇم. شۇنداق قىلىپ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئارقا ھويلىنىڭ چوڭ كوچىغا تۇتىشىدىغان ئىشىكىگە قاراپ يۆتكەلدىم. ھەر بىر قەدىمىمدە ئېھتىيات قىلىپ سىتېرلارنى ئۈركۈتۈۋېتىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىدىم. مەن باشتا ئۆزۈمنىڭ ئىككى ئېتىنى ئاستا چاقىردىم. شەپقەتلىك تەڭرىم، ساڭا كۆپ تەشەككۈر. سەن مېنىڭ ھەم گاس ھەم گاچا ھايۋانلارنى ماڭا سادىقلىق بىلەن خىزمەت ئىشلىشىگە مايىل قىلىشىمغا

يار يۆلەكتە بولدۇڭ. شۇ چاغدا مەن ھويلىنىڭ يەنە بىر بېشىدا ئىككى كېلەڭسىز مەخلۇقنىڭ تەكشى بولمىغان گۈشلۈك گەۋدىسىنى سۆرەپ مەن تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم.

ئۇلار ماڭا يېقىنلىشىپ بۇرنىنى سوزۇپ مەن دائىم يېنىمدا ئېلىپ يۈرىيدىغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى پۇراشقا باشلىدى. مەن ئېھتىيات بىلەن دەرۋازىنى ئېچىپ بۇ ئىككى گىگانت مەخلۇقنى سىرتقا چىقاردىم. كەينىدىنلا ئۆزۈممۇ سۇغۇرلۇپ چىقىپ دەرۋازىنى تاقىدىم.

مەن ئاتنى ئىگەرلىمەيلا بىنالارنىڭ كۆلەڭگىسىنى بويلاپ ئادەم ناھايىتى ئاز ئۆتىدىغان بىر كىچىك يولغا چىقىپ تۇررېسلار بىلەن كۆرۈشىدىغان نۇقتىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتىم. يولدا خۇددى ئەرۋاھتەك ئۇن ـ تىنسىز ئوغرىلىقچە مېڭىپ شەھەر سىرتىدىكى تەكشىلىكنى كۆرگەندىلا يېنىك تىنىدىم. مەن دېكا تۇررېس بىلەن سولانىڭ نازارەت دائىرىسىدىن ئاسانلا ئايرىلىپ كېلىشكەن جايغا تېزلا يېتىپ بارالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. ئىككى گىگانت ئاتنى يېتىلىۋالغانلىقىم ئۈچۈن نۇقتىغا بېرىپ بولۇشۇم ئۈنچىلىك ئاسانغا توختىمىدى. رىتسارلار كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئادەتتە شەھەر سىرتىغا چىقمايتتى. ئاتلىق خېلى ئۇزاق ماڭغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا شەھەر ئەتراپىدا بارغۇدەك يەرمۇ يوق ئىدى.

مەن ئۇچرىشىش نۇقتىسىغا بىخەتەر يېتىپ باردىم. ئەپسۇس، دېكا تۇررېس بىلەن سولا بۇ يەردە يوق ئىدى. مەن ئاتنى يېتىلەپ بىر بىنانىڭ دەرۋازىسىغا كەلدىم. «بەلكىم ماڭاي دەپ تۇرغاندا ئۇلار بىلەن بىللە تۇرىۋاتقان ئايالالار كېلىپ قىلىپ سولانى گەپكە تۇتقان بولسا مېڭىش ۋاقتى كېچىككەن بولسا كېرەك» دەپ پەرەز قىلىپ ئۇلارنىڭ كېچىكىشىدىن ئانچە ئەمدىشە قىلمىدىم. شۇنداق بولسىمۇ بىر سائەت، كەينىدىن يەنە يېرىم سائەت ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. مەن ئازاراق ئارامسىزلىنىشقا باشلىدىم. تۇيۇقسىز جىمجىتلىقنى بىر توپ ئادەمنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى بۇزۇپ تاشلىدى. مەن ئۇلارنىڭ ھەرگىزمۇ ئەركىنلىك ئۈچۈن قېچىپ چىقىۋاتقان ئادەملەر

ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلىپ ئۇلگۇردۇم. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار يېقىنلىشىپ كەلدى. مەن دەرۋازىنىڭ كۆلەڭگىسىدىن سىرتقا قاراپ ئون نەچچە ئاتلىق رىتسارنىڭ چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم ھەم ئۇلارنىڭ بىرنەچچە ئېغىز سۆزىنى ئاڭلاپ پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ ئىسسىق قان مېڭەمگە تەپتى.

— ئۇلار چوقۇم شەھەر سىرتىدا ئۇچراشماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ...

ئۇلار ئالدىراپ ئۆتۈپ كەتتى. پەقەت مۇشۇ سۆزلەرنىلا ئاڭلىيالىغان بولساممۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەك ئانچە تەس ئەمەس ئىدى. ناھايىتى ئېنىقكى، بىزنىڭ قېچىش پىلانىمىز سىزىلىپ قالغان، شۇڭا بۇ بىر توپ رىتسار مېنى قوغلاپ چىققان. دېمەك ھازىردىن باشلاپ بىزنىڭ قېچىش پۇرسىتىمىز تېخىمۇ ئازلاپ كەتتى دېگەن گەپ.

مېنىڭ ئەمدىكى ئىشىم قاراۋۇللارنىڭ ئالدىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ دېكا تۇرۇبىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ھەقىقى ئەھۋالنى بىلىش. ئەمما پۈتۈن شەھەردە بىزنىڭ قاچقانلىقىمىز توغرىلىق خەۋەر پۇر كەتتى. شۇڭا ئىككى ئاتنى بىللە ئېلىپ بېرىشىم ئۇنچىلىك ئاسانغا چۈشمەيتتى.

تۇيۇقسىز كاللامدىن بىر ئوي كەچتى. قەدىمى مارسلىقلارنىڭ بىنا قۇرلۇش ئۇسلۇبىغا بولغان چۈشەنچەمگە ئاساسلانغاندا ھەربىر ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەسرەك جايلاشتۇرۇلغان يەنە بىر ئىچكى ھويلا بار ئىدى. مەن بىر تەرەپتىن قاراڭغۇ ئۆيدە تىمىسقىلاپ ئالغا ئىلگىرلىسەم يەنە بىر تەرەپتىن ئاتلارنى ماڭا ئەگىشىشكە چاقىراتتىم. ئۇلارغا نىسبەتەن ھەممە ئىشىكتىن قىستىلىپ ئۆتۈش ھەقىقەتەن قىيىنغا توختىدى. ياخشى يېرى قۇرلۇشلارنىڭ كۆلىمى چوڭ بولغاچقا ئاتلار قىستىشىپ ئۆتسىمۇ قىسىلىپ قالمايتتى. مۇشۇنداق قىلىپ بىز ئىچكى ھويلىغا كەلدۇق. بۇ ھويلىنىڭ تىگىگىمۇ يېپىنچا ئۆسۈملۈككە ئوخشاش ئۆسۈملۈك ئۇسۇپ كېتىپتۇ . مەن ئاتلارنى تۇرالغۇسىغا ئاپىرىپ قويۇشتىن ئىلگىرى ئۇلار بۇيەردىكى ئۆسۈملۈكلەرنى ئوزۇقلۇق قىلىپ بىمالال ياشىيالايتتى. ئۇلار بۇ يەردە باشقا ھەرقانداق يەردىكىگە ئوخشاش تىنچ ، خاتىرجەم بولالايدۇ. ئۇلارنىڭ بايقىلىپ قىلىش ئېھتىماللىقىمۇ ناھايىتى كىچىك. چۈنكى بۇ بىنالاردا

پات ـ پات پەيدا بولۇپ قالىدىغان ئادەمسىمان مايمۇن يېشىل تەنلىكلەرنى قاتتىق ساراسىمىگە سىلۋەتكەنلىكتىن ئۇلار شەھەرنىڭ چەت ياقىدىكى بىنالارغا كىرىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتى.

مەن ئېگەرنى يېشىۋېلىپ بايا بىز كىرگەن ھويلىنىڭ ئارقا ئىشىكىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇپ قويدۇم. ئاندىن ئاتلارنىڭ چۇلۋۇرىنى يېشىۋەتتىم. ئارقىدىنلا ھويلىنى ئۇچقاندەك كېسىپ ئۆتۈپ، ھويلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى بىنانىڭ كەينىگە ئۆتتۇم. بۇ قۇرۇلۇشنىمۇ كېسىپ ئۆتۈپ يەنە بىر چوڭ كوچىغا چىقتىم. مەن قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۆزۈمنى دالدىغا ئېلىپ بىرەر ئادەمنىڭ بۇ ياققا كەلمىگەنلىكىگە جەزم قىلغاندىن كېيىن چوڭ كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ بىرىنچى چوڭ دەرۋازىدىن كىرىپ يەنە بىر ھويلىغا كەلدىم. ئاخىرىدا بىخەتەر ھالدا دېكا تورىېسلارنىڭ تۇرالغۇسىنىڭ كەينى ھويلىسىغا يېتىپ كەلدىم.

مەن بۇ يەردە جەك ئاتلىرىنى كۆرەلەيتتىم. ئۇلارنىڭ ئىگىلىرى يېنىدىكى بىنادا تۇراتتى. ئەگەر بىناغا كىرسەم چوقۇم رىتسارلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. بەختكە يارىشا دېكا تورىېسنىڭ تۇرالغۇسىغا كىرىشكە يەنە بىر ئامال تېپىلدى. مەن بۇرۇن ئەزەلدىن بۇ نۇقتىدىن بىنالارنى كۆزەتمىگەن. شۇڭا ئالدى بىلەن ئۇلار تۇرىۋاتقان قەۋەتنى مۇقۇملاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن كۆچ ۋە چاققانلىقىقا تايىنىپ يۇقىرىغا بىرلا سەكرەپ ئىككىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزە تەكچىسىنى تۇتىۋالدىم. مېنىڭچە بۇ ئۇلارنىڭ ئارقا ئۆيى ئىدى. ئۆيگە ئۆمۈلەپ كىرگەندىن كېيىن ئاۋاز چىقارماي ئالدىنقى ئۆينىڭ ئىشىكىگە يېقىنلاشتىم . ئىشىكنى ئەمدى ئاچاي دېيىشىمگە بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىچىدە ئادەم بارلىقىنى بىلدىم.

مەن يېنىكلىك بىلەن باستۇرۇپ كىرمەي ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ ئىچىدە گەپ قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ تورىېس ياكى ئەمەسلىكىنى ، كىرسەم بىخەتەر بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولدۇم. ئىچىدە بىر ئەر كىشىنىڭ تۆۋەن ئاۋازدا سۆزلىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھېلىمۇ ياخشى مەن مۇشۇنداق ئېھتىيات

تەدبىرىنى قوللانغان ئىكەنمەن. ئاخىرى ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندىم. بۇ سۆزلەر شۈبھىسىزكى ماڭا بېرىلگەن سىگنال بولدى. گەپ قىلىشۋاتقىنى بىر سەردار بولۇپ تۆت نەپەر رىتسارغا بۇيرۇق قىلىشۋاتاتتى.

— ئۇ ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىدىغان نۇقتىغا كەلمىگەنلىكىنى كۆرسە چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ ، — دېيىتتى ئۇ، — ئۇ بۇ ئۆيگە كىرگەن هامان سىلەر دەرهال باستۇرۇپ بېرىپ ئۇنىڭ قورالىنى تارتىۋېلىڭلار. ئەگەر ئۇلار كىرودىتىن ئېلىپ كەلگەن خەۋەر ئىشەنچلىك بولسا سىلەر نەچچىڭلار ياخشى ماسلىشىڭلار. ئۇنى چىڭ باغلىغاندىن كېيىن خان هوزۇرىغا ئېلىپ بېرىپ كىشەن بىلەن مەهكەم باغلاڭلار. بۇنداق بولغاندا تەل خاجاس سوراق قىلغاندا ئۇ يەنە قىچىشقا ئورۇنالمايدۇ . ئۇنىڭ هەرقانداق ئادەم بىلەن سۆزلىشىشىگە رۇخسەت يوق. ئۇ قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن هەرقانداق ئادەمنىڭ بۇ ئۆيگە كىرىشىگە رۇخسەت يوق. ئۇ قىز ئەمدى قايتىپ كېلەلمەيدۇ ، چۈنكى ئۇ تەل خاجاسنىڭ قۇچىقىغا كىرىشكە تەييارلانماقتا. ئۇنىڭ بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتسۇن. ئەمما تەل خاجاس ئۇنىڭغا هەرگىز ئىچ ئاغرىتمايدۇ. ئۇلۇغ ساركوجا بۇگۈن كىشىنى هەيران قالدۇرىدىغان چوڭ ئىشتىن بىرنى قىلدى. مەن كەتتىم، ئەگەر سىلەر ئۇنى تۇتالمىساڭلار، ئېهتىيات قىلىڭلار، مەن سىلەرنىڭ جەسىدىڭلارنى دەهشەتلىك يىس دەرياسىغا تاشلاشقا بۇيرۇق قىلىمەن.

## ئون يەتتىنچى باب

# بۆرىدىن قۇتۇلۇپ يولۋاسقا تۇتۇلۇش

سۆزلەۋاتقان ئاقساقال سۆزىنى تۈگىتىپ بۇرۇلۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى. مەن دەل ئۇ ئۆتىدىغان ئىشىكنىڭ يېنىدا تۇراتتىم. يەنە ساقلاپ تۇرۇۋېرىشنىڭ ئورنى قالمىغان ئىدى. مەن قورقۇنچ ئىچىدە ئەسلىدىكى يولۇم بىلەن ئۇن - تىنسىز

ھويلىغا قايتىپ كەلدىم ھەم دەرھال ھەرىكەت قوللىنىش قارارىغا كەلدىم. ھويلىدىن ۋە چوڭ كوچىدىن ئۆتۈپ ناھايىتى تېزلا تەل خاجاسىنىڭ ئارقا قورۇسىغا يېتىپ كەلدىم.

پەس قەۋەتلەردىكى چىراغ ئۆتى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆيلەر ماڭا قايسى تەرەپتىن مېڭىشنى ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى. مەن دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ئىچىگە قاراپلا بۇ يەرگە ئويلىغىنىمدەك ئۇنداق ئاسان كىرگىلى بولمايدىغانلىقىنى پەملىدىم. چۈنكى ھويلا بىلەن تۇتاش ئارقا ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى رىتسار ۋە ئاياللار بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىكەن. مەن يۇقىرىغا قاراپ ئۈچىنچى قەۋەتتە چىراغ يورۇقى يوقلىقىنى بايقىدىم ھەم شۇ يەردىن بىناغا كىرىشنى قارار قىلدىم. مەن ئۈچۈن يۇقىرىدىكى دېرىزىگە چىقىش كۆزنى يۇمۇپ ئاچقانچىلىكلا ئىش ئىدى. شۇڭا ناھايىتى تېزلا ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسىدىن ئۆمۈلەپ بىر ئۆيگە كىردىم. بەختكە يارىشا بۇ يەردە ئادەم يوق ئىكەن. تىمىسقىلاپ يۈرۈپ كارىدورغا چىقتىم ھەم ئالدىمدا چىراغ يورۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

مەن بىر يۇمىلاق تۆشۈككە يېقىنلاشقان ۋاقتىمدا بۇنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر زالنىڭ كىرىش ئېغىزى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. زال توسالغۇسىز ئېگىزلەپ تاكى بىنانىڭ يۇمىلاق ئۆگزىسىگىچە تۇتىشىدىكەن. زالنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن رىتسارلار، ئاقساقاللار ۋە ئاياللار قىستىلىشىپ تۇراتتى. ئۆينىڭ بىر تەرىپىدە غايەت زور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان مۇنبەر بولۇپ ئۈستىدە مەن ئۆمرۈمدە كۆرگەن ئەڭ ۋەھشىي، ئەڭ سەت بىر ئەبلەخ زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەبلەخنىڭ ھازىرلا چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك كۆزلىرىدىن سوغۇق نۇر چاچرايتتى، ياۋايى يىرتقۇچنىڭكىدەك ھىڭگان چىشلىرىدىن تارتىپ ھەر بىرتال تىرنىقىغىچە ياۋۇزلۇق، ئۆچمەنلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. قىسقىسى، يېشىل تەنلىك مارسلىقلاردا بار بولغان ۋەھشىيلىك، شەپقەتسىزلىك ۋە قەبىھلىك بۇ خۇمپەرنىڭ جىسمىدا تولۇپ ـ تېشىپ تۇراتتى. كۆپ يىلدىن بىرى ھاۋايى ھەۋەسكە بېرىلگەنلىكىدىن پۈتكۈل جىسمى خۇنۈكلىشىپ يوقۇرقى ئالاھىدىلىكلەر ئۇنىڭ جىسمىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، ئۇنى تېخىمۇ شەرمەندىلەرچە كۆرسۈتەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا ئالىيجانابلىق ۋە ئىززەت ـ ئابرۇي دېگەنلەردىن قىلچىلىكمۇ ئەسەر يوق ئىدى. مۇنبەرنى

قاپلاپ تۇرغان يوغان گەۋدىسى كېلەڭسىز سەككىز ئاياققا ئوخشايتتى. ئالتە قولى ئادەمنى قورقۇنچ ھەم ۋەھىمىگە سالاتتى.

دېكا تۇررىس بىلەن سولا ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇراتتى. تەل خاجاسىنىڭ بۆرتۈپ چىققان يوغان كۆزلىرى دېكا تۇررىسىنىڭ كېلىشكەن فىگورىسىغا ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلگەن ئىدى. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ قانلىرىم قايناپ كەتتى. تۇررىسىنىڭ بىرنەرسە دەۋاتقانلىقىنىلا كۆرەلىدىم، ئەمما ئاڭلىيالمىدىم. تەل خاجاسىنىڭ نېمە دەپ كولدۇرلاۋاتقانلىقىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمىدى. تۇررىس ئۇنىڭ ئالدىدا قەددىنى تىك تۇتۇپ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇراتتى. گەرچە ئۇلاردىن يىراقتا بولسامۇ ئۇنىڭ مەڭستىمەسلىك نەزىرى بىلەن تەل خاجاسقا قاراپ تۇرغانلىقىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ قىياپىتىنى قىلچىلىك ئۆزگەرتمىگەن بولۇپ يۈزىدە تەل خاجاسنى كەمستىش ۋە مەسخىرە قىلىش ئالامەتلىرى جىلۋە قىلاتتى. ئونىڭ بېشىدىن ئايىقىغىچە ھەممە يېرى خىرئان پادىشاھى پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان مەلىكە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئەتراپىتىكى كېلەڭسىز مەخلۇقلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ گەۋدىسى شۇنچە ئاجىز، شۇنچە كىچىك كۆرۈنسىمۇ ئەمما تۇررىسىنىڭ ھازىرقى لاتاپىتى ئالدىدا قالغانلارنىڭ ھەممىسى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. بۇ ئادەملەر ئىچىدە ئۇنىڭ ئوبرازى ھەممىدىن بۈيۈك كۆرۈنەتتى . ئىشىنىمەنكى، يېشىل تەنلىكلەر بۇ نۇقتىنى چوقۇم ھېس قىلىشتى.

بۇ چاغدا تەل خاجاس مەھبۇسلار قىلىپ قالغانلارنىڭ چىقىپ كېتىشىنى ئىشارەت قىلدى. ئۆيدىكى رىتسار، ئاقساقال ۋە ئايالالار ئاستا ـ ئاستا ئەتراپتىكى ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشتى. ساك پادىشاھىنىڭ ئالدىدا تۇررىس بىلەن سولالا قېلىپ قالدى. پەقەت بىر ئاقساقال كېچىكىپرەك ئايرىلدى. مەن ئۇنىڭ چوڭ تاش تۈۋرۈكنىڭ كەينىدە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ شەمشىرىنىڭ سېپىنى تۇتۇپ قويىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. سوغۇق كۆزلىرى چوڭقۇر ئۆچمەنلىك بىلەن تەل خاجاسقا تىكىلگەن ئىدى. ئۇ دەل تارس تاركاس بولۇپ ئۇنىڭ چىرايىدىكى بىر قاراشتىنلا ھېس قىلىشقىلىشقا بولىدىغان ئەسەبىي ئۆچمەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى تەستە ئېچىلىدىغان كىتابقا ئوخشاش ھەممىنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى. ئېنىقكى

، ئۇ ھازىر قىرىق يىل ئىلگىرى بۇ ئەبلەخنىڭ ئالدىدا تۇرغان يەنە بىر ئايالنى ئويلاۋاتاتتى.

تارىس تاركاس ئاخىرى زالدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۆز قىزىنى ئۆزى ئەڭ ئۆچ كۆرۈدىغان دۈشمىنىنىڭ قولىغا تاشلاپ قويغانلىقىنى ھەرگىز بىلمەيتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا، مۇمكىن بولسا مەن ئۇنىڭ قولىقىغا بىر ئېغىز گەپ قىلسام‌ملا ئۇنداقتا تەل خاجاسنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشتى، دېيىشكە بولاتتى.

تەل خاجاس ئورنىدىن تۇردى. مەن ئۇنىڭ نىمە قىلماقچى بولغانلىقىنى پەرەز قىلىپ ئۆلگۈردۈم ھەم تېزلىك بىلەن ئايلانما پەلەمپەينى بويلاپ تۆۋەنگە چۈشتۈم. ھېچكىم ماڭا توسقۇنلۇق قىلمىدى. مەن يوشۇرۇنچە ئاساسلىق ئۆيگە كەلدىم ھەم تارىس تاركاس بايا كەتكەن تاش تۈۋرۈكنىڭ كەينىگە يوشۇرۇندۇم . تەل خاجاس سۆزلەۋاتاتتى.

— خىرئان مەلىكسى، مەن ساڭا قىلچىلىك زىيان يەتكۈزمەي ئادەملىرىڭگە قايتۇرۇپ بەرسەم جىق پۇلغا ۋە مال ـ دۇنياغا ئېرىشىمەن. ئەمما، سېنىڭ چىرايلىق يۈزلىرىڭنىڭ ئازابتىن ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرۈشنى ھەممىدىن بەك خالايمەن. ساڭا ئېيتسام، بۇنداق قىيىنلاش ناھايىتى ئۇزاق داۋاملىشىدۇ. ئون كۈنلۈك شاد ـ خۇراملىق مېنىڭ سىلەرنىڭ ئىرقىڭلارغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىمنى ئىپادىلەشكە يەتمەيدۇ. مەن سېنىڭ ئۆلگەن چاغدىكى قورقۇنۇچلۇق ھالىتىڭنى سىلەر قىزىل تەنلىكلەرنىڭ ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ئېسىدىن چىقمايدىغان قاباھەتلىك چۈشىگە ئايلاندۇرۇۋېتىمەن. سىلەرنىڭ ئاناڭلار قاپقاراڭغۇ كېچىدە يېشىل تەنلىكلەرنىڭ دەھشەتلىك ئۆچ ئېلىش جەريانىنى بالىلىرىغا سۆزلەپ بەرگەن چاغدا، تەل خاجاسنىڭ كۈچ قۇدرىتىنى، ئۆچمەنلىكىنى ۋە دەھشەتلىكلىكىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەرگەن چاغدا بالىلىرىڭلار قورقىنىدىن ئېلىشىپ قالىدۇ. ئەمما، سېنى قىيناشتىن ئاۋۋال ، سەن ماڭا بىر سائەت مەنسۇپ. بۇ خەۋەرمۇ خىرئاننىڭ پادىشاھىغا، سېنىڭ داداڭ تاردوس مورسىنىڭ قولىغا يېتىپ بارسا ئۇلار ئازابلانغىنىدىن يەردە يۇمىلاپ كېتىدۇ. سېنى قىيناشنى ئەتىگە قالدۇرىمەن، بۈگۈن كېچە سەن تەل خاجاسنىڭ، بۇياققا كەل.

ئۇ مۇنبەردىن سەكرەپ چۈشۈپ قوپاللىق بىلەن تۇرۇبىسىنىڭ بىلىكىنى تۇتتى. ئەمما ئۇ ئەمدىلا تۇرۇبىسقا تىگىشىگە مەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سەكرەپ باردىم. ئۇنىڭ قولۇمدا ئۆتكۈر خەنجەر پارقىراپ تۇراتتى. ئەسلى ئۇ ئېنىق كۆرۈپ ئۈلگۈرگىچە خەنجەرنى كۆكرىكىگە تىقۋېتىشنى ئويلىغان بولساممۇ، بىراق خەنجەرنى كۆتۈرگەن چېغىمدا تارس تاركاس يادىمغا يەتتى. غەزەپ ـ نەپرىتىم تېشىپ تۇرسىمۇ مەن بۇ ئىنتىقام ئېلىش پۇرسىتىنى تارس تاركاستىن تارتىۋالسام بولمايتتى. شۇنچە يىللاردىن بېرى تارس تاركاس شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈمىد بىلەن ياشاپ كەلدى ئەمەسمۇ. مەن مۇشۇلارنى كاللامدىن چاقماقتەك ئۆتكۈزدۈم ۋە كۈچلۈك ھەم قاۋۇل بىلىكىمنى كۆتۈرۈپ خەنجەرنى ئۇنىڭ ئىڭىكىگە سانجىدىم. ئۇ ئاۋاز چىقارماي ئۆلۈكتەك سۇلاشقىنىچە پولغا گۈپپىدە يىقىلدى.

مۇشۇنداق گۆرىستان جىمجىتلىقىدا مەن بىر قولۇم بىلەن دېكا تۇرۇبىسنى تارتىپ سولانى كەينىمدىن ئەگىشىشكە ئىشرەت قىلدىم. بىز ئاۋاز چىقارماي زالدىن يۈگرەپ چىقىپ ئۈستىدىكى قەۋەتكە كەلدۇق. بىزنىڭ ھەركىتىمىزگە ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. كەينى دېرىزىدە مەن ئۈستۈمدىكى قۇرال تاسمىسى ۋە بەلۋاغنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ ئالدى بىلەن سولانى، ئاندىن تۇرۇبىسنى پەسكە چۈشۈردۈم. ئاخىرىدا ئۆزۈم يېنىك سەكرەپلا يەر يۈزىگە چۈشتۈم ھەم تېزلىكتە ئۇلارنى ياندىكى بىنانىڭ دالدىسىغا ئېلىپ كىردىم. مۇشۇنداق قىلىپ مەن باياتىن بېسىپ ئۆتكەن يول بىلەن كەينىمىزگە قايتىپ يىراقتىكى شەھەر چېگرىسىغا يېتىپ كەلدۇق.

ئەڭ ئاخىرىدا بىز ئاتلار ساقلاپ تۇرىۋاتقان ھويلىغا كىرىپ ئېگەرنى جابدۇپ بىنادىن ئۇچقاندەك چىقىپ سىرتتىكى كىچىك يولغا يېتىپ كەلدۇق. سولا بىر ئاتنى مىنگەن بولۇپ، مەن مىنگەن ئاتنىڭ كەينىدە دېكا تۇرۇبىس ئولتۇراتتى. بىز ساك شەھىرىدىن ئايرىلىپ تاغ باغرىدىن ئېشىپ جەنۇپقا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

بىز بىر ئېغىزمۇ سۆزلەشكەندەك بولمىدۇق. ساك شەھىرىنى كەينىمىزدە، يىراقتا تاشلاپ كېتىۋەردۇق. لېكىن تۇرۇبىسنىڭ بىلىمدىن تۇتۇپ ئوماق بېشىنى مۈرەمگە قويغان چاغدا مەن ئۇنىڭ ئاستا ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم.

— سەردارىم، ئەگەر بىزنىڭ قىچىش پىلانىمىز مۇۋەپپەقىيەت قازانسا خىرىئان خانلىقى سىزگە غايەت زور قەرزدار بولۇپ قالىدۇ ھەم بۇ قەرزدارلىق مەجبۇرىيىتىنى مەڭگۈ ئادا قىلىپ بولالمايدۇ.

— مۇبادا مەغلۇپ بولۇپ، — دېدى ئۇ داۋاملاشتۇرۇپ، — خىرىئان پادىشاھلىقى بۇنى بىلمىگەن تەقدىردىمۇ بۇ قەرزدارلىق بۇرچى قىلچىلىك كېمەيمەيدۇ. سىز بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ئىچىدىكى بىر ياشنى ئۆلۈمدىنمۇ ئېچىنىشلىق تەقدىرنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتىڭىز.

مەن ھېچقانداق گەپ قىلمىدىم، قولۇمنى سوزۇپ ئۇ مېنى ئاتتىن يېقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بىلىمدىن تۇتۇپ تۇرغان كىچىك قوللىرىنىڭ ئۈستىگە چىڭ باستىم. بىز جىمجىت ئاي نۇرى ئاستىدا جىددىي ئىلگىرلەۋاتاتتۇق. ھەر بىرىمىزنىڭ كاللىسىدا تۈمەن مىڭ خىيال ھۆكۈم سۈرەتتى. مەن ئۆزۈمنى ئازادە ھېس قىلىشقا باشلىدىم. چۈنكى دېكا تۈررېسنىڭ ئوتتەك تىنى دۈمبەمگە چىڭ تېگىپ تۇرغاچقا ھەم ھېچقانداق خەتەرگە يولۇقمىغاچقا كۆڭلۈم شادلىنىشقا باشلىدى. خۇددى بىز خىرىئان شەھىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قالغاندەكلا.

بىز شۇ مېڭىشىمىزدا پۈتۈن بىر كېچە ۋە ئىككىنچى كۈنى پۈتۈن بىر كۈن توختىماي سەپەر قىلىپ ئارلىقتا بىرنەچچە قېتىم قىسقىلا دەملىنىش قىلدۇق. ئىككىنچى كۈنى كەچ بولغاندا ئاتلىرىمىز ھېرىپ ھالىدىن كەتتى. شۇڭا يەردە يېتىپ 5- 6 سائەت ئۇخلىدۇق. سەھەردىن بۇرۇن بىز يەنە يولغا چىقىپ پۈتۈن بىر كۈن يول يۈردۇق. كەچ كىرەي دېگەندە بىز تۆت ئەتراپقا ئىنچىكە قاراپمۇ بارسومدىكى چوڭ دەريا يولىنى بىلدۈردىغان دەل - دەرەخ قاتارلىقلارنى كۆرەلمىدۇق. شۇنداقلا باشقا ھېچقانداق بەلگىنىمۇ بايقىغىلى بولمايتتى. شۇڭا بىز يولدىن ئادىشىپ قالغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇق.

ناھايىتى ئېنىقكى ، بىز ئايلىنىپ مېڭىۋەرگەن. كۈندۈزى قوياشقا، كەچلىكى ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا قاراپ يول يۈرگەچكە خاتالاشقان ئىدۇق. شۇڭا قانالنى تاپالمىغانلىقتىن پۈتكۈل سەپەردىكىلەرنىڭ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە چارچاشتىن يىقىلىپ قىلىش

مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى. بىزنىڭ ئوڭ تەرىپىمىزدە پاكار تاغ تىزمىلىرىنىڭ تۇرغانلىقىنى غۇۋا كۆرگىلى بولاتتى. شۇڭا ئالدى بىلەن بۇ تاققا چىقىشنى قارار قىلدۇق. بەلكىم تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ بىز ئىزدەۋاتقان دەريا يولىنى كۆرگىلى بولۇپ قالار.

بىز تاققا يېتىپ بارغۇچە گۈگۈم پەردىسى يېيىلدى. ھېرىپ ـ چارچاشتىن ئايلىنىپ كېتىشكە ئازلا قالدۇق. شۇڭا يېتىپلا ئويقىغا كەتتۇق.

ئەتىگەندە مەن بىر نەرسىنىڭ تۈرتىشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن مەن تەرەپكە قىستىلاتتى. كۆزۈمنى يوغان ئېچىپ قاراپلا قاتتىق ھەيران قالدىم. بۇ مېنىڭ كونا دوستۇم، سادىق ھەمراھىم ۋۇلا بولۇپ ماڭا چىڭ چاپلىشىپ تۇراتتى. بىچارە ئىت يولنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان چۆل ـ جەزىرىدە بىزگە ئەگىشىپ كەلگەن ھەم سەپەر جەريانىدىكى جاپا ـ مۇشەققەتنى بىز بىلەن بىللە بېشىدىن كەچۈرۈشكە رازى بولغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ يۈزۈمنى يۈزىگە ياقتىم. كۆزۈمدىن ياش مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. بۇ ھەركىتىم ئىناۋىتىمنى تۆكىدۇ، دەپ ئويلاپمۇ ئولتۇرمىدىم. بۇ چاغدا دېكا تۇررېس بىلەن سولا ئويغاندى.

تاققا چىقىش ئۈچۈن بىز دەرھال يولغا چىقىشنى بېكىتتۇق. گەرچە تۈنۈگۈندىن باشلاپ بىز ئاتلارنى قاتتىق چاپتۇرمىغان بولساقمۇ ئەمدىلا بىر ئىنگلىز مىلى مېڭىپلا ئېتىمنىڭ قەدىمىنىڭ ئاستىلاپ مۈدۈرلىۋاتقانلىقىنى، بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. تۇيۇقسىز ئۇ كونتروللۇقنى يوقۇتۇپ بىر ياققا قىيسىيىپ يەرگە گۈپپىدە يىقىلدى. تۇررېس ئىككىمىز ھېچنېمىدىن خەۋەرسىزلا يىراققا قاڭقىتىلىپ يۇمشاق يىپىنچا ئۆسۈملۈكنىڭ ئۈستىگە چۈشتۇق. بىچارە ئات، ئۈستىدىن ئىككىمىزنى چۈشۈرۈۋېتىپتۇ يەنىلا ئورنىدىن تۇرالمايۋاتاتتى. سولا كەچكىچە ساقلاپ ئۇ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن مېڭىش تەكلىپىنى بەردى. مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىماقچى بولدۇم. چۈنكى بۇنداق تاشلاپ قويساق ئۇ ئاچلىق ـ ئۇسسۇزلۇقتىن ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كېتەتتى. بۇنداقتا تېخىمۇ رەھىمسىزلىك قىلغان بولاتتۇق.

مەن ئاخىرى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئېگەرنى يېشىۋېلىپ يېنىغا تاشلاپ قويدۇم. بىز

يەنە بىر ئاتنى يېتىلەپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلدۇق ھەم پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن يولغا چىقتۇق. تۆررىس قوشۇلمىسىمۇ بىز ئۇنى ئاتقا مىندۈرۈپ قويۇپ سولا ئىككىمىز پىيادە ماڭدۇق. شۇنداق قىلىپ بىز يەتمەكچى بولغان تاغقىمۇ يېقىنلىشىپ قالدۇق.

تاغ چوققىسىغا بېرىشقا بىر ئىنگلىز مىلى قالغاندا تۆررىس تۇيۇقسىز تۈۋلىۋەتتى. ئۇ بىرنەچچە ئىنگلىز مىلى يىراقتا ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ تاغ باغرىنى بويلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. سولا ئىككىمىز ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ بىر نەچچە يۈز ئاتلىق ئەسكەرنىڭ ئۇدۇل غەربىي جەنۇپ تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ئەگەر بۇنداق ماڭسا بىز ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالمايتتۇق. شۈبھىسىز، بۇلار بىزنى قوغلاشقا ئەۋەتىلگەن ساكلىق رىتسارلار ئىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىزنىڭ قارىشى يۆلىنىشىمىز بويىچە يۈرۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇق. بىز يېنىك تىنىۋەتكەندىن كېيىن مەن دېكا تۆررىسنى تىزدىن يەرگە چۈشۈرۈپ ئاتنى يېتىۋىلىشقا بۇيرۇق قىلدىم.

بىز ئۇلارنىڭ بىر تاغنىڭ كەينىدە يوقاپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇق. مېنىڭچە بۇ تاغنى تەگرى شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى. ئەگەر ئۇلار كۆرۈش دائىرىسى ئىچىدە سەللا توختاپ دىققەت قىلغان بولسا بىزنى ئاسانلا بايقىۋالغان بولاتتى. چاتاق يېرى ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر رىتسار تاغ چوققىسىدا توختاپ قالدى. ئادەمنى چۆچۈتىدىغىنى ئۇ ئەبلەخ دۇربۇننى چىقىرىپ ئەتراپنى كۈزۈتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىر سەردار ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. چۈنكى، يېشىل تەنلىكلەرنىڭ ھەربىي يۈرۈشىدە سەردار ئەترەتنىڭ ئەڭ كەينىدە توختاپ ئۆتەتتى. ئۇنىڭ دۇربۇنى بىز تەرەپكە بۇرۇلغاندا بىزنىڭ يۈرۈكىمىز توختاپ قالغاندەك بولۇپ كەتتۇق. مەن بەدىنىمدىكى ھەر بىر تەر تۆشۈكىدىن سوغۇق تەر چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

دۇربۇن بىزگە توغرىلىنىپ ئايلىنىشتىن توختاپ قالدى. شۇ ۋاقىتتا نېرۋىلىرىمىز جىددىيچىلىكتىن كاردىن چىقايلا دەپ قالدى. ئۇ ئەبلەخ دۇربۇن بىلەن بىزنى كۈزۈتۈۋاتقان شۇ دەقىقىدە ئارىمىزدا ھېچكىمنىڭمۇ نەپەس ئېلىشقا جۈرئەت قىلغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. كەينىدىنلا بىز ئۇنىڭ دۇربۇننى چۈشۈرگەنلىكىنى ۋە ئالدىدا يىراقلاپ

كەتكەن رىتسارلارغا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن بۇيرۇق قىلغانلىقىنى كۆردۇق. ئۇ رىتسارلارنىڭ كېلىشىنى كۈتمەيلا بىز تەرەپكە ئات سالدى.

پەقەت بىرلا كىچىككىنە پۇرسەت بار بولۇپ ئۇنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا قەتئىي بولمايتتى. مەن غەلىتە مارىس مىلتىقىنى چىقىرىپ قارىغا ئېلىپلا تەپكىنى قايرىدىم. ئوق نىشانغا تەگكەندە پارتلاش ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئالدى. ئوق تەگكەن سەردار ئاتتىن يەرگە دۇمۇلاپ چۈشتى.

مەن ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئاتنىڭ تۇرىشىغا بۇيرۇق قىلدىم. سولاغا تۇررىبىسنى ئېلىپ ئاتقا مىنىشنى، باشقا رىتسارلار يېتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال تاغدىن ئۆتۈپ بولۇشنى بۇيرۇق قىلدىم. ئەگرى - بۈگرى ھەم چوڭقۇر تاغ قاپتاللىرىدا ئۇلارنىڭ يوشۇرنىۋالغۇدەك جاي بارلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇ يەردە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىش ساكلىقلارنىڭ قولىغا قايتا چۈشۈپ قىلىشتىن كۆپ ئەۋزەل. مەن تاپانچامنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا مەلىكىنى قوغدايدىغان ھەم ۋاقتى كەلگەندە يەنە بىر قېتىم قولغا چۈشۈپ قورقۇنۇچلۇق تەقدىرنىڭ ئازابلىشىدىن ئازاد قىلالايدىغان قورالىمنى قولۇمغا ئالدىم. سولا بۇيرۇقۇم بويىچە ئاتقا مىنىپ بولدى. مەن تۇررىبىسنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ سولانىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزدۇم.

— خەير - خوش مەلىكەم، بەلكىم بىز خىرىئاندا قايتا ئۇچرىشارمىز. مەن ئىلگىرى بۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇپ قالغانمەن، — دېدىم مەن بىر ياقتىن ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ بىر ياقتىن كۈلۈمسىرەپ.

— نىمە؟ — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى تۇررىبىس، — سىز بىز بىلەن بىللە ماڭمامسىز؟

— ياق تۇررىبىس، ھامان بىرەيلەن بۇ ئەبلەخلەرنى توسۇپ تۇرۇشى كېرەك. شۇنداقلا يالغۇز قېچىش ئۈچ ئادەم بىللە ماڭغاندىن كۆپ ئاسان.

ئۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى ھەم ئوماق بىلەكلىرى بىلەن بوينۇمغا گىرە سالدى. ئاندىن بۇرۇلۇپ سولاغا كەسكىن قىلىپ:

— سولا تېز مىڭىلىڭ، دېگىنا تۇررېس ئۆزى سۆيىدىغان ئادەم بىلەن بىللە ئۆلۈشنى چىن قەلبىدىن خالايدۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ بۇ يۈرەك سۆزلىرى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قېتىغا سىڭىپ كىردى. بۇ گەپلەرنى مەن يەنە بىر قېتىم ئاڭلىيالىغىنىمدا مىلىڭ رەت ئۆلسەممۇ ھېچقانداق ئارمىنىم قالمىغان بولاتتى. ئەمما بۇنداق چاغدا مەن ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتىم. بىرىنچى قېتىم لېۋىمنى ئۇنىڭ يۈزىگە چىڭ باستىم. ئاندىن مەن ئۇنى يەردىن كۆتۈرۈپ يەنە بىر قېتىم سولانىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزدۇم ھەم قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن سولانىڭ تۇررېسنى چىڭ تۇتۇپ ئولتۇرۇشنى بۇيرۇدۇم. مەن ئاتنىڭ بىقىنىغا كۈچەپ بىر مۇشت سالدىم. ئات ئۇلارنى ئېلىپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. تۇررېس بولسا بىر ئامال قىلىپ سولانىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇناتتى .

بېشىمنى كۆتۈرۈپ رىتسارلارنىڭ تاغ چوققىسىغا چىقىپ سەردارىنى ئىزلەۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. بىردەمدىلا ئۇلار سەردارىنىڭ جەسىدىنى كۆردى، مېنىمۇ بايقاپ قالدى. مەن ئۇلارنىڭ مېنى تولۇق پەرق ئېتىشىنى ساقلاپ تۇرمايلا يەردە يېتىپ تۇرۇپ ئېتىشقا باشلىدىم. مېنىڭ قورالىمدا ۋە مۈرەمدىكى ئوق تاسمىسىدا لىپمۇ ـ لىق يۈز پايدىن ئوق بار ئىدى. شۇڭا تاكى ئۇلارنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ ، ھايات قالغىنى قېچىپ كەتكىچە توختىماي ئوق ئۈزدۈم.

ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا يەنە مىڭدىن ئارتۇق رىتسارنىڭ مەن تەرەپكە قاراپ جېنىنىڭ بىرىچە چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەن دەرھال قورالىمنى بەتلەپ تاكى ئوق تۈگىگىچە ئاتتىم. بۇ چاغدا ئۇلار مېنىڭ ئالدىمغىلا كېلىپ قالغانتى. مەن تۇررېسلار كەتكەن تەرەپكە بىر قاراپ قويدۇم. ئۇلار ئالىلىقاچان تاغ چوققىلىرى ئىچىدە غايىب بولغان ئىدى. مەن تاپانچىنى تاشلىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ توررېسلار كەتكەن يۆلۈنۈشنىڭ قارىشى تەرىپىگە قاراپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن يۈگۈردۈم.

ئالدىمغا يۈگرەۋېتىپ يەنە بىر تەرەپتىن يۇقىرىغا سەكرىدىم، بۇنداق قىلغاندا ئۇلاردىن خېلى يىراقلاشقىلى بولاتتى. بۇ ماھارىتىم ئۇلارنى قاتتىق ھەيران قالدۇرغان ھەم

تۇررىبىسلاردىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئەبلەخلەر مېنى تۇتۇشنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئىدى.

ئۇلار غالجىرلارچە ماڭا تاشلىناتتى. مەن تۇيۇقسىز بىر پارچە كۆۋارتىس تاشقا پۇتلىشىپ يەرگە يىقىلدىم. بېشىمنى كۆتۈرسەم ئۇلار ماڭا يېتىشۋاپتۇ. مەن دەرھال شەمشىرىمنى چىقىرىپ يەنە نەچچىنى جايلىۋەتكەن بولسامۇ ئەمما تېزلا تۆگەشتىم. مۇشت ـ پەشۋالار ئۈستۈمگە يامغۇردەك يېغىشقا باشلىدى. ئاخىرى ھوشۇمدىن كەتتىم.

## ئون سەككىزىنچى باپ

# ۋارخۇن تۆرمىسى

مەن ئۇزاققىچە ھوشسىز ياتقان بولۇشۇم مۇمكىن. ئەسلىمگە كەلگەندە ھايات قالغانلىقىمدىن قانچىلىك ھەيران قالغانلىقىم تېخىچە ئېسىمدە. مەن كىچىك بىر ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ياتاتتىم. ئۈستۈمدە يېپەك رەخت ۋە يۇڭلۇق تېرە يېپىقلىق تۇراتتى. ئۆيدە نۇرغۇن رىتسارلار بولۇپ بىر ياش ئايال ئېگىلىپ ماڭا قاراپ تۇراتتى.

— ئاقساقال، ئۇ ھايات ئىكەن.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى بىرى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ مېنىڭ كارۋىتىمغا يېقىنلاشتى .

— ئۇ بىزنىڭ مۇسابىقىمىزگە زور خۇشاللىق ئېلىپ كىلىدۇ.

نەزىرىم ئۇنىڭغا ئاغدۇرۇلغاندا ئۇنىڭ ساكلىق ئەمەسلىكىنى بايقىدىم. ئۇچىسىدىكى نەرسىلەر ۋە ساۋۇت ـ دوبۇلغىلىرى ساكلارنىڭكى بىلەن ئوخشمايتتى. ئۇنىڭ گەۋدىسى يوغان، يۈز ـ كۆزى ۋە كۆكرىكى يارا ئىزى بىلەن تولۇپ كەتكەن، بىر ھىڭگاي چىشى ئۇزۇلگەن، بىر قۇلىقى يوق ئىدى. كۆكرىكىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاسمىدا ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى ئېسىقلىق، باش سۆڭىكىنىڭ ئاستى تەرىپىدە قورۇپ

قاقشال بولۇپ كەتكەن قول بىلەكلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى.

مەن چوڭ مۇسابىقە توغرىلىق ساكلاردىن كۆپ ئاڭلىغانىدىم. ئۇنىڭ گەپلىرىدىن ئۆزۈمنىڭ بۆرە ئۇۋىسىدىن قۇتۇلۇپ يولۋاس ئاغزىغا چۈشكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئۇلار بىردەم سۆزلەشكەندىن كېيىن ئايال ئونىڭغا مېنىڭ تولۇق ئەسلىگە كەلگەنلىكىمنى، يولغا چىقساق بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاقساقال ئاتقا مىنىپ چوڭ ئەترەتكە يېتىشۋېلىشىمىز توغرىلىق بۇيرۇق چۈشۈردى.

مەن بىر ئاتنىڭ ئۈستىگە مەھكەم باغلاندىم. ئەزەلدىن بۇنداق ياۋايى ، كونترول قىلىش تەس ئاتنى ئۇچرىتىپ باقمىغان ئىكەنمەن. ئىككى تەرىپىمدە بىردىن رىتسار بولۇپ مەن ئولتۇرغان ئاتنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ كېتىۋاتاتتى. بىز چوڭ ئەترەتكە يېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۈچقاندەك يۈرۈپ كەتتۇق. مېنىڭ يارام ئانچە ئېغىر ئەمەسكەن. ھېلقى ئايالنىڭ ماڭا ئىشلەتكەن دورا ۋە ئوكۇلى دەرھال داۋالاش تەسىرىنى كۆرسەتكەن بولۇپ يارام مەلھەم سۈرۈلمەيلا پۇختا تېڭىلغانىتى.

كۈن ئولتۇرغۇچە ئەمدىلا بارگاھ تىكىشكە تەمشەلگەن ئەترەتكە يېتىشىپ باردۇق. مەن ھايال بولمايلا ۋارخۇن خانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلدىم. مېنى يالاپ ئېلىپ بارغان ئاقساقالغا ئوخشاش ئونىڭمۇ بەدىنىدە يول - يول يارا ئىزلىرى بولۇپ كۆكرىكى ئالدىغا باش سۆڭىكى ۋە قۇرۇپ كەتكەن ئادەم سۆڭەكلىرى ئېسىلغان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋارخۇن خانىنىڭ ئوبرازى بولۇپ، ساكلىقلاردىنمۇ ۋەھشىي ۋە رەھىمسىز خاراكتېرىنى يەنىمۇ ئېچىپ تاشلىغان ئىدى.

بۇ پادىشاھنىڭ نامى بار كوماس بولۇپ يېشى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىكەن. ئۇ مېنى تۇتىۋالغان رىتسارنىڭ ئىسمى داك كوۋا بولۇپ، خانىنىڭ ياردەمچىسى ئىكەن. داك كوۋا بىلەن خان ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك ئۆچمەنلىك مەۋجۇت ئىكەن. ئۇ بار كوماس بىلەن كۆرۈشكەندە زىيادە تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى. ئۇنىڭ ھەتتا ئۆز خانىنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمىغانلىقىدىن ئۇلا ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىكنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكىنى، كىچىككىنە سۈركىلىش بولسىلا ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى

كەسكىن جەڭنىڭ ھازىرلا پارتىلايدىغانلىقىنى بايقاش تەسكە توختىمايتتى. بىز خاننىڭ ئالدىغا كەلگەندە داك كوۋا ھېچقانداق سالام قىلمىدى. ئۇ مېنى قوپاللىق بىلەن خاننىڭ ئالدىغا ئىتتەردى ۋە پوپوزا قىلغان ھالدا:

— مەن ساكلارنىڭ بەلگىسىنى تاقىغان بىر غەلىتە مەخلۇقنى تۇتۇپ كەلدىم. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە مەن خۇشال ھالدا ئۇنىڭ بىر ياۋا ئات بىلەن ئېلىشىشىنى بۇيرۇيمەن، — دېدى.

بار كوماس ئۇنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— مەن ئۇنىڭ ئۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن، بار كوماس. سېنىڭ يۇمشاق قوللۇق قىلىشىڭ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. ھە، يەنە بىر ئىش، ۋارخۇن ھەققى بىر خاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا موھتاج ، تولۇق قوراللانغان تۇرۇقلۇقمۇ مېنىڭدىنمۇ قېرى، قۇرۇق قول بىرى تەرىپىدىن يېڭىلىپ قالىدىغان ئۆلۈمتۈك خاقانغا موھتاج ئەمەس.

بار كوماس غەزەپ بىلەن ئالدىدىكى رەقىبىگە چەكچەيدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ سەۋرى قاچىسى ئالىقاچان چېقىلغان ئىدى. ئۇ گەپ ـ سۆز قىلماستىن قۇرۇق قول ھالدا رەقىبىگە قەھرى بىلەن ئېتىلدى.

بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم ئىككى يېشىل تەنلىك مارسلىقنىڭ ھايات ـ ماماتلىق كۆرۈشىنى كۆرۈشۈم ئىدى. دەھشەتلىك ئېلىشىش ئادەمنى ۋەھىمىگە سالاتتى. ئۇلار قوللىرى بىلەن قارىشى تەرەپنىڭ كۆزىنى، قۇلىقىنى تۇتۇۋېلىپ «يالت ـ يۇلت» قىلىپ پارقىراپ تۇرغان ھەيۋەتلىك چىشلىرىنى بىر ـ بىرىگە سانجىيتتى. بار كوماس ياش ھەم چاققانلىقى بىلەن ئۈستۈنلىكنى ئىگىلەپ تۇراتتى. شۇڭا بۇ قېتىمقى ئېلىشىش خاننىڭ ئەجەللىك بىر مۇشت بىلەن ئاياغلاشتۇرۇشىنى ساقلاپ قالغاندەك قىلاتتى. تۇيۇقسىز كۈتمىگەن يەردىن بار كوماسنىڭ پۇتى تېيىلىپ كەتتى. داك كوۋاغا نىسبەتەن مۇشۇنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك پۇرسەت ئىدى. داك كوۋا رەقىبىگە تاشلىنىپ ئۆتكۈر چىشلىرىنى بار كوماسنىڭ قارنىغا سانجىپ كىرگۈزدى. ئاندىن يۇقىرىغا بىرلا كۈچۈنۈپ ياش خاننىڭ قورسىقىنى يىرىپ تاشلىدى. ئاخىرىدا غالىبىيەتچى بىلەن مەغلۇبىيەتچىنىڭ ھەر ئىككىسى

يەرگە يىقىلدى.

بار كوماس ئۆلدى. داك كوۋانىڭ ھەمراھ ئاياللىرى ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ ئاندىن ئۇنىڭمۇ ئوخشاش تەقدىرگە مۇپتىلا بولۇشتىن ساقلاپ قالدى. ئۈچ كۈندىن كىيىن ئۇ ھېچكىمنىڭ ياردىمىسىز بار كوماسنىڭ جەسىدىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئادەت بويىچە بار كوماسنىڭ جەسىتىگە ھېچكىم تەگمىگەن ئىدى. ئۇ سابىق ھۆكۈمرانىنىڭ بويىنىغا دەسسەپ تۇرۇپ خانلىق مەنسىپىنى قولىغا ئالدى. ئۆلگەن خاننىڭ بېشى ۋە قولىنى كېسىۋېلىپ بويىنىغا ئاستى. جەسەتنىڭ قالغان قىسمى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرىدىغان تېتىقسىز كۆلكە ساداسى ئىچىدە كۆيدۈرۈپ تاشلاندى.

ئەسلىدە بۇلار تۇخۇم بېسىش ئۆيىنىڭ پاجىئەسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش نىيىتىدە ساكلىقلارنىڭ بىر كىچىك قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققان بولۇپ، داك كوۋانىڭ يارىسى ئېغىر بولغاچقا يۈرۈش كۆپ كېچىكتى. ئۇلار بۇ قېتىمقى قىساس ئېلىش ئىشىنى مۇسابىقىدىن كېيىنكە قويۇشنى قارار قىلدى. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن ئەترەت ۋارخۇننىڭ باش شتابىغا قايتىپ كەتتى.

بۇنداق ۋەھشىلىكتە ئۇچىغا چىققان، قان ئىچەر ئەبلەخلەرگە نىسبەتەن مېنىڭ بىرىنچى قېتىم كۆرگەن خان بىلەن داك كوۋانىڭ ئېلىشىشى، بۇلار بىلەن بىللە بولغان كېيىنكى نەچچە كۈن ئىچىدە كۆرگەن تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنىڭ مۇقەددىمىسى ئىكەن. ئۇلارنىڭ كۈلۈمى ساكلاردىن كىچىك بولغىنى بىلەن ساكلاردىنمۇ ئۆتەر ياۋۇز ، ۋەھشىي ئىدى. ۋارخۇننىڭ ھەرقايسى جەمئىيەتلىرىدە ھەر كۈنى بۇنداق ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش بولۇپ تۇرىدىكەن. بىر قېتىم بىر كۈن ئىچىدە سەككىز قېتىملىق قانلىق ئېلىشىشنى كۆردۈم.

ئۈچ كۈنلۈك سەپەردىن كىيىن بىز ۋارخۇن شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. مەن دەرھال زىندانغا تاشلاندىم ھەم تام ۋە پولغا كىشەن بىلەن پۇختا باغلىۋېتىلدىم. يېمەكلىك قەرەللىك يەتكۈزۈپ بېرىلەتتى. بۇ يەرگە سولۇنۇپ تۇرۇپ زادى قانچە كۈن، قانچە ھەپتە ھەتتا قانچە ئاي ئۆتكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. چۈنكى زىندان قاراڭغۇ بولۇپ

ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدىكى ئەڭ تەشۋىشلىك مىنۇتلار بولۇپ قالدى. بۇ يەردىكى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقتا قولنى چىقارسا كۆرگىلى بولمايتتى، مۇشۇنداق تۇرۇپ ئېلىشىپ قالمىغانلىقىمغا ھەيران قالدىم. ھەممىلا يەر يۇمشاق تەنلىك ئۆمىلىگۈچى قۇرتلار بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ يەردە ياتسام ئۇلار سوغۇق تەنلىرىنى سۆرەپ ئۇستۈمدە قىمىرلاپ يۈرۈشەتتى. بەزىدە قاراڭغۇلۇقتا چوغدەك قىپقىزىل يېنىپ تۇرغان كۆزلەرنىڭ ماڭا تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالاتتىم. بۇنداق چاغدا پۈتۈن بەدىنىم شۈركۈنۈپ كېتەتتى. مەن سىرتتىكى ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىيالمايتىم. ماڭا تاماق ئېلىپ كەلگەن كىشىدىن سوئال سورىسام جاۋابسىز قالاتتىم. ئاخىرى مېنى بۇنداق ئازابقا دۇچار قىلىپ زىندانغا تاشلىغان يىرتقۇچ ھايۋانلارغا بولغان چەكسىز ئۆچمەنلىك، بىزار بولۇش قان ـ قېنىمغا ئۆتۈپ ئەقلىمدىن ئازغىلى ئاز قالدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى پۈتكۈل ۋارخۇن مەملىكىتىنىڭ نامايەندىسى ئىدى.

ماڭا تاماق توشۇغۇچىنىڭ ناھايىتى ئاجىز يانىدىغان بىر مەشئەلنى كۆتۈرۈپ كېلىپ قولۇم يېتىدىغان يەرگە يېمەكلىكنى قويۇپ قويىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. ئۇ گەۋدىسىنى ئېگىپ يېمەكلىكنى يەرگە قويغاندا ئۇنىڭ بېشى مېنىڭ كۆكرىكىمچىلىك ئېگىزلىككە چۈشەتتى. مەن ئۇنىڭ قولۇمدىكى كىشەنلەرنى بوشۇتۇپ تاماق يېيىشىم ئۈچۈن زىنداننىڭ بىر بۇرجىكىگە ئىتەرگەن پەيتىدە ھەم يېنىمغا كېلىشىنى ساقلاپ تۇرۇپ يېمەكلىكنى يەرگە قويۇش ئۈچۈن ئېگىشكەندە، مەن كىشەننى بېشىمدىن ئارتىلدۇرۇپ ئۇنىڭ ئارقا مېڭىسىگە بارلىق كۈچۈم بىلەن ئۇردۇم. ئۇ ئۈن ـ تىنسىز يەرگە يىقىلىپ ئۆلدى. مەن ئېلىشىپ قالغان ئادەمدەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىدە يېتىۋېلىپ قولۇمنى سوزۇپ نەپىسى ئۈزۈلگەن بويىنىنى سىيلىدىم. قولۇمغا بىر تال زەنجىر ئورۇندىن . زەنجىرنىڭ يەنە بىر بېشىغا بىر باغلام ئاچقۇچ ئېسىقلىق تۇراتتى. ئېنىقكى بۇ مەن سولانغان زىندان ۋە كىشەنلەرنىڭ ئاچقۇچى ئىدى. بارماقلىرىم مېتال ئاچقۇچلارغا تېگىشى بىلەن بىردىنلا ئەس ـ ھوشۇمنى تاپتىم. مەن ئەمدى يەنە ئەخمەق ئەمەس، بەلكى قولىدا ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدىغان دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىغا ئىگە ئەركەك، ھوش ـ

كالللىسى جايىدا، ئەقلى بار ئەر.

مەن سىيلاشتۇرۇپ زەنجىرنى چىقىرىشقا تىرىشۋاتقاندا تۇيۇقسىز قاراڭغۇلۇقتا پارقىراپ تۇرغان كۆزلەرنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ كۆزلەر چىمچىقلاپمۇ قويماي ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى. ئاندىن ئاستا مەن تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. كۆڭلۈم ئېغىپ بۇلۇڭغا بېرىپ تۈگۈلۈۋالدىم ھەم قولۇمنى چىقىرىپ ئۇلارنى توسماقچى بولدۇم. كۆزلەر ئاستا پۈتۈمنىڭ ئاستىدىكى جەسەتكە يۆتكۈلۈپ يەنە كەينىگە يېنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە چىشنى قىيىشتۇرىدىغان ئاۋاز چىقاردى. ئاخىرى ئۇلار قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە غايىب بولدى.

## ئون توققۇزىنچى باب

# مۇسابىقە مەيدانىدىكى ئېلىشش

مەن يەنە بىر قېتىم جەسەتنىڭ ئۈستىدىن ئاچقۇچنى ئېلىشقا ئورۇندۇم . ئەپسۇس، قولۇمنى ئۇزاتقان يەردە جەسەت يوق ئىدى. بىردىنلا ھەممىنى چۈشەندىم. بايىقى كۆزى يېنىپ تۇرغان مەخلۇق مېنىڭ ئولجامنى ئېلىپ يېقىن ئەتراپتىكى ئۇۋىسىغا ئەكىركەتكەن ئىدى. ئەسلى ئۇلار نەچچە كۈن، نەچچە ھەپتە ، نەچچە ئايدىن بۇيان مېنىڭ ئۆلۈمۈمنى كۈتۈۋاتقان، جەسىدىمنى سۆرەپ ئاپىرىپ يېيىشنى ساقلاۋاتقانلار ئىكەن.

كېيىنكى ئىككى كۈندە ھېچكىم يېمەكلىك ئېلىپ كەلمىدى. ئۈچىنچى كۈنى يېڭىدىن بىر قاراۋۇل كەلدى. شۇنداق قىلىپ مېنىڭ تۈرمۈشۈم بۇرۇنقىدەك ئەھۋالغا قايتىپ كەتتى. ئەمما مەن قايتا ئەقلىمنى يوقۇتۇپ قويۇش دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالمىدىم.

بۇ ئىش بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بىر مەھبۇس ئېلىپ كىرىلدى. غۇۋا ئوت يورۇقىدا مەن ئۇنىڭ بىر قىزىل تەنلىك مارسلىق ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇنى يالاپ كەلگەن ئادەم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن يەنە ساقلاپ تۇرالماي ئۇنىڭغا

يېقىنلاشتىم . سىرتتىكىلەرنىڭ ئاياق تاۋۇشى يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن مەن مارسلىقلارنىڭ چاقىرىش ئادىتى بويىچە ئۇنى چاقىردىم:

— كائول

— گەپ قىلىۋاتقان كىم؟ — دېدى ئۇ.

— جون كارتېر، خىرىئانلىقلارنىڭ بىر دوستى.

— مەن خىرىئانلىق، — دېدى ئۇ، — ئەمما ئىسمىڭنى ئەسلىيەلمىدىم.

مەن پۈتۈن ۋەقەنىڭ جەريانىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. ئەمما، دېكا تۇررىسقا بولغان مۇھەببىتىم توغرىلىق ھېچنېمە دېمىدىم. خىرىئان مەلىكىسىنىڭ خەۋىرى ئۇنى باشقىچە ھاياجانغا سىلىۋەتتى. ئۇ سولا بىلەن تۇررىسنىڭ بىز ئاخىرقى قېتىم ئايرىلغان نۇقتىدىن بىخەتەر يەرگە يېتىپ بارالايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ، ئۇ شۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشىگە پىششىق ئىكەن. ۋارخۇنلۇق رىتسارلار بىزنى بايىقاپ قالغان چاغدىكى تاغ جىلغىسى تۇررىسلارنىڭ جەنۇپقا بارىدىغان بىردىن بىر يولى ئىكەن.

— دېكا تۇررىس بىلەن سولا كىرىپ كەتكەن تاغ بىر چوڭ دەريا يولىدىن بەش ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتا، ئۇلار ھازىر چوقۇم بىخەتەر يەرگە بېرىپ بولدى، — دېدى ئۇ كاپالەت بېرىپ.

مېنىڭ بىلەن بىر كامېرغا سولانغان مەھبۇسنىڭ ئىسمى كانتوس كان ئىكەن. ئۇ خىرىئاندىكى بىر دېڭىز ئارمىيە كاپىتانى بولۇپ ساكىلىقلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان يىراققا يۈرۈش قىلىش ئەترىتىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەن. تۇررىس دەل مۇشۇ قېتىمقى سەپەردە بەختكە قارشى قولغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ ماڭا شۇ چاغدىكى كېمىلەر ئۇچرىغان تالاپەتنى قىسقا سۆزلەپ بەردى:

ئۆتمە تۆشۈك بولۇپ كەتكەن كېمىلەر ھايات قالغانلارنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن ئاستا خىرىئانغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئەمما ئۇلار ئۇچۇپ قىزىل تەنلىكلەرنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ئەشەددىي دۈشمىنى تۇرۇشلۇق زودانگا شەھىرىگە يېقىنلاشقاندا چوڭ بىر توپ كېمە ئەترىتىنىڭ يەنە بىر قېتىم ھۇجۇمىغا ئۇچراپتۇ. كانتوس كاننىڭ كېمىسىدىن باشقا

كېمىلەر ۋەيران بوپتۇ، ۋەيران بولمىغانلىرى ئەسىرگە چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ كېمىسى ئىككى دانە زودانگا كېمىسىنىڭ بىرنەچچە كۈن قوغلاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ ئەمما بىر كېچىسى ئۇلارنى تاشلىۋېتىپتۇ.

تۇررىس ئەسىر بولۇپ 30 كۈندىن كېيىن، يەنى بىز ساك شەھىرىگە يېتىپ بارغان چاغلاردا ئۇنىڭ كېمىسى ئون نەپەر ھايات قالغۇچىنى ئېلىپ خىرئانغا قايتىپ كەپتۇ. ئەسلى بۇ كېمىدە يەتتە يۈز نەپەر ئادەم بار ئىكەنتۇق. خىرئان پادىشاھى شۇ ھامان قايتىدىن يەتتە چوڭ كېمە ئەترىتىنى دېكا تۇررىسنى ئىزلەشكە ئەۋەتىپتۇ. ھەربىر كېمە چوڭ ئەترىتى يۈز دانە خىللانغان ئۇچار كېمىدىن تەركىب تاپقان ئىكەن. بۇ كېمىلەر يەنە ئۆز ئىچىدىن ئىككى مىڭ دانە كىچىك تىپتىكى ئۇچار كىمىنى ئىشقا سېلىپ كېچە ـ كۈندۈز سۈيۈملۈك مەلىكىنى ئىزدەپتۇ. ئەمما بارلىق تىرىشچانلىق نەتىجىسىز بولۇپ چىقىپتۇ. قىساسكار كېمە ئەترىتى يېشىل تەنلىك مارسلىقلارنىڭ كىچىك ئىككى قەبىلىسىنى بارسومدىن مەڭگۈلۈك يوق قىلىۋېتىپتۇ. ئەمما دېكا تۇررىسنىڭ ھېچقانداق خەۋىرى بولماپتۇ. ئۇلار باشتىن ـ ئاخىر شىمال تەرەپتىكى قەبىلىلەردىن ئىزدەپتۇ. پەقەت يېقىنقى بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ئاندىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپتۇ. كانتوس كان يەككە كىشىلىك ئۇچار كېمىنى ھەيدەپ يالغۇز ئىزلەشكە چىققان ئىكەن. بەختكە قارشى ۋارخۇن قەبىلىسىگە تۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ باتۇر ۋە قەيسەرلىكى مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمنى قوزغىدى. ئۇ كېمىسىنى شەھەر سىرتىدا توختىتىپ قويۇپ ئۆزى يالغۇز شەھەردىكى بىنالارنى ئاختۇرۇپتۇ. ئىككى كېچە ـ كۈندۈز توختىماي تۇرالغۇ ۋە زىندانلارنىڭ ھەممىسىنى ئاختۇرۇپ مەلىكىنى ئىزدەپتۇ. ئاخىرى تۇررىسنىڭ بۇيەردە يوقلىقىغا جەزم قىلىپ ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغاندا بىر توپ ۋارخۇنلۇقلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قاپتۇ.

زىنداندا تۇرىۋاتقان ۋاقتىمىزدا كانتوس كان بىلەن چىقىشىپ كەتتۇق ھەم چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتۇق. ئەمما نەچچە كۈن ئۆتۈپلا ھەر ئىككىلىمىز مۇسابىقە مەيدانىغا سۆرەپ چىقىلدۇق. بىر كۈنى تاڭ سەھەر بىز يۇملاق ياسالغان ئېلىشىش مەيدانىغا ئېلىپ

بىرىلدۇق. ئېلىشىش مەيدانى يەر يۈزىدىن پەس ئورۇنغا ياسالغان بولۇپ قانچىلىك چوڭلۇقىنى بىرنېمە دېمەك تەس ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ بىر قىسمى تاش پارچىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىكەن. مۇشۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا يەنە يىگىرمە مىڭ ۋارخۇنلىق رىتسار كەڭ ـ كۇشادە سىغىدىكەن. مەيدان ناھايىتى كەڭ بولغىنى بىلەن ئانچە تەكشى ئەمەس ئىدى. مەيداننىڭ ئەتراپى تاشلاندۇق شەھەرلەردىن ئېلىپ كېلىنگە تاشلار بىلەن قورشالغان بولۇپ يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە مەھبۇسلارنىڭ سەكرەپ چىقىپ تاماشىبىنلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىشىڭنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن. ئىككى تەرەپكە نۇرغۇن قەپەس ياسالغان بولۇپ، ئەسىرلەر قورقۇنۇچلۇق ئۆلۈم يېتىپ كېلىش ئالدىدا مۇشۇ يەرگە سولىنىدىكەن. كانتوس كان بىلەن ئىككىمىز بىر قەپەسكە سولاندۇق. باشقا قەپەسلەردە ياۋا ئىت، ياۋايى ئات، غالجىر ستېر، باشقا قەبىلىلەردىن ئەسىر ئېلىنغان يېشىل تەنلىك رىتسارلار، ئاياللار ھەم مەن بۇرۇن بارسومدا كۆرۈپمۇ باقمىغان بەتبەشىرە قورقۇنۇچلۇق مەخلۇقلار سولانغان ئىدى. ئۇلاردىن چىقىۋاتقان ھەرخىل سەت ئاۋازلار قۇلاقنى ياراتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەرقانداق بىر قورقۇنۇچلۇق مەخلۇقنى كۆرگەن خېلى قاپ يۈرەك باتۇرلارنىڭمۇ پۇت ـ قولى تىترەپ بەدىنىدىن سوغۇق تەر قويۇۋلاتتى.

كانتوس كان چۈشەندۈرۈپ مۇسابىقە جەريانىدا، ھەر كۈنى مۇسابىقە توختىتىلغاندا پەقەت بىرلا ئەسىرنىڭ ھايات قالىدىغانلىقىنى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ جەڭدە ئۆلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پۈتۈن بىر كۈندە غەلبە قىلغۇچى قايتىدىن داۋاملىق باشقىلار بىلەن ئېلىشىدىكەن. شۇ تەرىقىدە تاكى ئەڭ ئاخىرى بىرىلا يېڭىپ چىققۇچە داۋاملىشىدىكەن. ئەڭ ئاخىرىدا قالغىنى مەيلى ئادەم ياكى ھايۋان بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئازاد قىلىنىدىكەن. ئىككىنچى كۈنى بۇ جەريان يەنە قايتىلىنىپ يېڭى ئەسىرلەر ئېلىپ كېلىنىدىكەن ھەم ئۇلاردىنمۇ ئەڭ ئاخىرقى ھايات قالغۇچى ھۆرلۈككە ئېرىشىدىكەن. مۇسابىقە شۇ تەرىقىدە ئون كۈن داۋام قىلىدىكەن.

بىز قەپەسكە سولۇنۇپ ئۇزاق ئۆتمەي مەيدان قىزىپ كەتتى. بىر سائەتكە يەتمەيلا پۈتۈن ئورۇن توشۇپ بولدى. داك كوۋا بىر توپ سەردارىنى باشلاپ مەيدان مەركىزىدىكى

كۆرۈش سۇپىسىدا پەيدا بولدى.

داك كوۋانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىككى قەپەس ئېچىلىپ ئون ئىككى نەپەر يېشىل تەنلىك مارسلىق ئايال مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ كېلىندى ھەم ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن خەنجەر تارقىتىلىپ بېرىلدى. ئارقىدىن مەيداننىڭ يەنە بىر بېشىدا ئون ئىككى دانە ياۋا ئىت پەيدا بولدى. بۇ ئىتلار ئاچكۆزلۈك بىلەن قولىدا تۆۋۈك قورالمۇ يوق ئاياللارغا ئېتىلىپ كەلگەندە ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن مەن بېشىمنى بىر ياققا بۇرىۋالدىم. مارسلىق ئاياللارنىڭ چىرقىرىشى ۋە يىغا ئاۋازى بۇ قېتىمقى ئىلىشىشنىڭ ئىنتايىن دەھشەتلىك بولۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. مەن نەزىرىمنى مەيدانغا ئاغدۇرغىنىمدا كانتوس كان ئېلىشىشنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى ئېيتتى. مەيداندا ئۈچ ياۋا ئىت قۇربانلىقلىرىنىڭ يېنىدا قاۋاپ تۇراتتى. مارسلىق ئاياللار ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتكەن ئىدى. ئەمدى بىر توپ غالجىر سىتېر مەيدانغا قويۇۋېتىلدى. سىتېرلار ئىتلارغا ئوقتەك ئېتىلىپ ئۇلارنى بىردەمدىلا دەسسەپ چەيلىۋەتتى. ئېچىنىشلىق بىر كۈن مانا مۇشۇنداق ئاخىرلاشتى.

بۇ بىر كۈندە مەن باشتا ئەرلەر بىلەن ئېرىشتىم. ئاندىن ياۋايى ھايۋانلار بىلەن تۇتۇشتۇم. مەن ئۇزۇن شەمشىرىمگە، چاققانلىقىمغا ۋە رەقىبىمدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشىدىغان كۈچ ـ قۇدرىتىمگە تايىنىپ بۇ كۈننى قىينالمايلا ئۆتكۈزدۈم. كەينى ـ كەينىدىن مەيداندا تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرغان قان ئىچەر خۇمپەرلەرنىڭ نەپسىنى قاندۇردۇم. ئېلىشىش ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا مەيداندىكىلەر توختىماي ۋارقىراپ مېنى مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ ۋارخۇن قەبىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى قىلىۋېلىشنى بىلدۈرۈشتى.

ئەڭ ئاخىرى ئۈچ ئادەم، شىمالدىكى مەلۇم قەبىلىدىن كەلگەن بىر گىگانت يېشىل تەنلىك رىتسار، كانتوس كان ۋە مەنلا قالدۇق. ئۇلار ئىككىسى ئالدى بىلەن ئېلىشتى. ئاندىن مەن ئۇلار ئىچىدىكى غەلبە قىلغۇچى بىلەن تۇتۇشىغا تەييار تۇردۇم.

كانتوس كان بىركۈندە نەچچە قېتىم ئېلىشىپ ھەر قېتىم مىنىڭدەك غەلبە قىلىۋاتقان بولسىمۇ ئەمما بەزىدە يېڭىش ئۈنچىلىك ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇ يېشىل

تەنلىك بىلەن ئېلىنىۋاتقان چاغدا ئۇنىڭ يېڭىۋېلىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى كىچىكتەك قىلاتتى. بىركۈندىن بۇيان بارلىق رەقىبلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلىغان بۇ خۇمپەرنىڭ بوي ئېگىزلىكى ئون ئالتە فوت بولۇپ كانتوس كاننىڭ ئېگىزلىكى ئالتتە فوتقىمۇ يەتمەيتتى. ئۇلار ئۆزئارا ئېلىشىۋاتقاندا مەن بىرىنچى قېتىم مارسلىقلارنىڭ بىر خىل قىلىچ ئىشلىتىش ماھارىتىنى كۆرۈۋالدى . كانتوس كاننىڭ غەلبە قىلىشى ۋە ھاياتىنى ساقلاپ قىلىشى دەل مۇشۇ قىلىچ ماھارىتىدىن بولدى. يېشىل تەنلىك كانتوس كانغا باستۇرۇپ كېلىپ يىگىرمە فوت ئارلىق قالغاندا كانتوس كان قىلىچ تۇتقان قولىنى كۆچەپ كەينىگە سوزۇپ بىرلا ئېتىپ قىلىچنى رىتسارنىڭ يۈزىگە سانجىدى. قىلىچ ئوقيا ئوقىدەك بوشلۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ يېشىل تەنلىكنىڭ مېڭىسىنى تېشىپ ئۆلتۈردى. يېشىل تەنلىك يەرگە يىقىلىپ جان تەسلىم قىلدى.

ئەمدى نۆۋەت ئىككىمىزگە كەلگەن ئىدى. بىز يېقىنلىشىپ ئېلىشىشنى باشلىغان چاغدا مەن ئۇنىڭغا تۆۋەن ئاۋازدا جەڭنى تاكى قاراڭغۇ چۈشكىچە داۋاملاشتۇرۇش توغرىسا مەسلىھەت بەردىم. بۇنداق بولغاندا قاراڭغۇدا بەلكىم بىزگە قېچىشقا پۇرسەت چىقىپ قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ۋارخۇنلۇقلار بىزنىڭ قارىشى تەرەپنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىمىز يوقلىقىنى بىلىپ قالدى بولغاي غەزەپلىنىپ ۋارقىراپ كېتىشەتتى. جەڭ باشلىنىپ خېلى ۋاقىتقىچە بىز قارىشى تەرەپكە بىرەر قېتىممۇ ئەجەللىك زەربە بەرمىگەچكە ۋورخۇنلۇقلارنىڭ ئوغىسىنى قايىنتۇەتكەن ئىدى. مەن قاراڭغۇلۇقنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ كانتوس كانغا قىلىچنى مېنىڭ بىلىكىم بىلەن گەۋدەمنىڭ ئارلىقىغا سانجىشنى ئېيتتىم. ئۇ دېيىشكىنىمىز بويىچە قىلىچنى ماڭا شىلتىغاندا مەن بىلىكىم بىلەن قىلىچنى چىڭ قىسىۋېلىپ كەينىمگە نەچچە قەدەم سەنتۈرۈلۈپ يەرگە يىقىلدىم. يىراقتىن قارىغاندا قىلىچ مېنىڭ كۆكرىكىمگە كىرگەندەك كۆرۈنەتتى. كانتوس كان مەقسىتىمنى چۈشەندى بولغاي تېزلىك بىلەن ئالدىغا چىقىپ بىر پۇتى بىلەن بويىنۇمنى دەسسەپ تۇرۇپ بەدىنىمدىن قىلىچنى سۇغۇرىۋېلىپ بويىنۇمغا ئەجەللىك قىلىچ ئۇردى. قاراشتا بۇ مېنىڭ بويىنۇمنى ئۈزۋەتكەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن

ئەمەلىيەتتە قىلىچ قۇمغا كىرىپ كەتكەن بولۇپ ماڭا قىلىچلىك زىيان يەتكۈزمەيتتى. قاراڭغۇلۇقتا ھېچكىم نىمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرەلمەيتتى، پەقەت ئۇنىڭ مېنى جايلىۋەتكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. مەن پەس ئاۋازدا ئونىڭغا بۇ يەردىن ئايرىلىپ تېگىشلىك ئەركىنلىكنى تەلەپ قىلىشىنى، ئاندىن شەھەرنىڭ شەرقىدىكى تاغدا مېنى ساقلىشىنى ئېيتتىم. ئۇ كەتتى.

يۇمىلاق مەيداندىكى كىشىلەر كەتكەندىن كېيىن مەن ئاستا ئۆمۈلەپ ئۆستىگە چىقتىم. يەر ئاستىغا ياسالغان بۇ مەيدان شەھەر مەركىزىدىن يىراق بولۇپ ئادەم ئولتۇراقلاشمىغان رايونغا توغرا كېلىدىكەن. مەن ھېچقانداق ئاۋارىچىلىققا ئۇچرىمايلا تاغقا يېتىپ كەلدىم.

## يىگىرمىنچى باب

# ئوكسىگېن ياساش زاۋۇتى

مەن بۇ يەردە كانتوس كاننى توپتوغرا ئىككى كۈن ساقلىدىم، ئەمما ئۇ كەلمىدى.شۇڭا ئامالسىز غەربى شىمال بۆلۈنۈشكە قاراپ يولغا چىقتىم. ئۇ ئىلگىرى ماڭا شىمال بۆلۈنۈشنى بويلاپ ماڭغاندا ئەڭ يېقىن يەردىكى دەريا يولىغا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. مەن يول بويى ئۆسۈملۈكتىن ئېلىنىدىغان سۈيۈقلۇقنى ئوزۇق قىلىپ سەپەر قىلدىم. ئۆسۈملۈكلەر بۇ خىل بىباھا ئوزۇقنى ماڭا سىخلىق بىلەن ئاتا قىلىۋاتاتتى. شۇنداق سەرسان بولۇپ يۈرۈپ ئىككى ھەپتىنى ئۆتكۈزدۈم. يۈلتۇزلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن تەمتىلەپ كېتىۋاتاتتىم.

كۈندۈزى مەن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ تۇرغان تاشنىڭ كەينىگە ياكى تاغ چوققىسىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنىۋالاتتىم . بىر نەچچە قېتىم ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدىم. كېچىسى بولسا بۇنداق يىرتقۇچ ۋەھشىي مەخلۇقلار ئەتراپىمدا ھەدىسىلا

تىمىسقىلاپ يۈرەتتى. شۇڭا مەن دائىم قولۇمدىن شەمشەرنى چۈشۈرمەي ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا ھەرۋاقىت تەييار تۇردۇم. ئادەتتىكى ئەھۋالدا مەن يېقىندىلا ئۆگىنىۋالغان ھېسسىي ئالاقە ئىقتىدارىم ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ماڭا ئالدىن ئۇقتۇرۇپ ئۈلگۈرەتتى. شۇنداق بولسىمۇ بىر قېتىم مەن ئاڭقىرىپ بولۇشچىلا يەرگە دۇملىنىتىۋېتىلدىم. تۆكلۈك بىر يۈز ماڭا چىلىڭ چاپلىشىپ ئۆتكۈر چىشلىرىنى بوغۇزۇمغا پاتۇرماقچى بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ماڭا قانداق يېقىنلىشىۋالغانلىقىنى بىلمىدىم. مەن ئۇنىڭ يوغان، ئېغىر ھەم كۆپ پۈتلۈق مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇ چىشىنى بوغۇزىمغا سانجىشتىن ئاۋۋال مەن ئىككى قولۇم بىلەن بويىنىنى تۇتۇۋېلىپ، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇنىڭ يىرتقۇچ ئاغزىنى ئۆزۈمدىن يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشتىم. قوللىرىم ئۇنىڭ بويىنىنى ئامبۇردەك قىسقان ئىدى. بىز ئۇن ـ تىنسىز تىركىشەتتۇق. ئۇ ئەبلەخ پۈتۈن كۈچى بىلەن يۇلقۇنۇپ چىشىنى ماڭا سانجىشقا ئۇرۇناتتى ، مەن ئۆزۈمنى ئەپقېچىش بىلەن بىللە بارلىق كۈچۈمنى بارماقلىرىمغا يىغىپ ئۇنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈشكە تىرىشاتتىم. ئاستا ـ ئاستا بىلەكلىرىم ھالسىزلىنىشقا باشلىدى. رەقىبىم يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ۋە پارقىراق چىشىنى ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشتۇرماقتا ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى مېنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا ھەممە نەرسىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. تۇيۇقسىز ياندىكى قاراڭغۇلۇقتىن بىر نەرسە ئېتىلىپ كېلىپ ئۈستۈمدىكى مەخلۇققا ئېتىلدى. مەن پەقەت ئۇ ئىككىسىنىڭ يەردە دۇملاۋاتقانلىقىنى ۋە بىر ـ بىرىنى چىشلىشىۋاتقانلىقىنىلا كۆرەلىدىم. ئۇزاق ئۆتمەي ئېلىشىش ئاخىرلاشتى. مېنىڭ نىجاتكارىم بېشىنى پەس قىلىپ مېنى ئۆزىنىڭ بىر ۋاقىلىق ئوزۇقى قىلىۋېتىشكە قىل قالغان جەسەتنىڭ يېنىدا تۇراتتى.

ئاي تۇيۇقسىز ئۇيۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ يەر يۈزىنى يورۇتتى. مەن مېنى قۇتۇلدۇرغۇچىنىڭ ۋۇلا ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرەلىدىم. بۇ ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە بولۇپ، ئۇنىڭ قەيەرلەردىن كېلىپ مېنى قانداق تاپقانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۇنىڭ كېلىشى مېنى چەكسىز خوش قىلىۋەتتى ھەم شۇنداقلا قاتتىق ئارامسىزلاندۇردى. چۈنكى ئۇ نېمە ئۈچۈن تۇرۇبىسلاردىن ئايرىلىپ كېتىدۇ؟ مەن جەزىملەشتۈرەلەيمەنكى، پەقەت ئۇلار ئۆلگەندىلا

ئاندىن ۋۇلا قايتىپ كېتەتتى. ماڭا ئايان، ۋۇلا مەن چۈشۈرگەن بۇيرۇقنى ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئىككىنچى ئايمۇ كۆرۈنگەندە مەن ئۇنىڭ ئورۇقلاپ ھالىدىن كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇنى بىردەم ئەركىلەتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆرۈلۈپلا جەسەتنى يېيىشكە باشلىدى. قارىماققا ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغاندەك قىلاتتى. گەرچە مېنىڭمۇ قورسىقىم ئېچىپ چېكىگە يەتكەن بولسىمۇ ئەمما مەن خام گۆشنى يېيەلمەيتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوت يېقىشقىمۇ ئامال يوقتى. ۋۇلا تويغاندىن كېيىن مەن يەنە ئېغىر قەدەملىرىمنى سۆرەپ تېپىش تەس بولغان دەريا يولىنى ئىزلەپ ماڭدىم.

15 ـ كۈنى سەھەر، مەن ئىزلەۋاتقان دەريا يولىدىن بېشارەت بېرىدىغان يوغان دەرەخلەرنى كۆردۈم. چۈشكە يېقىن ھالسىز گەۋدەمنى سۆرەپ چوڭ بىر بىنانىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدىم. بۇ بىنانىڭ ئىگەنلىگەن يېرى تەخمىنەن تۆت ئىنگلىز مىلى، ئېگىزلىكى ئالاھازەل ئىككى يۈز فوت ئەتراپىدا كېلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدىم. ئەتراپىنى بىر قۇر كۆزۈتۈپ مەن تۇرىۋاتقان يەردىكى كىچىككىنە ئىشىكىدىن باشقا ھېچقانداق كىرىش ئېغىزى ھەم ھاياتلىقتىن دېرەك بېرىدىغان بىرەر نىشانىنىڭ بارلىقىنى بايقىمىدىم.

دەرۋازىنىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقىمۇ يوق بولۇپ ئىچىدىكىلەرگە قانداق ئۇقتۇرۇشنى بىلەلمەيلا قالدىم. مەن ياندىكى دىئامېتىرى قېرىنداش قەلەمچىلىك كېلىدىغان تام تۆشۈكىنى كۆرۈپ ئۇ ئىچى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ئورۇن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. مەن ئاغزىمنى يېقىن ئەكىلىپ سۆزلەي دەپ تۇرغاندا ئىچىدىن تۇيۇقسىز بىر ئاۋاز چىقىپ مېنىڭ كىملىكىمنى، قەيەردىن كەلگەنلىكىمنى، بۇ يەرگە كېلىش مەقسىتىمنى سورىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ۋارخۇن قەبىلىسىنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ چىققانلىقىمنى، ئۇزۇن يول يۈرۈپ قورسىقىمنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتىم.

— سەن يىشىللارنىڭ بەلگىسىنى تاقاپ بىر ئىت يېتىلىۋاپسەن، ئەمما قىياپىتىڭ قىزىل تەنلىكلەرگە ئوخشايدىكەن. شۇنىسى تېرەك قىزىل ياكى يىشىلمۇ ئەمەسكەن ، راستىنى ئېيت، سەن زادى نېمە ئادەم؟

— مەن بارسومدىكى قىزىل تەنلىكلەرنىڭ دوستى، قورسىقىم بەك ئېچىپ

كەتتى. شەپقەت قىلىپ ئىشكنى ئېچىپ بەرسىڭىز، — دېدىم مەن ئۆتۈنۈپ.

شۇئانلا ئىشىك كەينىگە چېكىنىشكە باشلاپ تەخمىنەن ئەللىك فوت ئىچكىرلەپ ماڭغاندىن كېيىن توختىدى. ئاندىن سولغا يېنىك سىرىلىپ تار بىر بېتون يول كۆرۈندى. يولنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدا بايقىغا ئوپئوخشاش يەنە بىر ئىشىك بار ئىكەن. ئەمما ئەتراپتا بىرمۇ ئادەمنى كۆرگىلى بولمايتتى. مەن ئىشىكتىن كىرگەندە ئۇ يەنە يېنىك سىرىلىپ ئاندىن ئۆز ئورنىغا بېرىپ تاقىلىپ قالدى. ئىشىك يانغا سىرىلغەندە مەن ئۇنىڭ قىلىنىلىقىغا دىققەت قىلدىم. ئۇنىڭ قېلىنلىقى ئالاھازەل يىگىرمە فوت ئەتراپىدا كېلىدىكەن. ئىشىك جايىغا كىرىپ كەتكەن چاغدا ناھايىتى يوغان بىر پولات تۈرۈبا يۇقىرىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ ئاستى ئۇچى پولدىكى ئۇيۇققا مەھكەملىنىدىكەن. مەن يەنە ئىككى ئىشىكتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاخىرى ناھايىتى كەڭ زالغا كېلىپ قالدىم. يوغان بىر تاش ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە يېمەكلىك ۋە ئىچىملىك سۇ قويۇپ قويۇلۇپتۇ. ئەتراپتىن بىر ئاۋاز كېلىپ مېنىڭ غىزالىنىشىمغا بۇيرىدى. كەينىدىنلا ئىتقىمۇ يېمەكلىك بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلدى. مەن بىر تەرەپتىن يېگەچ بىر تەرەپتىن يوشۇرۇن ئادەمنىڭ كەسكىنلىك بىلەن سورىغان بىر تالاي سوئاللىرىغا جاۋاب بەردىم.

— دېگەنلىرىڭ ئادەمنى چۆچۈتىدۇ، — دېدى ھېلقى ئاۋاز سوراق ئاخىرلاشقاندا، — ئېيتقانلىرىڭنىڭ راستلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەمما سەن بارسوملۇق ئەمەس. مەن سېنىڭ مېڭە تۈزۈلۈشۈڭ ، ئىچكى ئەزالىرىڭنىڭ ئورۇنلۇشۇش ئەھۋالى ۋە يۈرىكىڭنىڭ شەكلى ھەم چوڭ كىچىكلىكىدىن بىلدىم.

— سىز مېنىڭ بەدىنىمنى رېنت قىلىپ كۆرەلەمسىز؟ — دېدىم مەن يۇقىرى ئاۋازدا .

— شۇنداق، سېنىڭ ئوي ـ پىكرىدىن باشقا ھەممىنى رېنت قىلىپ كۆرەلەيمەن. ئەگەر سەن بارسوملۇق بولساڭ مەن سېنىڭ تەپەككۇرۇڭنىمۇ بىلەلىگەن بولاتتىم.

ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىدىكى ئىشىك ئېچىلىپ قاراشتىن قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەندەك بىر مۇمىيا ئادەم ماڭا قاراپ مېڭىپ كەلدى.  ئۇ ئۇچىسىغا پەقەت بىرتاللا

ئالتۇن زەنجىر ئېسىۋالغان بولۇپ زەنجىرگە يوغان بىر پارچە ئالماس ئورنىتىلغان تەخسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بېزەك ئېسىلغان ئىدى. تەخسىنىڭ دەل مەركىزىگە دىئامېتىرى تەخمىنەن بىر سوڭ چوڭلۇقتىكى غەلىتە تاش ئورنىتىلغان بولۇپ توققۇز خىل نۇر چىقىرىپ تۇراتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى يەتتە خىلى ماڭا ھەم يەر شارى ئادەملىرىگە تونۇش ، قالغان ئىككى خىل نۇرنى بىز ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان نۇر ئىدى. شۇڭا خۇددى بىر قارىغۇ ئادەمگە قىزىل رەڭنىڭ نېمىلىكىنى تەسۋىرلىگىلى بولمىغاندەك ئۇنى تەسۋىرلەشمۇ مۇمكىن بولمايتتى.

ياشانغان ئادەم ئولتۇرۇپ مېنىڭ بىلەن بىرنەچچە سائەت سۆزلەشتى. سۆھبەتلىشىش جەريانىدا مېنى ھەممىدىن ھەيران قالدۇرغىنى ئۇنىڭ بارلىق ئوي - خىيالى ماڭا ئايان بولۇپ تۇردى. ئەمما ئۇ مېنىڭ ئېغىزىمدىن چىققان سۆزۈمدىن بۆلەك باشقا تەپەككۇرۇمنى بىلمەيتتى. مەن بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتمىدىم. شۇڭا بۇ كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئالدىن بىلىۋېلىشىمغا ناھايىتى ئەسقاتتى. ئەگەر ئۇ مېنىڭ بۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى ئىقتىدارىمنى بىلگەن بولسا مەن كېيىن يۈز بېرىدىغان تېخىمۇ مۇھىم ئىشلارنى بىلمىگەن بولار ئىكەنمەن. مارسلىقلارنىڭ بىر ئادەتتىن تاشقىرى ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار باشقىلارنىڭ تەپەككۇرىنى مۇتلەق كونترول قىلالايدۇ ھەم ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىغا توغرا قوماندانلىق قىلالايدۇ.

مەن تۇرىۋاتقان بىنانىڭ ئىچىدە بىر دانە ئوكسىگېن ياساش ماشىنىسى بار ئىكەن. دەل مۇشۇ ئادەملەر ئوكسىگېن ياساپ، ئاتموسفېرا قەۋىتى شەكىللەندۈرۈپ مارستىكى ھاياتلىقنىڭ داۋاملىشىشىنى كاپالەتلەندۈرۈۋاتقان ئىكەن. مەن پۈتكۈل ئوكسىگېن ياساش جەريانىنىڭ سىرىنىڭ دەل ھېلقى ئادەمنىڭ بوينىغا ئېسىۋالغان بىزىكىدىكى تاش چىقارغان توققۇز خىل نۇر دەستىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدىم. بۇ نۇر دەستىلىرى بېزەك بۇيۇمنى بىنانىڭ ئۆگزىسىدىكى نازۇك ئەسۋابقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ قوياش نۇرىدىن ئايرىپ چىقىرىلىدىكەن. بىنانىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى مۇشۇ نۇر دەستىسىنى ساقلاشقا ئىشلىتىلىدىكەن. ئاندىن بۇ نۇر دەستىسى ئېلېكترلىك بىر تەرەپ

قىلىنغاندىن كېيىن، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا بەلگىلىك نىسبەتتىكى سۇزۇك ئېلېكتر تەۋرىنىشى بىلەن ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن بارسومدىكى ئاساسلىق بەش ئوكسىگېن مەركىزىگە توشۇلۇپ، ئۇيەردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن قوياش نۇرى بىلەن ئۇچرۇشۇپ ئاتموسفېراغا ئايلىنىدىكەن.

بۇ غايەت زور بىنانىڭ ئىچىدە ھەرۋاقت يېتەرلىك نۇر ساقلانغان بولۇپ بۇ زاپاس نۇر دەستىسى بىلەن مارس ئاتموسفېراسىنى ئون يىل تۇتۇپ تۇرۇشقا بولىدىكەن. ئۇنىڭ دىيىشىچە ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئەنسىرەيدىغىنى يەتكۈزۈپ بېرىش پومپىسىنىڭ ئويلاپمۇ باقمىغان بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ئىكەن. ئۇ مېنى بىر ئىچكى بۆلۈمگە باشلاپ كىردى. مەن بۇ يەردە يىگىرمە دانە رادىي پومپىسىنى كۆردۈم. ھەربىر پومپا مارستىكى ھاياتلىقنى ئاتموسفېرا بىلەن تەمىنلەشكە يېتىدىكەن. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە قاراۋاتقانلىقىغا سەككىز يۈز يىل بولغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ پومپىلار ھەر كۈنى نۆۋەتلىشىپ ئايلىنىپ ھەر بىرى تەخمىنەن يەرشارىدىكى ۋاقىت بويىچە يىگىرمە تۆت يېرىم سائەت خىزمەت قىلىدىكەن. بىر ياردەمچى ئۇنىڭ بىلەن نۆۋەتلىشىپ ماشىنىلارغا قارايدىكەن. يېرىم مارس يىلىدا ئىككى ئادەمنىڭ ئىچىدىكى بىرى سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن بۇ غايەت زور سېختا تەنھا ھالدا يەر شارى ۋاقتى بويىچە 844 كۈننى ئۆتكۈزىدىكەن.

ھەربىر قىزىل تەنلىك بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپلا ئاتموسفېرا ھاسىل قىلىشنى ئۆگىنىدىكەن. ئەمما بەلگىلەنگەن ۋاقىت يېتىپ كەلمىگۈچە ھېچكىم بىناغا قانداق كىرىشنىڭ سىرىنى بىلمەيدىكەن. بۇ بىنا ناھايىتى مەزمۇت بولۇپ تېمىنىڭ قېلىنلىقى بىر يۈز يىگىرمە فوت كېلىدىكەن. ئۆگزىسى بەش فوت قېلىنلىقتىكى ئەينەك بىلەن يېپىلغان بولۇپ كېمىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن موداپىيەلىنەلەيدىكەن . ئۇلارنىڭ يەنە بىر ئەنسىرەيدىغىنى يېشىللارنىڭ ياكى غالجىرلاشقان قىزىللارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراش بولۇپ بارسومدىكى بارلىق جانلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ـ تۇرالماسلىقى بۇ زاۋۇتنىڭ ئايلىنىشىغا باغلىق ئىكەن.

مەن ئۇنىڭ تەپەككۇرىنى كۆزىتىۋاتقاندا بىر غەيرى ئىشنى بايقىدىم. ئەسلى

تامدىكى ئىشىكلەر ئۇنىڭ ھېسسىي ئالاقە بۇيرۇقى بىلەن ئېچىلىدىكەن. ئىشىك قۇلۇپى ناھايىتى نازۇك ياسالغان بولۇپ، بىر قاتار تەپەككۇر دولقۇنىنىڭ گورۇپپىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان شىفىر ئارقىلىق ئېچىلىدىكەن. بۇ بايقاشنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مەن ئۇنىڭ قانداق گورۇپپىلايدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولدۇم. شۇڭا قەستەن بىلمەس بولۇۋېلىپ ئۇنىڭ ئىشىكنى ماڭا قانداق ئېچىپ بەرگەنلىكىنى سورىدىم. شۇ ھامان ئونىڭ كالللىسىدا توققۇز خىل مارىس نوتا بەلگىسى پەيدا بولدى. ئۇ ماڭا بۇلارنىڭ سىر ئىكەنلىكىنى، ئېيتىپ بېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا نوتىلارمۇ ناھايىتى تېزلا غايىب بولدى.

شۇندىن كىيىن ئۇ خۇددى بۇ سىرنى ماڭا پاش قىلىپ قويغاندەك ماڭا بولغان مۇئامىلىسىدە ئۆزگىرىش بولدى. گەرچە ماڭا ناھايىتى ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىۋاتقان بولسىمۇ ئەمما چىراي ئىپادىسى ۋە تەپەككۇرىدىن ئۇنىڭ خاۋاتىرلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا بولاتتى.

كەچ كىرىش ئالدىدا ئۇ ماڭا يېقىن ئەتراپتىكى يېزا ئىگىلىك مەيدانىغا خەت يېزىپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. بۇ خەتنى كۆتۈرۈپ يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەرنى ئىزلىسەم ئۇلار ماڭا زودانگا شەھىرىگە بارىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن. ئۇ بۇ شەھەرنىڭ ئوكسىگېن زاۋۇتىغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى دېدى .

— ئەمما سەن ھەرگىز ئۇلارغا خىرىئانغا بارىدىغانلىقىڭنى ئېيتما، چۈنكى ئۇلار ھازىر خىرىئان بىلەن ئۇرۇشىۋاتىدۇ. مەن ھەم مېنىڭ ياردەمچىم ھېچقانداق دۆلەتكە تەۋە ئەمەس، بىز بارلىق بارسوملۇقلارغا ئورتاق تەۋە. مەن ئېلىشۋالغان بۇ سالاھىيەت بەلگىسى بىزنى قەيەرگىلا بارساق، قايسىلا دۆلەتكە قەدەم باسساق قىلچىلىك دەخلى ـ تەرزگە ئۇچراتمايدۇ . ھەتتا يىشىللارنىڭ يېنىدىمۇ شۇنداق. گەرچە بىز يېشىل تەنلىكلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنى خالىمىساقمۇ، — دىدى ئۇ.

— ئەمدى خەيرلىك كەچ دوستۇم، — دىدى ئۇ داۋاملىق، — خاتىرجەم ئۇخلىشىڭىزغا تىلەكداشمەن.

گەرچە ئۇنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلغىنى بىلەن تەپەككۇرىدىن مېنى

ئەزەلدىن بۇ يەرگە كىرگۈزگىسى يوقلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كەينىدىنلا يەنە مەن ئۇنىڭ مۇنداق بىر ئىشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىۋالدىم: قاراڭغۇلۇقتا ئۇ مىنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ ئۆزۈن بىر شەمشەرنى ماڭا سانجىدى ھەم كاللىسىدا «كەچۈرگىن، بۇ بارسومنىڭ بۇندىن كېيىنكى مەنپەئەتى ئۈچۈن» دېگەن سۆزلەر پەيدا بولدى. ئۇ ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتكەندە ئۇنىڭ تەپەككۇرىمۇ ئۆزى بىلەن تەڭ غايىب بولدى. بۇ ماڭا ئىنتايىن غەيرى تۇيۇلدى. چۈنكى مەن تەپەككۇرنىڭ يەتكۈزۈلۈشى توغرىلىق بىلىدىغىنىم ناھايىتى ئاز ئىدى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ قانداق قىلغاندا قېچىپ كەتكىلى بولىدۇ؟ مەن ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلگەن ئىكەنمەن ئۇنى ئالدىن قول سېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتسەم بولىدۇ. بىراق ئۇ ئۆلسە مەن قېچىپ ھېچ يەرگە بارالمايمەن. شۇنداقلا بۇ چوڭ زاۋۇتنىڭ توختىشىغا ئەگىشىپ مەنمۇ بۇ پىلانىتتىكى باشقا بارلىق جانلىقلار بىلەن بىللە ھالاك بولىمەن، ئەگەر دېكا تۇررىس ھايات بولسا ئۇمۇ ئوخشاش ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدۇ. باشقىلارنىڭ نېمە بولىشى مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ تۇررىسنى ئويلىغىنىمدا، مېنى خاتا چۈشىنىپ قالغان بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىمدىن دەرھال ياندىم.

مەن ئېھتىيات بىلەن ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ۋۇلانى ئەگەشتۇردۇم. كاللامدا قاراملىق بىلەن بىر پىلان تۇزۇلدى. مەن بېرىپ يوغان ئىشكىلەرنى ئىزلەپ تېپىپ باشقۇرغۇچىنىڭ كاللىسىدا كۆرۈنگەن توققۇز خىل تەپەككۇر دولقۇنى ئارقىلىق غايەت زور قۇلۇپلارنى ئاچماقچى بولدۇم. بىر ـ بىرىگە تۇتاش كارىدورلاردىن ئۆتۈپ تەرەپ ـ تەرەپتىكى ئەگرى ـ بۈگرى ئۆتۈشمە يولنى بويلاپ مېڭىپ ئاخىرىدا دەسلەپ كىرىپ تاماق يېگەن زالغا كېلىپ قالدىم. باشقۇرغۇچىنى كۆرمىدىم، ئۇنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم.

مەن ئەمدىلا يۈرەكلىك بىلەن زالغا كىرەي دېگەن چاغدا كەينىمدىن يېنىك ماڭغان ئاياق تاۋۇشى ئاڭلىنىپ قالدى. شۇڭا دەرھال كەينىمگە چېكىنىپ كارىدورنىڭ قاراڭغۇ يېرىدە ئۆزۈمنى دالدىغا ئالدىم. ۋۇلانى كەينىمگە يوشۇرۇپ پەس بولۇپ ئولتۇردۇم.

بۇ چاغدا باشقۇرغۇچى ماشىنا سۈركۈلۈپ دىگۇدەك ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ مەن كىرمەكچى بولغان ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقاندا قولىغا ئۇزۇن ھەم ئۆتكۈر شەمشەر كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ شەمشەرنى بىر پارچە تاشقا سۈركەپ يۆلەۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ كاللىسىدا ئالدى بىلەن يېرىم سائەت ۋاقىت چىقىرىپ رادىي پومپىلىرىنى تەكشۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن مەن تۇرىۋاتقان ئۆيگە كېلىپ مېنى جايلىۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ زالدىن ئۆتۈپ توشۇغۇچى پومپا سېخىيغا تۇتىشىدىغان يولدا غايىب بولدى. مەن ئېھتىيات بىلەن تىمىسقىلاپ يۈرۈپ يوشۇرۇنچە چوڭ دەرۋازا ئالدىغا كەلدىم. بۇ مېنى سىرتقى دۇنيا بىلەن ئايرىپ تۇرىدىغان ئۈچ دەرۋازىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى بىرىنچىسى ئىدى.

غايەت زور قۇلۇپقا يۈزلىنىپ تۇرۇپ پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىپ بىردىنلا قۇلۇپقا ھىلقى توققۇز تەپەككۇر دولقۇنىنى تارتاتتىم ھەم تاقەتسىزلىك ئىچىدە كۈتۈشكە باشلىدىم. چوڭ دەرۋازا ئاخىرى تەۋرىدى ۋە بىر چەتكە سۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ باشقا ئىشكىلەرمۇ مېنىڭ بۇيرىقىمدا بىر ـ بىرلەپ ئېچىلدى. ۋۇلا ئىككىمىز ئەركىنلىك ئۆز ئىختىيارىمىزدىكى قاراڭغۇلۇققا بېشىمىزچىلا كىرىپ كەتتۇق. شۇنىسى ھازىرقى ئەھۋالىمىز بۇ بىناغا كىرىش ئالدىدىكى ھالىمىزدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. بىز يەنىلا ئاچ قالغان ئىدۇق.

بىز بىنادىن ئۇن ـ تىنسىز ئايرىلىپ بىرىنچى تۆت كۇچا ئاغزىغا قاراپ ماڭدۇق. مەن ئاساسلىق غول يولغا تىزاراق يېتىپ بېرىشنى ئويلايتتىم. تاڭ سەھەردە مەن مەركىزى يولغا چىقتىم ھەم ئالدىمدا كۆرۈنگەن بىرىنچى قورشاۋ تامغا يېقىنلىشىپ ئۇ يەردە ئادەم بار ـ يوقلىقىغا دىققەت قىلدىم. ئەتراپ بىتوندىن سىلىنغان پاكار بىنالار بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ دەرۋازىسى پۇختا ھەم مۇستەھكەم ئىكەن. بىزنىڭ دەرۋازىنى ئېچىش ئۈچۈن قىلغان تىرىشچانلىقىمىزدىن ھېچقانداق نەتىجە بولمىدى. مېنى قاتتىق ئۇيقۇ قىيناپتتى . ئاخىرى ۋۇلانى يېنىمدا يىتىشقا بۇيرۇپ ئۆزۈم بېشىمنى قويۇپلا ئۇيىغا كەتتىم. قانچىلىك ئۆتتىكىن بىر چاغدا ۋۇلانىڭ چىرقىراق ئاۋازىدىن ئۇيغۇنۇپ كەتتىم.

كۆزۈمنى ئېچىپ ئۈچ قىزىل تەنلىك مارسلىقنىڭ ئانچە يىراق بولمىغان يەردە تاللىق مىلتىقلىرىنى ماڭا تەڭلەپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

— مەندە قورال يوق، مەن سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلار ئەمەس، — دېدىم مەن چۈشەندۈرۈپ، — مەن ئىلگىرى يىشىللارنىڭ ئەسىرى بولغان، ھازىر زودانگاغا بارماقچىمەن. ئىتىم ۋە مەن يېمەكلىك ، دەملىشكە موھتاج . شۇنداقلا توغرا يولۇنىشنى بىلىشنى خالايمىز.

ئۇلار مىلتىقلىرىنى چۈشۈرۈپ خۇشال ھالدا يىتىپ كېلىشتى ھەم ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى بويىچە سول قولىنى مۈرەمگە قويۇپ مەندىن ئەھۋال سورىدى. ئارقىدىن مەن ۋە مىنىڭ سەرگەردانلىق تۇرمۇشۇمغا ئائىت بىر قاتار سوئاللارنى سورىغاندىن كىيىن مېنى يېقىن ئەتراپىكى بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۆي بۇ ئۈچەيلەننىڭ ئىچىدىكى بىرسىگە تەۋە ئىكەن. ئەتىگەن مەن بۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چەككەنلىكىم يادىمغا يەتتى. ئۆيىنىڭ ئىچىگە ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەر ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى قويۇلغانتى. ئۆي ئورمانلىقنىڭ دەل مەركىزىدە بولۇپ باشقا قىزىل تەنلىكلەرنىڭ ئۆيىگە ئوخشاش بۇ قۇرلۇشمۇ يوغان بىر مېتال تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىكەن. تۈۋرۈك يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن سىلىندىر ئىچىدە يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەرىكەتلىنەلەيدىكەن . كېچىسى بىر قورۇلما ئارقىلىق زال ئىچىدىكى كىچىك رادىي ماتور بىلەن كونترول قىلىنىپ يەر يۈزىدىن قىرىق ـ ئەللىك فوت ئېگىزلىككە كۆتۈرۈپ قويۇلىدىكەن. قىزىللار تۇرالغۇسىنىڭ ئەتراپىغا قورشاۋ چىتلاق ياساشنى ياقتۇرۇپ كەتمەيدىكەن. شۇڭا كېچىسى بىخەتەرلىك ئۈچۈن ئۆينى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ قويىدىكەن. سىرتقا چىقماقچى بولسا ئۇلار يەنە مەخپىي ئۇسۇل بىلەن ئۆيىنىڭ سىرتىدىن ئۆينى بوشلۇقتا كۆتۈردىكەن ياكى چۈشۈرىدىكەن.

بۇ ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ئايال ۋە بالىلىرى بىلەن مۇشۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئوخشاش ئۈچ ئۆيدە تۇرىدىكەن. ئۇلار ھۆكۈمەت خادىملىرى بولغاچقا ھىچقايسىسى ئەمگەك قىلمايدىكەن. بۇ يەردىكى بارلىق جىسمانىي ئەمگەكنىڭ ھەممىنى جىنايەتچىلەر،

ئەسىرلەر، قەرزنى كەينىگە سۈرگەنلەر ۋە نامراتلىقىدىن قىزىللار ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بويتاقلىق بېجىنى تاپشۇرالمىغان ئۆمۈرلۈك بويتاقلار قىلىدىكەن.

ئۇلار ناھايىتى قىزغىن مېھماندوست بولۇپ بىللە نەچچە كۈننى ئۆتكۈزدۈم. ياخشى كۈتۈلگەچكە تەن قۇۋۋىتىممۇ تېز ئەسلىگە كەلدى. ئۇلار مېنىڭ كەچۈرمىشىمنى بىلگەندىن كېيىن(مەن بارلىق دېگۈدەك تۇررېس ۋە ئوكسىگېن زاۋۇتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى دېمىدىم) قىزىللارغا ئوخشاش پۈتۈن بەدىنىمنى قىزىل رەڭگە بوياپ ئاندىن زودانگاغا بېرىپ ئامال قىلىپ ئۇلارنىڭ قۇرۇقلۇق ياكى دېڭىز ئارمىيىسىدىن بىر ۋەزىپە تېپىش كېرەكلىكى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

— سىز چوقۇم ئۆزىڭىزنىڭ ئىشەنچلىك ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلىشىڭىز ھەم ئوردىدىكى يۇقىرى تەبىقىدىكى ئاقسۆڭەكلەردىن دوست تۇتۇشىڭىز كېرەك. بولمىسا ئۇلارنىڭ ھېكايىڭىزغا ئىشىنىشى ئىنتايىن تەس. بۇنى ئورۇنلاش ئۈچۈن قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىش ھەربىيلىككە قاتنىشىش.

— بىز قىزىللارنىڭ بارسومدىكى جەڭ قىلىشقا ماھىر مىللەت ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭىز لازىم، — دىدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى چۈشەندۈرۈپ، — پەقەت ئەسكەرلا ئەڭ ياخشى مۇئامىلىگە ئېرىشەلەيدۇ.

مەن يولغا چىقىشقا تەييارلاندىم. ئۇلار ماڭا ئۆزلىرى بېقىپ كۆندۈرگەن بىر ھايۋاننى بەردى. قىزىللارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق ھايۋاننى ئات ئورنىدا ئىشلىتىدىكەن. بۇ ھايۋاننىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئاتچىلىك بولۇپ، رايىش ئىدى. رەڭگى ۋە شەكلى يوغان ھەم ۋەھشىي ياۋا ئاتنىڭ دەل ئەكسىچە ئىكەن. ئاكا ـ ئۇكىلار ماڭا يەنە قىزىل رەڭلىك ماي بەردى. مەن ئۇنى پۈتۈن بەدىنىمگە سۈركەپ چىقتىم. ئۇلاردىن بىرى مېنىڭ ئۇزۇن ئۆسۈپ كەتكەن چېچىمنىڭ كەينىنى تەكشى قىلىپ ئىككى تەرىپىنى ئۇزۇن قويۇپ قىزىللارنىڭكىگە ئوخشاش قىلىپ ياساپ قويدى. بۇنداق بولغاندا مەن قۇرامىغا يەتكەن قىزىل تەنلىككە ئوخشاش بارسومنىڭ ھەممە يېرىدە كېزىپ يۈرەلەيتتىم. ئۈستۈمدىكى بەلگىلەر زودانگالىقلارنىڭكىدەك شەكىلگە ئالماشتۇرۇلۇپ ئۈستىگە مېنى

قۇتۇلدۇرۇۋالغان ئىجاتكارىمىنىڭ نامى ـ پۇتو دەپ يېزىپ قويۇلدى. ئۇلار يەنە يېنىمدىكى بىر كىچىك خالتىغا زودانگالىقلارنىڭ پۇلىنى توشقۇزۇپ قاچىلاپ بەردى. ئۇلارنىڭ تەڭگىسى ئېللىپىس شەكىلدە ئىكەن. بۇ تەڭگىلەرنىڭ مارستىكى ئوبروتلىنىش شەكلى يەر شارىدىكى بىلەن چوڭ پەرق قىلمايدىكەن. مۇبادا ئېھتىياجلىق بولغاندا شەخسلەرمۇ قەغەز پۇل تارقىتالايدىكەن. لېكىن قەغەز پۇلنى ھەر يىلى بىر قېتىم ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋالىدىكەن. ئەگەر شەخسلەر قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىنچىلىكى بولمىسا ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن قەرزنى تولۇق تۆلەيدىكەن. ئاندىن قەرزدار چوقۇم ھۆكۈمەت تارمىقىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى ياكى كانچىلىق رايونىدا ئەمگەك قىلىپ قەرزنى ئادا قىلىدىكەن. بۇ خىل ئۇسۇلىدىن قەرزدارمۇ، كۆپچىلىكمۇ رازى بولىدىكەن. مارستا بۇنداق غايەت زور، سىرت بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا يېتەرلىك ئەمگەك كۈچلىرىنى تاپماق ناھايىتى تەس ئىكەن. بۇ تېرىلغۇ يەرلەر تار ھەم ئۇزۇن بەلۋاغقا ئوخشاش رەت ـ رەتتە بويىچە ئىككى قۇتۇپ ئارىلىقىغا تارقالغان ئىكەن. ئىچىدە تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ياۋا ئادەملەر ياشايدىكەن.

مەن ئۇلارنىڭ شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇشقا ئامالسىز قالغىنىمدا ئۇلار ماڭا تەسەللى بېرىپ ئەگەر بارسومدا ھاياتلا بولساڭ كېيىن يەنە پۇرسەت چىقىدۇ دېيىشتى . ئاندىن كېيىن مەن بىلەن خوشلىشىپ تاكى كەڭرى كەتكەن ئاق رەڭلىك يولدا غايىب بولغىچە مەندىن كۆزىنى ئۈزمىدى.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

# زودانگانىڭ رازۋېدكا ئايروپىلانى

زۇدانگاغا بارىدىغان يولدا مەن نۇرغۇن غەلىتە ۋە قىزىقارلىق ئىشلارنى ئۇچراتتىم. مەن توختاپ ئۆتكەن بىر نەچچە دېھقان تۇرالغۇلىرىدا بارسوملۇقلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە

ئۆرۈپ ـ ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى چۈشۈنۈۋالدىم.

مارستىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ سۇ تەمىنلەش مەسىلىسى مۇنداق ھەل بولغان ئىكەن: مۇز چوققىسى ئېرىگەندىن كېيىن سۇنى ئىككى قۇتۇپتىكى غايەت زور يەر ئاستى سۇ ئامبىرىغا يىغىپ ئاندىن ئۇزۇن كەتكەن تۇرۇبىلار بىلەن ھەرقايسى ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا تارتىپ چىقىرىدىكەن. سۇ يولىنىڭ ئىككى تەرىپىنى بويلاپ دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى ئالدىغا قاراپ سوزۇلۇپ ئوخشاش چوڭلۇقتىكى تېرىلغۇ يەرلەرگە بۆلۈنىدىكەن . ھەر بىر پارچە ئېتىزلىقنى بىر ياكى بىرنەچچە ھۆكۈمەت خادىمى باشقۇرىدىكەن. قۇرغاقچىلىق ، زىيادە ھۆل ـ يىغىن، بوران ـ چاپقۇن ۋە زىيانلىق ھاشاراتلەر ھەم زىرائەتلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قۇشلار بولمىغاچقا مارستىكى زىرائەتلەرنىڭ ھەممىسى ئوپمۇ ـ ئوخشاش ئۆسىدىكەن.

بۇ قېتىمقى سەپەردە يەرشارىدىن ئايرىلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم گۆشنىڭ تەمىنى، يەنى يېزا ئىگىلىك مەيدانىدا بېقىلغان ھايۋاندىن ئېلىنغان ئەتلىك قوۋۇرغىنى تېتىدىم. تەمى كۆكۈ كالاغا ئوخشاپ كېتىدىغان مېۋە ۋە سەيلەردىن بەھر ئالدىم. شۇنىسى بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يەرشارىدىكى يېمەكلىكلەرگە ئوخشىمايدىكەن. ھەربىر ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋان ئۇزۇن مۇددەت ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىنتايىن كۆڭۈل قويۇلۇپ ئۆستۈرۈلگەچكە ھەم بېقىلغاچقا شۇنداق مۇكەممەل بولۇپ يەشارىدىكىگە قارىغاندا رەڭگى تۇتۇق ، تەمسىز بولىدىكەن. مەن يەنە بىر قېتىم توختىغاندا ئاقسۆڭەك قاتلىمىدىكى ياخشى تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىش جەريانىدا خىرىئان توغرىلىق توختىلىپ ئۆتتۈلدى. بىر ياشانغان كىشى نەچچە يىل بۇرۇن دىپلوماتىيە ئىشلىرى بىلەن ئۇ يەرگە بارغانلىقىنى ھەم ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈلۈك ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاملىنى ئەپسۇسلانغان ھالدا ئېيتىپ ئۆتتى.

— خىرىئاندا — دىدى ئۇ، — بارسومدىكى ئەڭ ساھىبجامال ئاياللار بار. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىچىدە مورس كاجاكنىڭ قىزى دېكا تۇررىس ھەممىدىن گۈزەل، پەرىزاتنىڭ ئۆزى. زودانگا مۇشۇ مەلىكە ئۈچۈن خىرىئانغا جەڭ ئېلان قىلغان.

— ھەي، — دېدى ئۇ يەنە، — كىشىلەر ئۇنىڭ قەدىمى تەگكەن تۇپراققىمۇ چوقۇنىشىدۇ. ئەمما مەلىكە بىر قېتىملىق يىراق سەپەرگە كەتكىنىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. ھازىر پۇتكۈل خىرىئان چەكسىز ئازابقا چۆكتى. بىزنىڭ سەردارىمىز جەڭ ئىقتىدارىنى يوقاتقان خىرىئان كېمىلىرى خىرىئانغا قايتۇۋاتقاندا ھۇجۇم قىلمىدى، ئۇ ناھايىتى چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزدى. قارىغاندا يەنىمۇ ئەقىللىق بىرى ئالماشسا بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— ھازىر بىزنىڭ ھەربىي قىسىم خىرىئاننى ئوڭۇشلۇق قورشاۋغا ئالغان بولسىمۇ زودانگالىقلار بونىڭدىن رازى ئەمەس. چۈنكى بۇ ئادەتتىكى بىر مەيدان جەڭ ئەمەس، بۇ جەڭ ھوقۇق ۋە ئادالەتنى ئۆلچەم قىلمايدۇ. بىزنىڭ قىسىم خىرىئان كېمىلىرى مەلىكىنى ئىزدەشكە چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا خىرىئان شەھىرى بارسومدىن ئەڭ يىراقتىكى ئاي بارسومنى نەچچە قېتىم ئايلانغاندا ئاندىن ئىشغال قىلىنىدىكەن.

— ئۇنداقتا سىزنىڭچە مەلىكە دېكا تۇررىس قانداق تەقدىرگە مۇپتىلا بولار؟ — دېدىم مەن چاندۇرماي.

— ئۇ ئۆلدى، — دېدى ئۇ، — بۇ ئىشنى بىزنىڭ قىسمىنىڭ ئادەملىرى يېقىندا جەنۇپ تەرەپتىن تۇتىۋالغان يېشىللارنىڭ بىر ئادىمىدىن ئۇقۇپتۇ. دېكا تۇررىس يەنە بىر دۇنيادىن كەلگەن غەلىتە مەخلۇق بىلەن ساكلارنىڭ قولىدىن قاچقاندا ۋارخۇنلۇقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئېتىنىڭ دېڭىز ئاستىدا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى، ئەتراپ قانلىق جەڭ ئالامەتلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.

گەرچە بۇ خەۋەر ئادەمنى ئارامسىزلاندۇرسىمۇ دېكا تۇررىسنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئىسپات بولالمايتتى. شۇڭا مەن خىرىئانغا تېزراق بېرىپ تاردوس مورسقا ئۇنىڭ نەۋرە قىزىنىڭ قولغا چۈشۈپ قىلىش ئەھۋالىنى بالدۇرراق يەتكۈزۈش قارارىغا كەلدىم.

پۇتو ئاكا ـ ئۇكىلاردىن ئايرىلىپ ئون كۈن بولغاندا مەن زودانگاغا يېتىپ باردىم. مارستىكى قىزىل تەنلىك ئاھالىلەر بىلەن ئۇچراشقاندىن بۇيان ۋۇلا باشقىلارنىڭ ماڭا سوغۇق نەزىرى بىلەن قارىشىغا سەۋەبچى بولدى. چۈنكى بۇنداق غەلىتە مەخلۇقنى

قىزلىلار ئەزەلدىن كۆندۈرۈپ ئىشلىتىپ باقمىغان هايۋان ئىكەن. يەر شارىدا ۋەھشىي بىر شىرنى ئەگەشتۈرۈپ ئاۋات كوچىغا كىرىش بىلەن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت قانداق بولسا، مېنىڭ ۋۇلانى ئەگەشتۈرۈپ زودانگاغا كىرىشىمدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتمۇ ئۇنىڭدىن قىلىشمايتتى. شۇڭا ئۇنى كەتكۈزۈۋېتىشنى قارار قىلدىم.

سادىق ھەمراھىمدىن ئايرىلىشنى ئويلاپ بەك ئەپسۇسلاندىم ھەم قاتتىق ئازابلاندىم . مەن بۇ ئىشنى تاكى شەھەر دەرۋازىسىغا يېتىپ بارغۇچە كېچىكتۈرۈم. ئەمدى ئايرىلمىساق بولمايتتى. مۇبادا مېنىڭ بىخەتەرلىكىم ھەم خۇشاللىقىمدىنمۇ مۇھىم نەرسە خەتەر ئىچىدە قالمىغان بولسا ھېچكىم مېنى ماڭا باشتىن ـ ئاخىر مېھرىبانلىق ، سادىقلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان ھايۋاننى بارسومغا تاشلاپ قويۇشقا قايىل قىلالمىغان بولاتتى. ئەمما مەن ھاياتىمنى مەلىكە تۇررېس ئۈچۈن ئاتاشقا رازى بولغانلىقىم ئۈچۈن، ماڭا سىرلىق تۇيۇلۇۋاتقان بۇ شەھەردىكى يوشۇرۇن خەتەر ئالدىدا مەلىكىنى داۋاملىق ئىزلەشكە تەييارلاندىم. مەن ھەتتا ۋۇلانىڭ سەۋەبىدىن بۇ قېتىمقى تەۋەككۈلچىلىكىمنىڭ مەغلۇپ بولىشىغا يول قويمايتتىم شۇنداقلا ئونىڭ ۋاقىتلىق خۇشاللىقىدىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىشىنىمەنكى، ۋۇلا ناھايىتى تېزلا مېنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

مەن ئونىڭغا ئايرىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، ئونىڭ ماقۇل بولۇشىنى ئۆتۈندۈم ھەم بۇ قېتىمقى تەۋەككۈلچىلىكىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئامان قايتىپ كېلەلىسەم ئۇنى بىر ئامال قىلىپ تاپىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ قاراشتىن مېنى چۈشەنگەندەك قىلاتتى. مەن بۇرۇلۇپ قولۇم بىلەن ساك تەرەپنى كۆرسەتكەن ۋاقتىمدا ئۇ ئازابلانغان ھالدا يۈزىنى بۇراپ مېڭىپ كەتتى. مەنمۇ قىيالماسلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم. ئاخىرى بىر قارارغا كېلىپ زودانگاغا بۇرۇلۇپ سالماق قەدەملەر بىلەن خەتەرگە تولغان شەھەرگە يۈرۈپ كەتتىم.

مەن ئاكا ـ ئۇكىلار يېزىپ بەرگەن خەتنى كۆتۈرۈپ ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان چوڭ شەھەرگە توسالغۇسىزلا كىرىپ كەلدىم. بۇ ۋاقىت تاڭ سەھەر بولۇپ كوچىلاردا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. تۇرالغۇ ئۆيلەر مېتال تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىدە ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئۆيلەر قاغا ئۇۋىسىغا ، تۈۋرۈكلەر  مېتال دەرەخكە ئوخشاپ قالغانتى. پەقەت ماگىزىنلا يەردىن كۆتۈرۈلمىگەن، ئىشكلىرىمۇ سولانمىغان ئىدى. چۈنكى بارسومدا كىشلەر ئوغرىلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىكەن. پۈتۈن بارسوملۇقلارنى ئەڭ قورقۇتىدىغان ئىش قەستلەپ ئۆلتۈرۈش بولۇپ، مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلى كېچىسى ياكى خەتەرلىك ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسى يەردىن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ قويۇلىدىكەن .

پۈتو ئاكا ـ ئۇكىلار قانداق قىلسام تۇرالغۇ تاپقىلى ھەم ھۆكۈمەت ئورگان ئىشخانىسىغا يېقىنلاشقىلى بولىدىغانلىقىنى ماڭا ئېنىق ، تەپسىلىي ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. ئۇلار بۇ ئورگانلارنىڭ تەپسىلاتىنى تەييارلاپ بەرگەن بولۇپ مەن بارىدىغان ئورۇن مەركىزىي مەيدانغا بىۋاستە تۇتىشاتتى. بۇ مارستىكى بارلىق شەھەرلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئىكەن.

زودانگانىڭ مەركىزى مەيدانى بىر كۋادرات ئىنگلىز مىلى يەرنى ئىگەنلىگەن بولۇپ خان، ئاقساقاللار ۋە زودانگا كىنەز ئاقسۆڭەكلەرنىڭ خانىلىرى ئۆزئارا قوشنا سېلىنغان ھەم ئاساسلىق قۇرلۇش، قەھۋەخانا ۋە ماگىزىنلار بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىكەن.

مەن مەيداننى كېسىپ ئۆتۈپ ھەيرانلىق ئىچىدە كاتتا ئىمارەتلەر ھەم كەڭ كەتكەن چىملىقتىكى ئۆسۈملۈكلەرنى كۆرۈپ ئىچىمدە ئاپىرىن ئېيتىۋاتقان ۋاقىتتا بىر مارسلىقنىڭ مەن تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ماڭا ئازراقمۇ دىققەت قىلمىدى. ئەمما ئۇ مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتكەندە ئۇنى تونۇپ قالدىم. مەن ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە يېنىك بىرنى ئۇرۇپ چاقىردىم:

— كائول، كانتوس كان

ئۇ چاقماق تېزلىكىدە بۇرۇلۇپ قولۇم چۈشۈپ بولغىچە ئۇزۇن شەمشىرىنى كۆكرىكىمگە تەڭلەپ ئۈلگۈردى.

— سەن كىم؟ — دىدى ئۇ ئاستا. مەن شەمشەردىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئەللىك فوتتەك يىراققا سەكرىگەن چاغدا ئۇ شەمشىرىنى چۈشۈرۈپ دېدى :

— بۇنىڭدىنمۇ ياخشى جاۋاب بولمىسا كېرەك، بارسومدا پەقەت بىرلا ئادەم كاۋچوك توپتەك سەكرىيەلەيدۇ. يىراقتىكى ئاي ئانام ئىسپات بولسۇن،جون كارتېر. سەن قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟ تېرەڭنىڭ رەڭگىنىمۇ قىزىلغا بۇيىۋاپسەن.

— سەن مېنى راستىنلا قورقىتىۋەتتىڭ، دوستۇم، — دېدىم مەن. ئاندىن ۋارخۇندا ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلغاندىن كېيىنكى سەرگۈزەشتەمنى سۆزلەپ بەردىم. سۆزۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دېدى :

— ئەگەر زودانگالىقلار مېنىڭ ئىسمىنى ۋە مەن تۇرىۋاتقان شەھەرنى بىلىپ قالىدىغان بولسا مېنى مەن چەكسىز چوقۇنىدىغان، ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادلىرىم غايىب بولغان كىروس دېڭىزىنىڭ قىرغىقىدا ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان بولاتتى. مەن خىرئان خانى تاردوس مورسنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بۇ يەردە قولغا چۈشۈپ قالغان مەلىكە دېكا تۇررىسنى ئىزلەپ كەلدىم. زودانگا شاھزادىسى سابو سەيىن ئۇنى شەھەر ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرۈپ قاپتۇدەك. ئۇنىڭ دادىسى، زودانگانىڭ خانى سەيىن كوسىس ئۇنىڭ ئۆزى خالاپ ئوغلىغا ياتلىق بولۇشنى ئىككى دۆلەت تىنچلىقىنىڭ شەرتى قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ. ئەمما تاردوس مورس بۇنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇ جاۋاب بېرىپ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ خەلقى مەلىكىنىڭ ئۆلۈمنى كۆرۈشكە رازىكى ھەرگىز مەلىكىنىڭ ئۆزى سۆيمەيدىغان ئادەمگە ياتلىق بولۇشىغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنداقلا ئۆزىنىڭمۇ مۇھاسىرە ئىچىدىكى شەھەر بىلەن بىللە كۆيۈپ كەتسە مەيلىكى سەيىن كوسىس ئائىلىسى بىلەن ھەرگىز قۇدىلاشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. بۇنداق جاۋاب بېرىش ئېنىقكى سەيىن كوسىس ۋە زودانگالىقلارغا قىلىنغان ئەڭ خەتەرلىك تەۋەككۈلچىلىك. ئەمما خەلق شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيىدۇ. بۈگۈنكى خىرئان ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ قۇدرەتلىك.

— مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىمگە ئۈچ كۈن بولدى، — دېدى كانتوس كان داۋاملىق، — ھازىرغىچە دېكا تۇررىسنىڭ قەيەرگە قامالغانلىقىنى بىلەلمىدىم. بۈگۈن مەن زودانگا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ رازۋېدكا ئۇچقۇچىسى بولۇۋالدىم. مەن بۇ خىل ئۇسۇل

بىلەن شاھزادە سابو سەيىننىڭ(دىڭىز ئارمىيىسىنىڭ بۇ قىسمىغا سابو سەيىن قوماندانلىق قىلىدىكەن) ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ دىكا تۇررىسىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىشنى ئۈمىد قىلۋاتىمەن. سىنىڭمۇ كەلگەنلىكىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم، جون كارتېر، مەن سىنىڭ مەلىكىگە بولغان سەمىمىيىتىڭنى بىلىمەن، ئىككىمىز بىرلىكتە تىرىشايلى، چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمىز.

بۇ چاغدا مەيداندا ئالدىراش خىزمەتكە ماڭغان كىشىلەر كۆپەيگىلى تۇردى. ماگىزىنلار تىجارەت باشلىدى، قەھۋەخانىلارمۇ ئەتىگەنلىك مېھمانلار بىلەن لىق تولدى. كانتوس كان مېنى باشلاپ ماشىنا بىلەن كونترول قىلىنىدىغان چىرايلىق بىر مېھمانخانىغا ئەكىردى. بۇ يەردە خام يېمەكلىكنىڭ كىرىپ كېتىشىدىن تارتىپ ھور چىقىپ تۇرغان مەزىلىك يېمەكلىكنىڭ مېھمانلار ئالدىغا كېلىشىگىچە بولغان پۈتكۈل جەرياندا ماشىنا مەشغۇلات قىلىدىكەن. كىچىككىنە بىر ئېلېكتر كۇنۇپكىسىنى بېسىپ قويسىلا بولىدىكەن.

مەن تامىقىمنى يەپ بولغاندىن كېيىن كانتوس كان مېنى باشلاپ بوشلۇقتىن رازۋېدكا قىلىش قىسمىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا باشلاپ كىرىپ باشلىقىغا مېنى تونۇشتۇردى ھەم مېنىمۇ بۇ قىسىمغا قاتناشتۇرۇشنى ئۆتۈندى.  قائىدە بويىچە ئىمتىھان ئېلىنىدىكەن. كانتوس كان ئىمتىھاندىن غەم قىلماسلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئامالى بارلىقىنى ئېيتتى. نەتىجىدە ئۇ ئىمتىھانغا تىزىملىتىش قەغىزىنى كۆتۈرۈپ ئىمتىھان ئالغۇچىنىڭ يېنىغا باردى ھەم جون كارتېر دېگەن ئىسىم بىلەن تىزىمغا ئالدۇردى.

— بۇ ئويۇن كېيىن ھامان باشقىلار تەرىپىدىن سىزىلىپ قالىدۇ، — دىدى ئۇ كۈلۈپ، — ئۇلار پەقەت مېنىڭ ئېغىرلىقىمنى، بەدەن قۇرۇلۇشمنى ۋە بەدىنىمدىكى باشقا ئەھۋاللارنى تەكشۈرىدۇ، ئەمما ئۇ نەچچە ئايدىن كېيىنكى ئىش، ئۇ چاغدا بىزنىڭ ۋەزىپىمىزنىڭ نەتىجىسى قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئالىقاچان ئاخىرلاشقان بولىدۇ.

كېيىنكى بىرنەچچە كۈندە كانتوس كان ماڭا مۇرەككەپ ئۇچۇش ماھارىتىنى ۋە ئۇچۇش قوراللىرىنى قانداق رېمونت قىلىشنى ئۆگەتتى. يەككە كىشىلىك ئايروپىلاننىڭ

ئۈزۈنلۈقى تەخمىنەن ئاتمىش فوت ئۈزۈنلۈقتا، يىگىرمە فوت كەڭلىكتە بولۇپ قىپقى ئىككى سۇك قىلىنىلىقتا، ئىككى بېشى ئۇچلۇق ئىدى. ئايروپىلاننىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدە ئۇچقۇچى ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇق ئورنىتىلغان ئىكەن. ئورۇندۇقنىڭ ئاستىدا ئايروپىلاننى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئەپلىك، ئاۋازسىز رادىي ماتورى ئورنىتىلغان ئىكەن. ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئايروپىلان گەۋدىسىنىڭ نېپىز مېتال دىۋارى ئىچىدە يەتكۈزۈلدىكەن. ئۇ بارسومدىكى سەككىزىنچى نۇر ياكى ئۇنىڭ رولى بويىچە ئېيتقاندا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ نۇر دەپ ئاتاشقا بولىدىكەن. توققۇزىنچى نۇر دەستىسىگە ئوخشاش بۇ نۇرنىمۇ يەر شارىدىكى ئىنسانلار تېخى بىلمەيتتى. ئەمما مارسلىقلار قۇياشنىڭ سەككىزىنچى نۇرى قۇياش يورۇقلۇقىنى ھەرقايسى پلانتلارغا يەتكۈزىدىغانلىقىنى ھەم ھەرقايسى پلانتلارنىڭ سەككىزىنچى نۇرى ئېرىشكەن يورۇقلۇقنى ئەكسىگە قايتۇرىدىغانلىقىنى ياكى بوشلۇققا قايتا قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىكەن. قۇياشنىڭ سەككىزىنچى نۇرى بارسومنىڭ سىرتقى قاتلىمى تەرىپىدىن سۈمۈرۈلدىكەن. لېكىن بارسومنىڭ سەككىزىنچى نۇرى(بۇ سەككىزىنچى نۇر يورۇقلىقنى مارستىن بوشلۇققا يەتكۈزىدۇ) بۇ پلانتتىن ئۈزۈلمەي ئېتىلىپ چىقىپ ھاسىل قىلغان كۈچ ـ قۇدرەت ئېغىرلىق كۈچىنى يېڭىشكە يېتىدىكەن. ئەگەر ئۇنى كونترول قىلغاندا يەر يۈزىدىن خېلى ئېغىر نەرسىنىمۇ كۆتۈرگىلى بولىدىكەن. دەل مۇشۇنداق نۇر دەستىسى ئۇلارنى مۇكەممەل ئۇچۇش ئىقتىدارى بىلەن تەمىن ئەتكەن بولۇپ يەر شارىدىكىلەر بىلىدىغان ئەڭ ئېغىر نەرسىدىنمۇ ئېغىر ھەربىي ئۇچار كېمىلەر بارسوم ئاسمىنىنىڭ شالاڭ ئاتموسفېراسىدا خۇددى يەر شارىنىڭ قويۇق ئاتموسفېراسىدا ئۇچۇپ يۈرگەن ئويۇنچۇق شاردەك بىمالال ئۇچۇپ يۈرەلەيدىكەن.

ئەڭ دەسلەپ بۇ نۇر دەستىسى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان مەزگىللەردە مارسلىقلار بۇ قۇدرەتلىك كۈچنى ھېسابلاش ۋە كونترول قىلىشنى ئىگەنلەشتىن بۇرۇن نۇرغۇن قىزىقارلىق ئىشلار بولۇپ ئۆتۈپتۇ. تەخمىنەن توققۇز يۈز يىل ئىلگىرى سەككىزىنچى نۇرنى ئېنىبرگىيە مەنبەسى قىلغان تۇنجى ھەربىي كېمە بارلىققا كەلگەندە نۇر دەستىسى زىيادە

ئىشلىتىلگەنلىكتىن ئۇ بەش يۈز نەپەر ئەسكەرنى ئېلىپ خىرئاندىن ئالەم بوشلۇقىغا چىقىپ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمەپتۇ ھەم مارىستىن ئون مىڭ ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى مارسنى مەڭگۈ ئايلىنىپ تۇرىدىغان كىچىك ھەمراھقا ئايلىنىپ قاپتۇ.

زودانگاغا بېرىپ تۆتىنچى كۈنى مەن تۇنجى قېتىم ئۇچتۇم. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئەتىۋارلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم ھەم سەيىن كوسسىنىڭ ھۇزۇرىدىن تۇرالغۇغا ئېرىشتىم:

مەن شەھەر بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن كانتوس كاندەك نەچچە قېتىم ئايلىنىپ ئاندىن ماتورنى ئەڭ يۇقىرى سۈرەتكە تەڭشەپ زودانگانىڭ بىر چوڭ سۇ يولىغا كىردىم ھەم جەنۇپقا قاراپ پۈتۈن سۈرئەت بىلەن ئۇچتۇم. شۇنداق قىلىپ بىر سائەتتەك ۋاقىتتا تەخمىنەن ئىككى يۈز مىل ئۇچتۇم. بۇ چاغدا مەن پەستىكى يىراق بىر جايدا ئۈچ يېشىل تەنلىك رىتسارنىڭ تام بىلەن قورشالغان ئېتىزلىقتا قاراپ يۈگۈرۈۋاتقان بىر پاكارغا قاراپ چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. مەن ئايروپىلاننى بۇراپلا ئۇلارغا قاراپ ئۇچۇپ كەلدىم. يېشىل تەنلىكلەرنىڭ كەينىدىن يېتىپ بېرىپلا ئۇلارنىڭ قوغلاۋاتقىنى مەن تۇرىۋاتقان بوشلۇقتىن رازۋېدكا قىلىش قىسمىنىڭ فورمىسىنى كىيگەن قىزىل تەنلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆردۈم. ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئۇنىڭ ئايروپىلانى توختاقلىق ئىدى. ئايروپىلاننىڭ يېنىدىكى سايمانلاردىن ئۇنىڭ يېشىللار تەرىپىدىن بايقالغاندا ئايروپىلان رېمونت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىش تەس ئەمەس ئىدى.

يېشىل تەنلىكلەر ئۇنىڭغا يېتىشىۋالاي دەپ قالغان بولۇپ قولىدىكى قوپال مېتال باشلىق نەيزىسىنى ئالدىدىكى ئادەمگە قارىتىپ ئاتماقچى بولۇۋاتاتتى. مەن ئايروپىلان بىلەن تېز سۈرئەتتە ئۇچۇپ بېرىپ يېشىل تەنلىكلەرگە يېتىشىۋالدىم ۋە سۈرئىتىمنى ئاستىلاتماستىن ئايروپىلان بېشى بىلەن بىر رىتسارنىڭ مۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوقتۇم. قاتتىق سوقۇلۇشتىن ئۇ ئەبلەخنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولۇپ گەۋدىسى يەرگە گۈپ قىلىپ يىقىلدى. قالغان ئىككى ئات چۆچىگىنىدىن بېشىنى بۇراپلا بەدەر تىكىۋېتىشتى. مەن سۈرئەتنى ئاستىلىتىپ بىرنەچچىنى ئايلىنىپ قورققىنىدىن ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن زودانگالىقنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ئۇ مېنىڭ دەل ۋاقتىدا كېلىپ قۇتقۇلدۇرۇۋالغىنىمغا رەھمەت

ئىبىتتى ھەم كۆرسەتكەن خىزمىتىم ئۈچۈن مۇكاپاتلىنىدىغانلىقىمغا كاپالەت بەردى. مەن قۇتۇلدۇرۇۋالغان ئادەم دەل زودانگا خانىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ئىكەن. بىز ئارتۇق سۆزلەشمىدۇق. چۈنكى قالغان ئىككى يېشىل تەنلىك رىتسار ئۇركۇپ كەتكەن ئاتلىرىنى قايتىدىن كونترول قىلىپلا قوغلاپ كېلىدىغانلىقى ئايان ئىدى. بىز دەرھال بۇزۇلۇپ قالغان ئايروپىلانىنىڭ يېنىغا كېلىپ بىرلىكتە پۈتۈن زېھنىمىز بىلەن رېمونت قىلىشقا باشلىدۇق. ئايروپىلانىنى رېمونت قىلىپ بولاي دېگەندە ھېلقى ئىككى رىتسارنىڭ قارىشى تەرەپتىن ئۇچقاندەك چېپىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ئۇلار بىزگە يېقىنلاپ يۈز يارد ئارلىق قالغاندا يەنە ئاتلىرىنى كونترول قىلىشقا ئامالسىز قالدى. ئاتلار ئۆلسىمۇ ئۆزلىرىنى قورقۇتۇۋەتكەن ئايروپىلانىنىڭ يېنىغا بىر قەدەممۇ يېقىنلاشنى خالىمىسا كېرەك. رىتسارلار ئاخىرى ئاتتىن چۈشۈپ ئاتلىرىنىڭ پۈتىنى چۈشەپ قويۇپ شەمشىرىنى چىقىرىپ بىزگە قاراپ كەلدى. مەن بىرىپ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئېگىزرەك بىرىگە تاقابىل تۇرماقچى بولدۇم ھەم زودانگالىقنى يەنە بىرىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئۇقتۇردۇم. مەن ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا رەقىبىمنى جايلىۋەتتىم. يېشىل تەنلىكلەرگە قانداق زەربە بېرىش ماھارىتىگە مەن ئاللىقاچان پىششىپ كەتكەنىدىم. قايتىپ بىرىپ يېڭى تونۇشۇمنىڭ خەتەر ئىچىدە قالغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ يارىلىنىپ يەرگە يىقىلغان بولۇپ دۈشمەن يوغان تاپىنى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى دەسسەپ قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولۇپ تۇرىۋاتقان ئىدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە مەن بىر سەكرەپلا ئوتتۇرىمىزدىكى ئەللىك فوت ئارلىقنى بىراقلا بېسىپ بىرىپ ئاللىقاچان قىنىدىن سۇغۇرۇۋالغان شەمشىرىمنى رىتسارنىڭ گەۋدىسىگە زەرپ بىلەن سانجىدىم. ئۇنىڭ قىلىچى يەرگە چۈشۈپ ئۆزى يېڭى تونۇشۇمنىڭ ئۈستىگە يىقىلدى.

مەن بىرەر قۇر تەكشۈرۈپ ئۇنىڭ يارىسىنىڭ ئېغىر ئەمەسلىكىنى بىلدىم. ئۇ سەل ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۆزى ئايروپىلانىنى ھەيدەپ قايتالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ پەقەت ئۆز ئايروپىلانىنىلا ھەيدەپ قايتالايتتى. چۈنكى يېنىك تىپتىكى ئايروپىلان بىرمۇ ئادەمنى ئارتۇق كۆتۈرەلمەيتتى. بىز ئايروپىلانىنىڭ قالغان قىسمىنى ناھايىتى چاققانلىق

بىلەن رېمونت قىلىپ بولغاندىن كېيىن تېز سۈرئەتتە زودانگاغا قايتتۇق. ھېچقانداق ئاۋارىچىلىقتا ئۇچرىمىدۇق.

بىز شەھەرگە يېقىنلاشقاندىن كېيىن شەھەر ئالدىدىكى چىملىقتا نۇرغۇن ئاما ۋە ھەربىي قىسىمدىن تەركىب تاپقان زور قوشۇننىڭ يىغىلغانلىقىنى كۆردۇق. دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئايروپىلانلىرى ، شەخسلەرنىڭ ۋە ئاممىۋى ساياھەت ئايروپىلانلىرى ئۇزۇن كۈلرەڭ بەلۋاغ ھاسىل قىلغان بولۇپ رەڭگى ـ تۈرلۈك بايراقلار ئاسماننى توساپ تۇراتتى.

ھەمراھىم ماڭا سۈرئەتنى ئاستىلىتىشنى ئېيتتى. ئۇ ئايروپىلاننى ھەيدەپ ماڭا يانداش ئۇچتى ھەم يېقىن ئەتراپقا بېرىپ بۇ مۇراسىمنى كۆرۈپ بېقىش تەكلىپىنى بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە بۇ پائالىيەت ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ شەخسى باتۇرلۇقى ۋە باشقا جەھەتتىكى كۆرۈنەرلىك تۆھپىسى ئۈچۈن بىلدۈرۈلگەن تەقدىرلەش مۇراسىمى ئىكەن. ئارقىدىن ئۇ بۇ ئايروپىلاننىڭ زودانگاغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان كىچىك بايراقنى چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن بىز بىرلىكتە تۆۋەن بوشلۇقتا ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلان توپىدىن ئۆتۈپ زودانگا خانى ۋە ئۇنىڭ شتاپ باشلىقلىرىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ توختىدۇق. ھەممە ئادەم قىزىل تەنلىكلەر كۆندۈرگەن بايتال ئاتلارنى مىنىۋالغان بولۇپ، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئۈستى ـ بېشىدا رەڭلىك قۇش پەيلىرى بار ئىكەن. مەن شۇ ھامان بۇ يەرگە يىغىلغان كىشلەرنىڭ يەر شارىدىكى قىزىل ئىندىئانلارنىڭ بىر توپ ئۇسۇل ئەترىتىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

بىر شتاپ باشلىقى سەيىن كوسىسقا ئىشرەت قىلىپ مېنىڭ ھەمراھىمنىڭ باش ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ھۆكۈمران تارتقۇچنى تارتىپ ئۇنى چاقىردى. ئىككىسى نامايىش ئەترىتى خاننىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇنغا كېلىشنى ساقلىغاچ ئالدىراش سۆزلىشىپ كەتتى. خان ۋە ئۇنىڭ شتاپ باشلىقلىرى ماڭا لەپپىدە قاراپ قويۇشتى. مەن ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكىنىنى ئاڭلىيالمىدىم. كەينىدىنلا ئۇلار سۆھبىتىنى توختاتتى. چۈنكى بۇ چاغدا قوشۇندىكى ھەممە ئادەم ھارۋىغا ئولتۇرۇپ خان ئۇدۇلىدىكى ئورۇنغا

كېلىپ بولغان ئىدى.

شتاب باشلىقىدىن بىرى قوشۇنغا يېقىنلاپ بىر ئەسكەرنىڭ نامىنى چاقىردى ھەم ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشىغا بۇيرۇق قىلدى. ئاندىن بۇ ئوفىتسېرنىڭ خان ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولغان باتۇرانە ئىش ـ ئىزلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلدى. خان ئالدىغا چىقىپ بىر دانە مېتال ئوردېنىنى شەرەپكە ئېرىشكەن ئەسكەرگە تاقاپ قويدى. كەينىدىن ئون نەپەر ئوفىتسېرنىڭ نامى چاقىرىلىپ ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئوردېن بېرىلدى.

— جون كارتېر، بوشلۇقتىن رازۋېدكا قىلىش قىسمىنىڭ ئەزاسى.

مەن ئۆمرۈمدە بۇنچىلىك چۆچىمىگەن ئىدىم. ئەمما ھەربىي بۇيرۇققا قەتئىي بويسۇنۇش ئىرادەم بىلەن مەن ئايروپىلاننى يەرگە يېنىك قوندۇرۇپ باشقىلارغا ئوخشاش ئالدىغا چىقتىم ھەم ھىلقى ئوفىتسېرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قەدىمىمنى توختاتتىم. ئۇنىڭ مېنى چاقىرغا ئاۋازىنى مەيداندىكى يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئاڭلىيالايتتى.

— جون كارتېر، — دېدى ئۇ، — سېنىڭ خانىمىز سەيىن كوسسىنىڭ نەۋرە ئىنىسىنى قوغداش ھەم ئۆزۈڭ يالغۇز ئىككى يېشىل تەنلىكنى يوقاتقانلىقىڭدەك ئادەتتىن تاشقىرى باتۇرلىقىڭنى تەقدىرلەش ئۈچۈن خانىمىز ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىغا سىمۋول قىلىنغان نەرسىنى ساڭا خۇشاللىق بىلەن تەقدىم قىلىدۇ .

ئارقىدىن سەيىن كوسىس مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ ئوردېنىنى تاقاپ قويدى ۋە:

— نەۋرە ئىنىم ماڭا سېنىڭ قانداق قىلىپ ۋەزىپىنى ئىنتايىن ياخشى ئورۇندىغانلىقىڭنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى، بۇ ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە . سەن خانىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسىنى مۇشۇنداق ياخشى مۇھاپىزەت قىلالىغان بولساڭ ئۇنداقتا خانىنىڭ ئۆزىنى تېخىمۇ ياخشى مۇھاپىزەت قىلالايسەن، — دېدى ۋە ئۇلاپلا، — شۇڭا سەن مېنىڭ مۇھاپىزەت ئەترىتىمنىڭ قاراۋۇللىقىغا تەيىنلەندىڭ. بۈگۈندىن باشلاپ خان ئوردىسىدا خىزمەت قىلىسەن، — دېدى.

مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىم ھەم ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە شتاب باشلىقلىرىنىڭ ئارىسىغا بېرىپ قىستىلدىم. مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەن ئايروپىلاننى بوشلۇقتىن

رازۋېدكا قىلىش قىسىم گازارمىسىنىڭ ئۈستىدىكى ئورنىغا ئاپىرىپ توختىتىپ قويدۇم.
خان سارىيىدىن بىر ئەسكەر مېنىڭ خان سارىيىنىڭ خوجۇلۇق بۆلىمىگە بېرىپ ئۆزۈمنى
مەلۇم قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى يەتكۈزدى.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

# دېكا تۇررېس بىلەن قايتا ئۇچرىشىش

ئوردا غوجىدارى بۇيرۇق بويىچە مېنى خانغا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان جايغا ئورۇنلاشتۇردى. خان جەڭ ۋاقتىدا ئىنتايىن زور قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈش خەۋپى ئىچىدە تۇرىدىكەن. چۈنكى ئۇرۇشتا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش پرىنسىپى مارستىكى بارلىق زىددىيەتلىك ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئايلانغان ئىدى. ئۇ ماڭا ھەمراھ بولۇپ سەيىن كوسىس تۇرغان ئىچكىرىدىكى خانىغا قاراپ ماڭدى. خان ئوغلى سابۇ سەيىن ۋە بىرنەچچە يېقىن ۋەزىرلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقان بولۇپ مېنىڭ كىرگىنىمگە دىققەت قىلمىدى.

ماڭا يول باشلىغۇچى ياندىكى بىر گىلەمنى قايرىپ ئاسما گىلەم بىلەن ئۆيىنىڭ تېمى ئارىلىقىدىكى ئايلىنىپ تۇرىدىغان بىر يولنى كۆرسەتتى. ئۇ ماڭا سەيىن كوسىس مۇشۇ ئۆيدە بار بولسىلا مۇشۇ يولنى ساقلايدىغانلىقىمنى ئېيتتى. خان ئايرىلغان ۋاقىتتا مەن خانغا ئەگىشىپ ماڭىدىكەنمەن. مېنىڭ بىردىن بىر ۋەزىپەم خاننىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش بولۇپ، خاننىڭ يېنىغا قالايمىقان ئادەمنىڭ كىرىپ كېتىشىنى تۇسۇشۇم ھەم شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمكان قەدەر باشقىلار تەرىپىدىن سېزىلمەسلىكىم شەرت ئىكەن. ئۇ

توْت سائەتتىن كېيىن بىرى مەن بىلەن ئالمىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بولۇپ كېتىپ قالدى.

ئاسما گىلەمنىڭ ئالاھىدە توقۇلۇش ئۇسۇلىدىن ئۇنىڭغا ياندىن قارىغاندا قېلىن، چىدامىلىق نەرسىدەك كۆرۈنەتتى. ئەمما گىلەمنىڭ كەينىدىن يەنى مەن يوشۇرۇنۇپ تۇرىۋاتقان جايدىن ئۆيدىكى بولۇۋاتقان ھەممە ئىشنى ئوپئوچۇق كۆرگىلى بولىدىكەن. مەن ئەمدىلا مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىشنى باشلىشىمغا ئۆيىنىڭ قارىشى تەرىپىدىكى بىر گىلەم قايرىلىپ توْت نەپەر مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ قاراۋۇللىرى بىر ئايالنى قوغدىغان ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇلار سەيىن كوسسقا يېقىنلاشقاندىن كېيىن ئىككى تەرەپكە چېكىندى. خانىنىڭ ئالدىدا، مېنىڭدىن ئون فوت يىراقلىقتىكى ئارلىقتا چىرايىدىن تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ دېكا تۇررىس تۇراتتى.

زودانگا شاھزادىسى سابو سەيىن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قارىشى ئالدى ھەم ئىككىسى قول تۇتۇشقان ھالدا خانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. سەيىن كوسس چۆچىگەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ قويدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈردى.

— قانداق ئىش خىرئان مەلىكىسىنى قېشىمغا باشلاپ كەلدىڭىز؟ مەلىكە ئىككى كۈن ئاۋۋال مېنىڭ تەكلىپىمگە قارىشى چىقىپ ساكلارنىڭ خانى تەل خاجاس بىلەن توي قىلسام قىلىمەنكى سېنىڭ ئوغلۇڭغا تەگمەيمەن دېگەن ئەمەسمىدىڭىز؟ — دېدى.

دېكا تۇررىس قاتتىق كۈلۈپ كەتتى، ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە شوخ زىناق پەيدا بولدى.

— بارسومدا، قارارىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىش ئەزەلدىن ئاياللارنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەم ئەڭ چوڭ ھوقۇقى بولۇپ كەلگەن. ئاياللار دائىم ھېسسىياتقا مۇناسىۋەتلىك ئىشتا ھەقىقى ماھىيىتىنى يوشۇرىدۇ . سەن خۇددى ئوغلىڭنى ئەپۇ قىلغاندەك مېنىمۇ ئەپۇ قىلالايسەن. ئىككى كۈن ئىلگىرى مەن ئوغلىنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىدىن گۇمانلىنىپ كەلگەن ئىدىم. ئەمدى مەن ئۇنىڭغا ئىشەندىم. سېنىڭ

ئىككى كۈن ئىلگىرىكى سۆزلىرىمنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭنى سورايمەن. خىرىئان مەلىكىسى شۇنداق كاپالەت بېرىدىكى، ۋاقىت توشقان ھامان ئۇ زودانگا شاھزادىسى سابو سەيىن بىلەن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ.

— مەن سىزنىڭ بۇنداق قارار چىقارغانلىقىڭىزدىن ئىنتايىن خۇشال، — دېدى سەيىن كوسىس، — خىرىئانغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلىش ھەرگىز مېنىڭ ئارزۇيۇم ئەمەس، سىزنىڭ ۋەدىڭىز ئارخىپقا ئېلىنىدۇ. مەن خەلققە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلىمەن.

— سەيىن كوسىس، — دېدى دېكا تۇررىس ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ، — ئەڭ ياخشىسى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلغىن. ئەگەر ئۇرۇش مەزگىلىدە بولسا خىرىئان مەلىكىسى ئۆز دۆلىتىنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ سېنىڭ ۋە مېنىڭ خەلقىمگە نىسبەتەن ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟

— ئۇرۇشنى ھازىرلا ئاخىرلاشتۇرغىلى بولماسمۇ؟ — دېدى سابو سەيىن.

— پەقەت سەيىن كوسىسنىڭ بىر ئېغىز گېپىلا تىنچلىق ئېلىپ كېلىدۇ ، — دېدى ئەتراپتىكىلەردىن بىرى.

— بۇ سۆزنى ئېيتقىن دادا، مېنىڭ بەختلىك مىنۇتلىرىمنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغان بۇ گەپنى قىلىپ قارىشى ئېلىنمايدىغان بۇنداق ماجىرانى ئاخىرلاشتۇرغىن.

— مەن ئويلىنىپ باقاي، — دېدى سەيىن كوسىس، — خىرىئانلىقلار تىنچلىقنى قانداق تاللايدىكىن. مەن ھېچ بولمىغاندا ئۇلارغا بىر قېتىم پۇرسەت بېرىمەن.

دېكا تۇررىس بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلغاندىن كېيىن بۇرۇلۇپ ئۆيدىن ئايرىلدى. مۇھاپىزەتچىلەر ئاۋۋالقىدەكلا ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ چىقىپ كەتتى.

مېنىڭ ئاددىي ئەمما بەختلىك شېرىن چۈشۈم مانا مۇشۇنداق رېئاللىق ئالدىدا بەربات بولدى. مەن بەرگەن قۇربانلىقلىرىم ئۇچۇن ئۆكۈنمەيمەن، ئەمما نەچچە ئاي ئىلگىرىلا مېنى سۆيىدىغانلىقىنى ئېيتقان قىز مانا مۇشۇنداقلا مېنى ئۇنتۇپ خۇشاللىق بىلەن ئۆز خەلقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، زودانگا خاقانى سەيىن كوسىسنىڭ ئوغلىغا

ياتلىق بولماقچى بولۇۋاتاتتى.

بۇ گەپلەرنى ئۆز قۇلقۇم بىلەن ئاڭلىغان بولساممۇ يەنىلا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. مەن تۇررېس تۇرىۋاتقان يەرنى تېپىپ بۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈشنىنى تەلەپ قىلىش قارارىغا كەلدىم. شۇنىدىلا بۇ ئىشقا ئىشىنەتتىم. شۇڭا ئۆز ئورنۇمدىن ئايرىلىپ ئاسما گىلەمنىڭ كەينىدىكى يولدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ تۇررېس چىقىپ كەتكەن ئىشىككە قاراپ ماڭدىم. مەن ئىشىكنى ئېچىپ تەرەپ ـ تەرەپكە ئاچىلىنىپ تۇتىشىپ كەتكەن ئەگرى ـ بۈگرى بىر كارىدورغا چىقىپ قالدىم. مەن تېزلىكتە بۆلارنىڭ ئىچىدىكى بىر كارىدورغا، ئاندىن يەنە بىرسىگە كىردىم. ئۇزاق ئۆتمەي يولدىن پۈتۈنلەي ئاداشتىم. مەن تامغا يۆلىنىپ دىممىنى ئېلىۋاتقاندا يېقىنلا يەردە بىرىنىڭ گەپ قىلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ ئاۋاز مەن يۆلەنگەن تامنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن كېلىۋاتاتتى. زەڭ سېلىپ ئاڭلاپلا تۇررېسنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇنىڭ نېمە داۋاتقانلىقىنى بىلەلمىسەممۇ ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكى ھەرگىز خاتا ئەمەس ئىدى. نەچچە قەدەم مېڭىپلا ئالدىمدىكى كارىدورنىڭ بېشىدا يەنە بىر ئىشىك بارلىقىنى كۆردۈم. مەن ھېچنېمىدىن قورقمايلا ئالدىغا مېڭىپ ئىشىكنى ئىتتىرىپ كىردىم. بۇ كىچىككىنە بىر ئۆي بولۇپ بۇ يەرنى بايىقى تۆت نەپەر قاراۋۇل ساقلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى دەرھال ئالدىمغا كېلىپ نېمە ئىش بارلىقىنى سورىدى.

— مېنى سەيىن كوسىس ئەۋەتتى،— دىدىم جاۋاب بېرىپ، — مەن خىرئاننىڭ مەلىكىسى دېكا تۇررېس بىلەن ئايرىم سۆزلىشىپ باقماقچى.

— ئەمىسە پارولنى ئېيت، — دىدى بۇ ئەبلەخ يەنە.

مەن ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىدىم. ئۆزۈمنىڭ بىر مۇھاپىزەتچى ئەسكەر ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا چوڭ قەدەم تاشلاپ ئۇدۇلىدىكى ئىشىككە قاراپ ماڭدىم. ئىچكىرىدىن دېكا تۇررېسنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەمما ئىچىگە كىرىشىم ئۇنچىلىك ئاسانغا توختىمىدى. قاراۋۇل ئالدىمغا كېلىپ توسىدى ۋە :

— سەيىن كوسىس ئەۋەتكەن ئادەمنىڭ پارولى بار ياكى يول يورۇقىدە رۇخسەت

قىلغانلىق ئىجازەتنامىسى بار. ئەگەر ئۆتمەكچى بولساڭ چوقۇم بىر پارولنى ئېيت، — دىدى.

— مەن كىرمەكچى بولغان ھەرقانداق يەرگە كىرەلەيدىغان بىردىن ـ بىر پارول ئاغىنە، مېنىڭ يېنىمدا ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ، — دىدىم مەن قولۇم بىلەن شەمشىرىمنىڭ سېپىغا ئۇرۇپ، — سەن مېنى ياخشىلىقچە كىرگۈزەمسەن ياكى؟

ئۇ جاۋاب ئورنىغا قىلىچىنى سۇغۇرۇپ باشقا قاراۋۇللارنىمۇ چاقىردى. قالغانلىرىمۇ شەمشەرلىرىنى يالىڭاچلاپ تەڭلا يولۇمنى توسىدى.

— سەن سەيىن كوسىس ئەۋەتكەن ئادەم ئەمەس، — دەپ ۋارقىرىدى باشتىكىسى، — سەن ئىچىگە كىرەلمەيلا قالماستىن يەنە بۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈشۈڭ ئۈچۈن سېنى سەيىن كوسىسنىڭ يېنىغا ئاپىرىمىز. ئەڭ ياخشىسى قورالىڭنى يىغىشتۇر، سەن بىز تۆت ئادەمگە تەڭ كېلەلمەيسەن ، — دىدى ئۇ سوغۇق كۈلۈپ.

مېنىڭ ئەمدىكى جاۋابىم شۇ بولدىكى، بىرلا قىلىچ ئۇرۇپ بۇ ئەبلەخنى جەھەننەمگە يولغا سىلىۋەتتىم. ھازىر ئالدىمدا ئۈچ رەقىب قالدى. بۇ ئۈچىسىگە شەمشىرىم بىلەن تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتەتتى. ئۇلار دەرھال باستۇرۇپ قىلىپ ماڭا ھۇجۇم قىلدى. مەن ئاستا ـ ئاستا تامنىڭ بىر بۇلۇڭىغا چېكىندىم. بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قېتىمدا پەقەت بىرىلا ھۇجۇم قىلالايتتى. بىز مۇشۇنداق يىگىرمە نەچچە مىنۇت تىركەشتۇق. قىلىچنىڭ ئۇرۇلغان ئاۋازىدىن ئۆي لەرزىگە كەلدى. دېكا تۇررېس سىرتتىكى ئاۋازلارنى ئاڭلاپ ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ شۇ يەردە سولا بىلەن بىللە بۇ قېتىمقى ئېلىشىشنى باشتىن ـ ئاخىر كۆردى. چىرايى سولغۇن بولۇپ تەۋرەپمۇ قويمايتتى. بەدىنىم قىزىل رەڭدە بويالغان بولغاچقا ئۇلار ئىككىسىلا مېنى تونىيالمىدى.

ئاخىرى مەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىككىنچى قاراۋۇلنى جايلىۋەتتىم. ئەمدى ئىككىسى قالغان بولۇپ مەن تاكتىكامنى ئۆزگەرتىپ، بۇرۇن مېنى كۆپ قېتىم غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن ئۇسۇل بويىچە تېز سۈرئەتتە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارغا پۇرسەت بەرمىدىم.

ئۇچىنچىسى ئىككىنچىسىدىن كېيىن ئون سېكۇنتقا بارمايلا يەر چىشلىدى. ئاخىرقى بىرىمۇ قان ئىچىگە يېقىلىپ ئۆلدى. ئۇلارنىڭ ماھارىتى خېلىلا ئۇستۇن بولۇپ مۇنەۋۋەر ئەزىمەتلەردىن ئىكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىدىن سەل ئەپسۇسلاندىم. ئەمما، ئۇلار مېنىڭ ئۆتەر يولۇمنى يولسىزلىق بىلەن توسۇپ تۇرۇۋالدى ـ دە. شۇڭا ئامالسىزلىقتىن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاشقا مەجبۇر بولدۇم. ئەگەر مۇشۇنداق قىلغاندىلا دېكا تۇررېسنىڭ يېنىغا بارغىلى بولسا مەن پۈتكۈل بارسوملۇقلارنى قىرىپ تاشلىغان بولاتتىم.

مەن قان يوقى شەمشىرىمنى قېنىغا سالغاندىن كېيىن مارس مەلىكىسىگە قاراپ ماڭدىم. ئۇ ئۆز ئورنىدا جىمجىت قاراپ تۇراتتى. ماڭا قارىشىدىن مېنى قىلچىلىكمۇ تونىمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— سەن كىم؟ زودانگالىقمۇ؟ — دېدى ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا، — يەنە بىر دۈشمەن مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلدىمۇ؟

— مەن دوستىڭىز، — دېدىم مەن، — ئىلگىرى سىز ئىنتايىن قەدىرلىگەن دوستىڭىز.

— خېلىئان مەلىكىسىنىڭ مۇنداق مېتال كىيىم كىيگەن بىرىمۇ دوستى يوق، — دېدى ئۇ، — ئەمما بۇ ئاۋازنى مەن ئىلگىرى ئاڭلىغاندەك قىلىمەن. بۇ ئەمەس، بۇ ...بۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئالىقاچان ئۆلگەن.

— ئەمما، مەلىكەم، مەن دەل شۇ جون كارتېرنىڭ ئۆزى بولىمەن، — دېدىم مەن، — سىز مېنى تونىيالمىدىڭىزمۇ؟ ئۇ پەقەت رەڭ بىلەن بويالغان، ئۈچىسىغا مېتال كىيىم كىيگەن ئادەم.

مەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندا ئۇ قولىنى چىقىرىپ كەينىگە چېكىندى. مەن ئۇنى قۇچاقلىغان ۋاقتىمدا تولغۇنۇپ ئازابلانغىنىدىن قورۇلۇپ كەتتى.

— كېچىكتۈق، بەك كېچىكتۇق، — دېدى ئۇ زەئىپ ئاۋازدا، — مېنىڭ خوجايىنىم، مەن سىزنى ئۆلدى دەپ ئويلاپتىمەن. ئازراق بالدۇر كەلگەن بولسىڭىز... ئەمما ھازىر بەك كېچىكتۇق.

— نىمە دەۋاتىسىز دېكا تۇررېس ؟ — دېدىم مەن ۋارقىراپ ، — ئەگەر مېنىڭ ھايات ئىكەنلىكىمنى بىلگەن بولسىڭىز زودانگا شاھزادىسىگە ئۆيلىنىشكە قوشۇلمىغان بولاتتىڭىزمۇ؟

— جون كارتېر، ئويلاپ بېقىڭ، مەن تۇنۇگۇن سىزنى چىن قەلبىمدىن سۆيۈپ بوپگۈن يەنە باشقا بىر ئەرنى سۆيەمدىم؟ مېنىڭ قەلبىم، مۇھەببىتىم سىز بىلەن بىللە كۆلگە ئايلىنىپ بىرلىكتە ۋارخۇن تۇپرىقىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. شۇڭا بۈگۈن خەلقىمنى زودانگالىقلارنىڭ قورشاۋىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جىسمىمنى باشقا بىرىگە بېرىش قارارىغا كەلدىم.

— ئەمما مەن ھايات مەلىكەم. مەن سىزگە ئېرىشىش ئۈچۈن كەلدىم. بارلىق زودانگالىقلارمۇ مېنى توسۇپ قالالمايدۇ. مەن سىزنى كۆپ ئىزلىدىم، سىز ئۈچۈنلا ھازىرغىچە باتۇرلۇق بىلەن ياشاپ كېلىۋاتىمەن.

— كېچىكتۇق، جون كارتېر. مەن ئالىقاچان ۋەدە بەردىم. بارسومدا بۇ ئىشنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. كېيىنچە ئۆتكۈزۈلىدىغان توي مۇراسىمى پەقەت بىر شەكىل. مەن ھازىر توي قىلغان بىلەن ئوخشاش، جون. سىز مېنى يەنە مەلىكەم دەپ ئاتىيالمايسىز، شۇنداقلا سىز ئەمدى خوجايىنىممۇ ئەمەس.

— مەن سىلەر بارسوملۇقلارنىڭ ئادىتىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيمەن، دېكا تۇررېس. ئەمما ئۆزۈمنىڭ سىزنى سۆيىدىغانلىقىنى بىلىمەن. ۋارخۇنلۇقلار بىزگە باستۇرۇپ كەلگەندە سىز ماڭا دېگەن ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرىڭىز چىن يۈرىكىڭىزدىن ئېيتىلغان بولسا ھېچكىم سىزنى باشقىلارنىڭ مەھبۇبىسى بولۇشقا زورلاش ھوقۇقى يوق. شۇ ۋاقىتتا دېگەنلىرىڭىز چىن كۆڭلىڭىزدىن ئېيتىلغان، ئۇلار راست سۆزلەر، سىز تېخى قارارىڭىزنى ئۆزگەرتكىنىڭىز يوق. ماڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسى راست دەڭ.

— شۇ ۋاقىتتا دېگەنلىرىم ھەقىقى گەپلەر، جون، — دېدى ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا، — ئەمما مەن ھازىر ئۇ گەپلەرنى قايتىدىن دېيەلمەيمەن. چۈنكى مەن ئالىقاچان باشقىلارغا رازىلىق بېرىپ بولدۇم. ئەگەر سىز بىزنىڭ ئۆرۈپ ـ ئادىتىمىزنى بۇرۇناراق

بىلگەن بولىسىز، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماڭا ئېرىشىشنى تەلەپ قىلىسىز، مەن خىرىئاننىڭ ۋەيران بولۇشىنى بىلسەممۇ ساكلىق خوجايىنىم ئۈچۈن دۆلىتىمنى قايرىپ قويۇپ رازىلىق بەرگەن بولاتتىم.

كەيىندىن ئۇ يەنە يۇقىرى ئاۋازدا:

— سىز شۇ كېچىسى مېنى قانچىلىك ئازابلىغانلىقىڭىزنى ئەسلىيەلەمسىز؟ سىز مېنى ئۆزىڭىزنىڭ مەھبۇبىسى بولۇشقا تەلەپ قىلدىڭىز، ئەمما ماڭا توي قىلىش تەلىپىنى قويمىدىڭىز. يەنە ئۆزىڭىزنى كۆرسىتىپ سىز ئۈچۈن كۈرەش قىلدىم دېدىڭىز . سىز بىلمەيسىز، مەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىماسلىقىم كېرەك، مەن ئەمدى چۈشەندىم. لېكىن، ھېچكىم مېنىڭ سىزگە ئېيتىشقا ئامالسىز ئىشنى بىلدۈرەلمەيدۇ. بارسومدا قىزىللارنىڭ ئىچىدە ئىككى خىل ئايال مەۋجۇت . بىر خىلى ئۈچۈن ئەرلەر جان تىكىپ كۈرەش قىلىدۇ، بۇ ئۇلارغا توي قىلىش تەلىپى قويۇش ئۈچۈن. يەنە بىر تىپىدىكىلەر ئۈچۈن ئەرلەر كۈرەش قىلسىمۇ توي قىلىش تەكلىپى قويمايدۇ. ئەرلەر بىر ئايالنى قولغا كەلتۈرگەن ۋاقىتتا ئۇنى مەلىكەم دەپ چاقىرىشى مۇمكىن ياكى بىر قانچە خىل ئۇسۇل بىلەن ئاياللارنىڭ ئۆزىنى نېمە دەپ ئاتىشىنى تاللىشىغا يول قويۇشى مۇمكىن. سىز ئىلگىرى مەن ئۈچۈن جەڭ قىلدىڭىز، ئەمما ماڭا توي قىلىش تەكلىپىنى قويمىدىڭىز. شۇڭا سىز مېنى مەلىكەم دەپ ئاتىغان ۋاقىتتا، — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — مەن قاتتىق ئازابلاندىم . چۈنكى سىز ماڭا توي قىلىش تەكلىپى قويمىدىڭىز، مېنىڭ ھېسسىياتىمنى ئالدىدىڭىز.

— مەن سىزنىڭ ئەپۇ قىلىشىڭىزنى ساقلىيالمايمەن، دېيا تورىس، — دېدىم مەن ئاستا، — بىلىشىڭىز كېرەك، مېنىڭ خاتالىقىم دەل سىلەر بارسوملۇقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى چۈشەنمىگەنلىكىدىن بولغان. تەلىپىمنىڭ چەكتىن ئېشىپ كېتىپ قارىشى ئېلىنمىغان ھەم شۇ ئارقىلىق قىلالمىغان ئىشنى ھازىر قىلدىم. دېيا تورىس، مەن سىزدىن مەن بىلەن توي قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. شۇنداقلا مېنىڭ تومۇرۇمدا ئېقىۋاتقان بارلىق ۋىرگىنىيەلىكنىڭ قېنى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىز مېنىڭ ئايالىم بولىسىز.

— ياق، جون كارتېر. بۇنىڭ ئەھمىيىتى يوق، — دېدى ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا، — سابىر سەيىن ھاياتلا بولىدىكەن مەن ھەرگىز سىزنىڭ ئايالىڭىز بولالمايمەن.

— ئەگەر سىز سابىر سەيىنىنىڭ ئۆلۈشىنى خالىسىڭىز مەلىكەم، ئۇ چوقۇم ئۆلىدۇ.

— ئۇنداق دېگەنلىكىمۇ ئەمەس، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي ئايرىپ تۇرۇپ، — مەن ھەرگىز ئۆز ئېرىمنى ئۆلتۈرگەن ئادەمگە ياتلىق بولالمايمەن. شۇنداقلا ئېرىم رەقىبىگە ھۇجۇم قىلىپ رەقىبى ئۆزىنى قوغداش جەريانىدا ئېرىمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ ياتلىق بولالمايمەن. بۇ دېگەن قائىدە. بارسومدا كىشىلەر ئۆرۈپ ـ ئادەتنىڭ كونترول قىلىشىدا بولىدۇ. بۇنىڭغا ئامال يوق، دوستۇم.

— سىز مېنىڭ بىلەن بىللە ئازابلىنىسىز . ھېچ بولمىغاندا ئىككىمىزدە مۇشۇنداق ئورتاقلىق مەۋجۇت. شۇنداقلا بۇ ساك شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن قىسقا كۈنلەرنىڭ خاتىرىسى. ھازىر سىز چوقۇم كېتىشىڭىز كېرەك ھەم بۇندىن كېيىن مېنى كۆرگىلى كەلمەڭ. خەير، مېنىڭ ئىلگىرىكى سەردارىم.

مەن ئىنتايىن ئازابلانغان ھالدا ئۆيدىن قايتىپ چىقتىم. ئەمما ئۈمىدىمنى پۈتۈنلەي يوقاتمىدىم. شۇنداقلا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى دېكا تۇررېسنى يوقىتىپ قويغىنىمغا ھەرگىز تەن بەرمەيمەن.

كارىدورنى بويلاپ كېتىۋېتىپ مەن يەنە يولدىن ئېزىپ قالدىم. ماڭا ئايانكى، ئەمدىكى بىردىن بىر ئۈمىد زودانگادىن كېتىش. چۈنكى تۆت نەپەر قاراۋۇلنى ئۆلتۈرۈش ئىشى چوقۇم قاتتىق سۈرۈشتە قىلىنىدۇ، شۇنداقلا بىرەرسى يول باشلىمىسا مەن ئەسلىدىكى خان ئوردىسىدىكى ئورنۇمغا قايتىپمۇ بارالمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەگەر بىرەرسى مېنىڭ خان ئوردىسىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەنلىكىمنى كۆرسە چوقۇم گۇمانلىنىشى ئېنىق . مەن دەرھال بىنانىڭ ئاستىغا تۇتىشىدىغان ئايلانما يولغا كىرىپ پەسكە قاراپ نەچچە قەۋەت چۈشۈپ ئىچىدە بىرنەچچە مۇھاپىزەتچى بار ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدىم. ئۆينىڭ تېمىغا تارتىلغان گىلەم مېنى ئۇلارنىڭ بايقاپ قېلىشىدىن ساقلاپ تۇراتتى.

مۇھاپىزەتچىلەر ئادەتتىكى ئىشلارنى پاراڭلىشىپ تۇرغان بولۇپ بىر ئوفىتسېر كېلىپ ئۇلارنىڭ بىرىپ مەلىكە دېگا تۇررېسنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن ئالمىشىشىغا بۇيرۇق قىلدى. شۇ چاغدىلا ئاندىن مېنىڭ دىققىتىم مەركەزلەشتى. مەن ئۇچرىغان ئاۋارىچىلىق تېزلا يېتىپ كەلگەن ئىدى. تۆت نەپەر مۇھاپىزەتچى ئۆيدىن ئايرىلىپ ئۇزاق بولمايلا بىرى ئالدىراش - تېنەش كىرىپ تۆت نەپەر قاراۋۇلنىڭ ئىشىك ئالدىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

پوتكول ئوردا ئىچى پاتىپاراقچىلىققا تولدى. مۇھاپىزەتچىلەر، ئوفىتسېرلار ، ۋەزىرلەر، مالايلار ۋە قۇللار ئوردا ئىچىدە ئۇياقتىن- بۇياققا يۈگۈرۈپ قاتىلنى ئىزدەشكە باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا ماڭا كىچىك بىر پۇرسەت بولدى، مەن بۇنى قويۋەتمىدىم. بىر ئەسكەر مەن يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يەردىن يۈگۈرۈپ ئۆتكەندە مەن ئۇنىڭ كەينىدىن بىللە يۈگۈردۈم ھەم خان ئوردىسىدىكى سىرلىق كارىدوردىن ئۆتۈپ چوڭ بىر زالغا كەلگەندە دېرىزىدىن قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرغانلىقىنى بايقىدىم. مەن بۇ يەردە قىلىپ ياندىكى دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سەكرەپ قېچىپ كېتىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. دېرىزىنىڭ يەردىن ئېگىزلىكى ئالاھازەل ئوتتۇز فوت بولۇپ ئەتراپتا يىگىرمە فوت ئېگىزلىكتە ، بىر فوت قېلىنلىقتىكى يالتىراق ئەينەكتىن ياسالغان قورشاۋ تام بار ئىكەن. باشقا مارىسلىقلارغا نىسبەتەن بۇ تامدىن سەكرەپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس بولسىمۇ مەن ئۈچۈن ئاددىيلا بىر ئىش ھېسابلىناتتى . مېنىڭ ئەڭ ئەنسىرەۋاتقىنىم كەچ كىرىشتىن ئىلگىرى بايقىلىپ قىلىش بولۇپ كۈپكۈندۈزدە، كوچىلار ئادەم بىلەن تولغان چاغدا قېچىپ كېتەلمەيتتىم. شۇنىڭ بىلەن مەن يوشۇرنىدەك جاي ئىزلەپ ئاخىرى پولدىن ئون فوت ئېگىزلىكتىكى تورۇسقا ئېسىقلىق تۇرغان زىننەت قاچىسىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. شۇڭا يېنىك بىر سەكرەپلا قاچا شەكىللىك كەڭ گۈل تەشتىكىنىڭ ئىچىگە چۈشتۈم. مەن ئەمدىلا گەۋدەمنى يوشۇرۇپ تۇرۇشۇمغا بىر نەچچە ئادەمنىڭ زالغا كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇلار مەن يوشۇرۇنۇپ تۇرغان قاچىنىڭ تېگىدە توختىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزىنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولاتتى.

— بۇ خىرىئانلىقلارنىڭ قىلغان ئىشى، — دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئەر.

— شۇنداق خان ئالىيلىرى، ئەمما ئۇلار قانداق قىلىپ ئوردىغا كىرەلىگەندۇ؟ ئىشىنىمەنكى، مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىۋاتقاندا بىرى دۈشمەننى ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتكەن. ئۆلگەن تۆت قاراۋۇلنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن قاتتىق تەربىيە كۆرگەن، نۇرغۇن جەڭ سىناقلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئادەملەر. ماھارىتى خېلى يۇقىرى بولغان بىر نەچچە ئادەم بىرلىكتە ھۇجۇم قىلمىسىلا ئۇلارنى يېڭىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. ئەمما چۈشەنمىگىنىم، ئالتىدىن سەككىزگىچە بولغان ئەسكەردىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپا ئادەمنىڭ ئوردىغا خۇپىيانە كىرگەنلىكىنى نېمە ئۈچۈن باشقىلار بايقىمىغان؟

— ئوردىنىڭ پىسخىلوگىيە خادىمى كېلىۋاتىدۇ، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى ھازىرلا بىلەلەيمىز.

بۇ چاغدا يەنە بىر ئەر بۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى ھەم خانغا ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن دېدى :

— ھەممىدىن ئۇلۇغ خان ئالىيلىرى، مەن سىزنىڭ قازاغا ئۇچرىغان سادىق مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرىڭىزنىڭ خاتىرىسىدىن مۇنداق غەلىتە ئىشنى بايقىدىم: ئۇلار بىر ھەربىي قىسىم تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى يالغۇز بىر دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.

ئۇ ئۆز سۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ كاللىسىدا قانداق داغدۇغا قوزغايدىغانلىقىنى ساقلاۋاتقاندەك سەل توختىدى. سەيىن كوسىس سۆزىدىن گۇمانلانغاندەك:

— نوتان، سەن ھېچقانداق ئاساسى يوق بۇ گەپنى قەيەردىن تېپىپ كەلدىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— بۇ راست خان ئالىيلىرى، — دېدى پىسخىلوگ، — ئەمىلىيەتتە ھەربىر قاراۋۇلنىڭ چوڭ مېڭىسىدە مۇشۇنداق خاتىرىلەر ساقلىنىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ رەقىبى ناھايىتى يوغان ئەر كىشى بولۇپ مۇھاپىزەتچى ئەسكەر كىيىمىنى كىيىۋالغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئېلىشىش ماھارىتى ئالاھىدە ئۈستۈن بولۇپ، ئادەتتىن تاشقىرى ماھارەت ۋە

چىدامچانلىقىنى نامايان قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپتۇ. گەرچە ئۇ زودانگانىڭ ھەربىي كىيىمىنى كىيىۋالغان بولسىمۇ ئەمما بۇ دۆلەتتە ياكى باشقا ھېچقانداق دۆلەتتە بۇنداق ئادەم ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان.

— مەن خىرئان مەلىكىسىنىڭ چوڭ مېڭىسىنى ئاختۇرۇپ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدىم. چۈنكى ئۇنىڭ خاتىرىسىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. ئۇ ئېلىششىنى كۆرگەن چاغدا بىرلا مۇھاپىزەتچىنىڭ ھايات قالغانلىقىنى، ئېلىشىۋاتقان ئادەمنى ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئىلگىرى مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان ئادەم قەيەردە؟ — بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئەبلەخ ۋارقىراپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭ ئاۋازىدىن يېشىل تەنلىكلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان سەيىن كوسىسىنىڭ نەۋرە ئىنىسى ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم.

— مەن ئاتا ـ بوۋامنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، — دىدى ئۇ داۋاملىق، — نوتاننىڭ دەۋاتقانلىرى شۇ ئادەمنىڭ دەل ئۆزى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز شۇنچە كۆپ رەقىبنى مەغلۇپ قىلىش ئالاھىدىلىكى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.

— بۇ ئادەم قەيەردە؟ — دەپ ۋارقىرىدى سەيىن كوسىس غەزەپ بىلەن، — دەرھال ئۇنى باشلاپ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار . نەۋرە ئىنىم، سەن ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ مەن زودانگادا ھەتتا بۈگۈنگىچە نىمىشكە ئىسمىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان مۇشۇنداق بىر ھەربىينىڭ بارلىقىنى ئەمدى ئويلاپ يەتكەندىمەن. جون كارتېر... جون كارتېر، بارسومدا كىم بۇنداق ئىسمنى ئاڭلاپ بېقىپتۇ؟

ناھايىتى تېزلا مېنىڭ يوقلىغۇم توغرىلىق خەۋەر كەلدى. ئۇلار خان ئوردىسىدىن تارتىپ مەن تۇرغان رازۋېدكا قىسمىدىنمۇ ھېچقانداق خەۋەر ئالالماپتۇ. ئۇلار كانتوس كاندىن مەن توغرىلىق سورىغاندا ئۇ مېنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىمنى بىلمەيدىغانلىقىنى، مەن توغرىلىق ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسلىكىنى، پەقەت ۋارخۇن قەبىلىسىدە بىللە سولاقتا تۇرغانلىقىمىزنىلا ئېيتىپتۇ.

— كانتوس كان دېگەن بۇ ئەبلەخكىمۇ قاتتىق دىققەت قىلىڭلار، — دېدى سەيىن كوسىس بۇيرۇق قىلىپ، — ئۇمۇ يات ئادەم، بەلكىم ھەر ئىككىسىلا خىرىئاندىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بىرى بار يەردە چوقۇم يەنە بىرى پەيدا بولىدۇ. بوشلۇقتىن چارلاشنى تۆت ھەسسە كۈچەيتىڭلار، ھاۋا بوشلۇقىدىن ياكى قۇرۇقلۇق يولىدىن ئايرىلغان ھەرقانداق ئادەمنى قاتتىق كۆزىتىڭلار. ھېچكىم سىرتقا قېچىپ كەتمىسۇن.

يەنە بىر قاراۋۇل كېلىپ مېنىڭ تېخى خان ئوردىسىدىن ئايرىلمىغانلىقىمنى يەتكۈزدى.

— بۈگۈن ئوردىغا كىرىپ ـ چىققان ھەممە ئادەمنىڭ تەقى ـ تۇرقى تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەن، — دېدى بۇ ئادەم يەكۈن چىقىرىپ ، — ئۇ كىرگەندە قالدۇرۇلغان خاتىرىگە ئاساسلانغاندا باشقا كىشىلەرنىڭ تەقى ـ تۇرقى يېڭىدىن كەلگەن بۇ مۇھاپىزەتچىگە ئوخشىمايدىكەن.

— ئۇنداقتا بىز ناھايىتى تېزلا ئۇنى تۇتالايمىز، — دېدى سەيىن كوسىس رازىمەنلىك بىلەن، — شۇنىڭ بىلەن بىللە بىز خىرىئان مەلىكىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ بۇ ئىشنى سۆزلىشىپ باقايلى. نوتان، بەلكىم ئۇ ساڭا دېيىشنى خالىمىغان بەزى ئىشلار بولۇشى مۇمكىن. بۇياققا كەل.

ئۇلار زالدىن چىقىپ كەتتى. سىرت ئالىقاچان قارايغان بولۇپ مەن يوشۇرۇنغان جايىمدىن ئەپچىللىك بىلەن چىقىپ تېزلىك بىلەن بالكونغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. پەستە ئادەم ناھايىتى شالاڭ ئىكەن. مەن ئادەم يوق بىر پەيتنى تاللاپ ئەينەك قورشاۋ تامنىڭ ئۈستىگە سەكرىدىم ھەم ئۇ يەردىن يەنە بىر سەكرەپ ئۆتۈپ خان ئوردىسىدىن چوڭ يولغا چىقتىم.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# بوشلۇقتا ئادىشىپ قېلىش

مەن يوشۇرۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەپ تۇرالغۇمنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدىم. بۇ يەردىن كانتوس كاننى تېپىش مۇمكىن ئىدى. مەن ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىناغا يېقىنلاشتىم . چۈنكى بۇ يەردە چوقۇم قاراۋۇل بار ئىدى. ئۆيلىرىمىدىن بىر نەچچە مېتىر كېيىنلىك ئادەم ئالدى ۋە ئارقا دەرۋازا ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. ئۇلارغا سەزدۈرمەي بىنانىڭ ئۆگزىسىگە چىقىشتىكى بىردىن بىر ئامالىم قوشنا بىنانى كېسىپ ئۆتۈش بولۇپ، كۆپ كۈچ سەرپ قىلغاندىن كېيىن بىر نەچچە ئىشىك بىلەن ئايرىلىپ تۇرغان بىر ماگىزىننىڭ ئۆگزىسىگە چىقتىم. بۇ يەردىن يەنە بىر سەكرەپ خىرىئانلىقنى تېپىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقتىم ۋە تېزلا ئۇ تۇرىۋاتقان ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە يېقىنلىشىپ ئۆيگە ئۆمۈلەپ كىردىم. ئۇ يالغۇز بولۇپ مېنىڭ كەلگەنلىكىمدىن چۆچۈپمۇ كەتمىدى. ئۇ مېنىڭ بالدۇر كېلىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ قىياپىتىدىن بوگۈن خان ئوردىسىدا بولغان ئىشتىن بىخەۋەر ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. مەن بولغان ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتقىنىمدا ئۇ ھاياجانلانغانلىقىدىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. دېكا تۇرىسىنىڭ سابىو سەيىنگە ياتلىق بولماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق مەيۈسلەندى.

— بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ، — ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، پۈتكۈل خىرىئاندا كىملا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، جان چىقىدىغان ئىش بولسىمۇ مەلىكىنى زودانگا خان جەمەتىگە سېتىۋېتىشكە رازىلىق بەرمەيدۇ. مۇشۇنداق شەرمەندىلەرچە سودىغا ماقۇل بولغان بولسا ئۇ ئېلىشىپ قالاي دەپتۇ. خىرىئان خەلقىنىڭ ئوردا ئەزالىرىنى قانچىلىك سۆيىدىغانلىقىمىزنى سىز بىلمەيسىز. بۇ توي ئۈچۈن خىرىئاننىڭ لەرزىگە كېلىپ تەۋرەپ كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن.

— جون كارتېر، بىز ئەمدى نېمە قىلساق بولىدۇ؟ — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سەن چوقۇم ئامال تاپالايسەن. ئامال تاپالمىساڭ خىرىئان چەكسىز خورلۇق ئىچىدە قالىدۇ.

— ئەگەر مەن شەمشىرىم بىلەن سابىو سەيىننى ئۆلتۈرۈپ تاشلىيالىسام، — دېدىم مەن جاۋاب ئورنىغا، — ئۇچاغدا خىرىئان بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەممە قىيىن

مەسىلىنى ھەل قىلغان بولىمەن. ئەمما شەخسى سەۋەب تۈپەيلى باشقىلارنىڭ مېنىڭ ئورنۇمدا بۇ ئىشنى ئورۇنلاپ دېگىدەك تۈررىبىسىنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇم.

كانتوس كان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ماڭا تىكىلدى ۋە قاتتىق ھەيرانلىق ئىچىدە:

— سەن ئۇنى سۆيىسەن، شۇنداقمۇ؟ ئۇ بۇنى بىلەمدۇ ؟ — دەۋەتتى.

— ئۇ بىلىدۇ، كانتوس كان، پەقەت سابۇ سەيىنگە رازىلىق بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا مېنى رەت قىلدى.

بۇ ئەزىمەت سەكرەپ كەتتى. مېنىڭ مۈرەمنى تۇتۇپ تۇرۇپ قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مەردانە قىياپەتتە:

— ماڭا تاللاش پۇرستى بولسا بارسومنىڭ بىرىنچى مەلىكىسىگە سىنىڭدىنمۇ مۇۋاپىق ئادەمنى تاپالمىغان بولاتتىم. مەن قولۇمنى سىنىڭ مۈرەڭگە قويۇپ تۇرۇپ قەسەم بېرىمەنكى، خىرئان ئۈچۈن، دېگىدەك تۈررىبىس ئىككىڭلارنىڭ مۇھەببىتى ئۈچۈن سەبۇ سەيىن مېنىڭ قىلىچىمدا ئۆلىدۇ. مەن بۈگۈن كېچىلا ئۇنىڭ خان ئوردىسىدىكى تۇرالغۇسىغا ئامال قىلىپ كىرىمەن.

— سەن قانداق كىرمەكچى؟ — دېدىم مەن، — خىللانغان قوشۇن ئۇ يەرنى ساقلاۋاتىدۇ. تۆت ھەسسە كۈچەيتىلگەن چارلاش ئەترىتى ھاۋادىن چارلاش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

ئۇ بېشىنى تۆۋەن سىلىپ بىردەم ئويلاندى. ئارقىدىن ئۆزىگە ئىشەنگەن قىياپەتتە بېشىنى كۆتۈردى.

— مەن پەقەت ئۇلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتەلىسەملا بولاتتى. قالغىنىغا ئامالىم بار، — دېدى ئۇ ۋە قوشۇپ قويدى، — مەن بۇ يەردىكى ئەڭ ئېگىز مۇنارنىڭ چوققىسىدىن خان ئوردىسىغا كىرگىلى بولىدىغان بىر مەخپىي يولنى بىلىمەن. بىر كۈنى چارلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاۋېتىپ خان ئوردىسىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئۇ يەرگە ئەپچىللىك بىلەن يېقىنلىشىپ ئۆتتۇم. ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندا قائىدە بويىچە يولۇققان غەيرى ئەھۋالنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. مۇنار چوققىسىدىن خان

ئوردىسىنىڭ ئورنىنى كۆزىتىش ماڭا نىسبەتەن ئادەتتىكى بىر ئىش. شۇڭا مەن يېقىنلىشىپ كۆزىتىش نۇقتىسىدا بىر ئادەمنىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھەم ئۇنىڭ دەل سابىۇ سەيىن ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. بۇ يەردىن خان ئوردىسىغا بارغىلى بولىدىغان سىرلىق ئاسما يول بار ئىكەن. ئۇ بۇ سىرنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن بايقىلىپ قالغانلىقىدىن سەل ئاچچىقلاندى. ماڭا بۇ ئىشنى باشقىلارغا ئېيتماسلىققا بۇيرۇق قىلدى. ئۇ بۇ يولنىڭ مۇنار چوققىسىدىن بىۋاستە ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىغا تۇتىشىدىغانلىقىنى، بۇنى پەقەت ئۆزىلا بىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئەگەر گازارمىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقالىساق ئايروپىلاننى ھەيدەپ بەش مىنۇتقىچە سابىۇ سەيىن تۇرىۋاتقان ئۆيگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. شۇنىسى سەن ئېيتقاندەك بۇنداق كۆپ قاراۋۇللار كۆزىتىۋاتقان بىنادىن قانداق چىقىپ كېتەلەيمىز.

— ئايروپىلان ئىسكىلاتىدىكى قاراۋۇلنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — سورىدىم مەن.

— ئادەتتە كېچىدە پەقەت بىرلا ئادەم پوستا تۇرىدۇ.

— بىنانىڭ ئۆگزىسىگە چىقايلى، كانتوس، مەن ئۇ يەردە سېنى ساقلايمەن.

پىلانىمنى چۈشەندۈرۈشكە ۋاقىت قالمىغان ئىدى. شۇڭا ئەسلىدىكى يول بىلەن كوچىغا چىقىپ گازارما تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. مەن بوشلۇقتىن رازۋېدكا قىلىش ئەسكەرلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن ئۆيگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايتتىم. چۈنكى ئۇلارمۇ باشقا ھەممە ئادەمگە ئوخشاشلا مېنى تۇتۇشقا ھەرۋاقىت تەييار ئىدى. بۇ غايەت زور بىر بىنا ئۆي بولۇپ، بىنانىڭ ئۈچى مىڭ فوتتەك ئېگىزلەپ ئاسمان قەھرىگە كىرىپ كەتكەنتى. زودانگادا ساناقلىقلا بىنا بۇ گازارمىدىن ئېگىزرەك بولۇپ بەزىلىرى بۇنىڭدىن نەچچە يۈز فوت ئېگىز ئىدى. ئۇرۇش قىلىش قىسمىنىڭ ئۇچار كېمىلىرى توختايدىغان پورت يەر يۈزىدىن بىرمىڭ بەش يۈز فوت ئېگىزلىكتە بولۇپ سودا ۋە ترانسپورت كېمىلىرى توختايدىغان پورتمۇ شۇنچىلىك كېلەتتى.

مەن بىناغا چاپلىشىپ ئۆمۈلەپ ناھايىتى ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ يۇقىرىغا ئۆرلىدىم. گەرچە ئىنتايىن خەتەرلىك بولسىمۇ بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق ئىدى. بارسومدىكى ئىمارەتلەر ئادەتتىن تاشقىرى بېزەلگەن بولۇپ دەل شۇنداق كۆتۈرۈلۈپ

تۇرغان بىزەك نەقىشلىرى مېنىڭ يۇقىرىغا توسالغۇسىز يامىشىشىمدىكى ئۈنۈملۈك شوتا بولۇپ بەردى. يۇقىرىغا چىقىۋېتىپ مەن ھەقىقىي بىر ئاۋارىيەگە يولۇقتۇم. بىنا كارنىزى تامدىن يىگىرمە فوت ئۇزۇنلۇقتا چىقىپ تۇرغان بولۇپ بىنانى تولۇق بىر ئايلىنىپمۇ ئۈنىڭدىن ھالقىپ ئۆتىدىغان مۇۋاپىق يەرنى تاپالمىدىم. بىنانىڭ ئىچىدە چىراغلار يورىتىلغان بولۇپ ئىچىدە لىق ئەسكەر بار ئىكەن. شۇڭا بىنانىڭ ئىچىدىن يۇقىرىغا ئۆرلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇشۇنداق جىددىي ئەھۋال ئاستىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مۇمكىنچىلىكى ئانچە چوڭ بولمىغان بىرلا پۇرسەت بار بولۇپ سىناپ بېقىش قارارىغا كەلدىم. بۇنىڭ ھەممىسى دېگەندەك تۈرلۈك سەۋەبلەر، چۈنكى ھەرقانداق ھايات ئەر ئۈنىڭ ئۈچۈن مىڭ قەترە ئۆلۈشكە رازى بولىدۇ.

مەن ئىككى پۇتۇم بىلەن بىنا تېمىنى دەسسەپ ، بىر قولۇم بىلەن نەقىشنى تۇتۇۋېلىپ يەنە بىر قولۇم بىلەن ئۈستۈمدىكى تاسمىنى يەشتىم. تاسمىنىڭ ئۇچىدا بىر ئىلمەكى بار بولۇپ بۇنى ئادەتتە ئايروپىلاننىڭ ئىككى يېنى ۋە ئاستىغا ئىلىپ قويۇپ رېمونت قىلىشقا ياكى ئۇچار كېمىدىن يەرگە چۈشكەندە ئىشلىتىلەتتى. مەن ئېھتىيات بىلەن تاسمىنى بىنانىڭ ئۆگزىسىگە تاشلىدىم. بىرنەچچە قېتىم تاشلىغاندىن كېيىن تاسمىنىڭ ئۇچى ئاخىرى ئۆگزە كارنىزىغا ئىلىندى. مەن تاسمىنى يېنىك تارتىپ ئۇنى مۇقىملاشتۇردۇم. ئەمما ئىلىنغان يەرنىڭ مېنى كۆتىرەلەيدىغان ياكى كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. ئەگەر ئۇ كارنىزنىڭ گىرۋىكىگە ئىلىنىپ قالغان بولسا مەن ئېسىلىپ پولاتلىغان ۋاقىتتا ئىلمەك تېيىلىپ چىقىپ كېتىپ قالسا مىڭ فوت ئېگىزلىكتىن يەرگە ئۇچۇپ چۈشەتتىم.

سەل دىلغۇل بولغاندىن كېيىن ئاخىرى ھايات ـ ماماتلىق ئوتتۇرلىقىدىكى بۇنداق چوڭ تەۋەككۈلچىلىككە بېشچىلاپ كىرىپ كەتتىم. مەن تۇتۇپ تۇرغان نەقىشلەرنى قويىۋېتىشىمگىلا تاسمىنىڭ يەنە بىر ئۇچىدا بوشلۇقتا ئەركىن ئېسىلىپ تۇرۇپ قالدىم. پەستە، ناھايىتى يىراقتا چىراغ نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان كوچىلار، قاتتىق يەر ۋە قورقۇنۇچلۇق ئۆلۈم خەۋپى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كارنىز ئۈستىدىكى ئىلغۇچ

تەۋرەپ، سىپىرىلىشتىن قۇلاقنى قىيىشتۇرىدىغان ئاۋاز چىقىشقا پۈتۈن بەدىنىمدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. ئەمدى تولۇقشتىم، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

تۇيۇقسىز ئىلغۇچ مۇقىملاشتى.

مەن تېزلىكتە يۇقىرىغا يامىشىپ چىقىپ كارىنىزنىڭ گىرۋىكىنى تۇتىۋالدىم ۋە بىرلا كۆچەپ يۇقىرىغا چىقتىم. يۇقىرىغا چىقىشىغىلا ئالدىمدا بىر قاراۋۇلنىڭ كۆزۈمگە قورال تەڭلەپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

— سەن كىم؟ نەدىن كەلدىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

— مەن بوشلۇقتىن رازۋېدكا قىلىش ئەترىتىنىڭ خادىمى، دوستۇم. پەسكە چۈشۈپ كەتكىلى قىل قالدىم، — دېدىم جاۋاب بېرىپ.

— ئەمما قانداق قىلىپ ئۆگزىگە چىقتىڭ؟ نەچچە سائەتتىن بىرى ھېچكىم بۇ يەردىن چۈشمىگەن، شۇنداقلا بىرەر ئادەممۇ بىنانىڭ ئىچىدىن چىقمىغان. تېز ئېيت، سەن نېمە ئادەم؟ بولمىسا مەن مۇھاپىزەتچىلەرنى چاقىرىمەن.

— بۇياققا قارىساڭ مېنىڭ قانداق چىققانلىقىمنى كۆرەلەيسەن.

مەن جاۋاب بەرگەچ ئۆگزىنىڭ گىرۋىكىنى كۆرسەتتىم. ئۇ يەردە، يىگىرمە فوت تۆۋەندە تاسمىنىڭ يەنە بىر ئۇچىدا مېنىڭ قورال ـ ياراقلىرىم ئېسىلىپ تۇراتتى. بۇ ئەبلەخكە قىزىق تۇيۇلدى بولغاي مېنىڭ يېنىمغا كەلدى. ئۇ گەۋدىسىنى سوزۇپ تۆۋەنگە قاراشقا تەمشەلگەندە مەن بىر قولۇمدا ئۇنىڭ كىكىرتىكىنى ئامبۇردەك قىسىپ، يەنە بىر قولۇمدا قورال تۇتقان بىلىكىنى تۇتقىنىمچە ئۆگزىگە يىقىتتىم. ئۇنىڭ قولىدىكى قورال چۈشۈپ كەتتى، بارماقلىرىم ئۇنىڭ گېلىنى چىڭ سىقىپ ۋارقىرىغىلى قويمايتتى. ئاندىن مەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ باغلىغاندىن كېيىن نەچچە مىنۇت ئىلگىرى ئۆزۈم ئېسىلىپ تۇرغاندەك تاسمىغا باغلاپ كارىنىزغا ئېسىپ قويدۇم. تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن ھېچكىم ئۇنى بايقىمايتتى.

مەن قورال ـ ياراقلىرىمنى ئېلىپ ئايروپىلان ئىسكىلاتىغا كىردىم ھەم كانتوس كان ئىككىمىزنىڭ ئايروپىلانىنى تاپتىم. ئاندىن كانتوسنىڭ ئايروپىلانىنى ئۆز ئايروپىلانىمنىڭ

كەينىگە مۇقۇماشتۇردۇم. كەينىدىنلا پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ماتورنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۆگزىدە سىيرىلىپ مېڭىپ ھاۋا بوشلۇقىغا چىقتىم. ئۇچۇش ئېگىزلىكىم چارلىغۇچىلارنىڭ دائىرىسىدىن كۆپ تۆۋەندە بولۇپ بىر مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مەن تۇرىۋاتقان ئۆينىڭ ئۈستىگە قوندۇم. كانتوس كان مېنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالدى.

مەن ئۇنىڭغا جەرياننى سۆزلەپ بېرىشكە ئۈلگۈرمەيلا كېيىنكى ھەرىكىتىمىز توغرىسىدا سۆزلىشىپ كەتتۇق. ئاخىرىدا مېنىڭ ئامال قىلىپ خىرئانىغا بېرىشىم، كانتوسنىڭ خان ئوردىسىغا كىرىپ سابۇ سەيىننى جايلىۋېتىشى بېكىتىلدى . ئەگەر ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىسا كەينىمدىن خىرئانىغا بارماقچى بولدى. ئۇ مەن ئولتۇرغان ئايروپىلاننىڭ كومپاس ۋە يول كۆرسەتكۈچ ئۈسكىنىلىرىنى تەڭشەپ بەرگەندىن كېيىن بىز خوشلاشتۇق ھەم خىرئانىغا بېرىشتىكى ئۆتەر يول خان ئوردىسى تەرەپكە قاراپ تېزلىكتە ئۇچۇپ كەتتۇق.

بىز مۇنارغا يېقىنلاشقاندا بىر چارلىغۇچى ئايروپىلان بايقاپ قالدى. ئۇ تېز سۈرئەتتە پەسكە تۆۋەنلەپ ئۇچقۇچى كۆزنى چاقنىتىدىغان يورۇتقۇچى پىرژېكتىر بىلەن مېنىڭ ئايروپىلانىمنى تولۇق يورۇتۇپ يۇقىرى ئاۋازدا دەرھال توختاشقا بۇيرۇق قىلدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولماي مېڭىۋەردىم. ئۇ ماڭا قارىتىپ ئوت ئاچتى. كانتوس كان بېشىنى بۇراپلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولدى. مەن بولسام داۋاملىق ئۈستىگە ئۆرلەپ يۇقىرى سۈرئەتتە يۈلتۈزلۇق مارس ئاسمىنىنى كېسىپ ئۇچىۋەردىم. كەينىمدىن ئون ئىككى دانە رازۋېدكىچى ئايروپىلان ئەگىشىپ قوغلاپ كەلدى. ئارقىدىنلا ئۇلارنىڭ سېپىگە يەنە يۈزدەك ئەسكەر چۈشكەن ۋە بىر يۈرۈش تېز سۈرئەتتە ئېتىلىدىغان زەمبىرەك ئورنىتىلغان چارلىغۇچى ئايروپىلاندىن بىرى قېتىلدى. مەن كىچىك ئايروپىلاننى ھەيدەپ توختىماي چۆرگىلەپ، بەزىدە كۆتۈرۈلۈپ بەزىدە تۆۋەنلەپ ئۇلارنىڭ يورۇتقۇچى پىرژېكتىرىدىن ئۆزۈمنى قاچۇردۇم. شۇنداق بولسىمۇ بۇ تاكتىكىنىڭ خەتىرى چوڭ بولۇپ بىراقلاپ كېتىشىمگە تۇسالغۇ بولاتتى. ئەگەر دۈشمەن داۋاملىق ئادىمىنى كۆپەيتسە ئىش تېخىمۇ چاتاق بولاتتى. شۇڭا بارلىق تەقدىرىمنى ئايروپىلانىمنىڭ سۈرئىتىگە باغلاپ

تەۋەككۈل قىلىش قارارىغا كەلدىم.

مەن بوشلۇقتا يۇقىرى سۈرئەتتە ئۇچۇۋاتقىنىمدا ئەتراپىمدىكى ئوقنىڭ ھاۋا بىلەن سۈركىلىپ چىقارغان ئاۋازىدىن پەقەت مۆجىزە يۈز بەرگەندىلا ئاندىن ئۆزۈمنىڭ ھايات قالالايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. كانتوس كان ماشا ئايروپىلان ھەيدەشنىڭ بىر تۈرلۈك مەخپىي ماھارىتىنى ئۆگۈتۈپ قويغان ئىدى. بۇ خىل ئۇسۇل پەقەت خىرىئان ھەربىي قىسىمغىلا مەلۇم بولۇپ ئايروپىلانىنىڭ سۈرئىتىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدىكەن. شۇڭا، مەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە دۈشمەنىنىڭ ئوت كۈچىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرالىسامىلا ئۇلارنى يىراققا تاشلاپ كېتەلەيدىغىنىمغا ئىشەنچىم بار ئىدى. شۇڭا بۇ خىل ئۇسۇلنى ئىشقا سېلىپ خىرىئانغا قاراپ ئوقتەك ئۇچتۇم. كەينىمدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلار بارغانسېرى يىراقتا قىلىۋاتاتتى. مەن ئەمدىلا قۇتۇلغانلىقىمنى ئويلاپ تۇرغىنىمدا چارلىغۇچى ئايروپىلاندىن ناھايىتى توغرا قارىغا ئېلىپ ئېتىلغان بىر پاي زەمبىرەك ئوقى ئايروپىلانىمنىڭ بېشىدىلا پارتىلىدى. بۇ پارتلاشتىن ئايروپىلان نەچچە قېتىم موللاق ئېتىپ تېز سۈرئەت بىلەن تۆۋەنلەشكە باشلىدى.

مەن قانچىلىك ۋاقىت تۆۋەنلىگەندە ئايروپىلانىنى كونترول قىلغىنىمغا بىرنەرسە دېيەلمەيمەن. ئەمما قايتا يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەن چاغدا يەر يۈزىگە ئىنتايىن يېقىن ئىكەنلىكىمنى بايقىدىم. چۈنكى ئەتراپىتىكى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ سەت، چىرقىراق ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن يۇقىرىغا ئۆرلەۋېتىپ كەينىمدىن قوغلاپ كەلگەن ئايروپىلانلارنىڭ ناھايىتى يىراق بىر يەرگە قونۇپ مېنى ئىزلاۋاتقانلىقىنى پەرق قىلدىم. ئۇلارنى كۆرگىلى بولمىغىدەك بولغاندىلا  ئاندىن ئايروپىلانغا ئورنىتىلغان كومپاسنىڭ چىرىقىنى ئاچتىم.  بۇ چاغدا كومپاس ۋە سۈرئەت كۆرسەتكۈچنىڭ ئوق پارچىسى تېگىپ پۈتۈنلەي تۈگەشكەنلىكىنى بايقاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. بۇ توغرا يۈلۈنۈشتە ئۇچۇۇشتىكى ئاچقۇچلۇق ئەسۋابلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ياردىمىگە تايانمىغاندا ئاسانلا ئۇچۇش يولىدىن چەتنەپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ مەن يۇلتۇزلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن خىرىئانغا قاراپ ئۇچتۇم. ئەمما بۇ شەھەرنىڭ مۇتلەق ئورنى ۋە

ئۇچۇش سۈرئىتىنى مۆلچەرلەشكە ئامالسىز قالغاچقا ئۇنى تېپىش مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى كىچىك ئىدى.

خىرىئان زودانگانىڭ غەربىي جەنۇپ تەرىپىدە بولۇپ ، زودانگاغا مىڭ ئىنگلىز مىلى كېلەتتى. ئەگەر كاشىلا كۆرۈلمىسە ھەم كومپاس ساق بولغان بولسا مەن تۆت ـ بەش سائەت ئىچىدە ئۇ يەرگە يېتىپ بارالايتتىم. نەتىجىدە ئۇدا ئالتە سائەت تېز سۈرئەتتە ئۇچۇپمۇ چۈشتىن ئىلگىرى ئۆزۈمنىڭ كەڭ كەتكەن بىر قۇرۇق دېڭىزنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا كېتىۋاتقانلىقىمنى بايقىدىم. دەل شۇ چاغدا چوڭ بىر شەھەر كۆزۈمگە چېلىقتى. ئەمما ئۇ خىرىئانغا ئوخشىمايتتى. چۈنكى پۈتكۈل بارسومدىكى بارلىق پايتەختلەر ئىچىدە پەقەت خىرىئانلا ئايلانمىسى يەتمىش بەش ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان سېپىل بىلەن ئورالغان غايەت زور ئىككى قوشماق شەھەردىن تۈزۈلگەن پايتەخت بولۇپ بىر قاراشتىنلا پەرقلەندۈرگىلى بولىدىكەن.

ئۆزۈمنىڭ خاتا ھالدا غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ ئۇچقانلىقىمغا جەزم قىلدىم. مەن دەرھال يۆلۈنىشىمنى ئۆزگەرتىپ قارىشى يۆلۈنىش شەرقىي جەنۇپ تەرەپكە قاراپ ئۇچتۇم. چۈشتىن بۇرۇن باشقا بىرنەچچە شەھەردىن ئۇچۇپ ئۆتتۈم. ئەمما بىرسىمۇ كانتوس كان تەسۋىرلەپ بەرگەن خىرىئان شەھىرىگە ئوخشىمايتتى. خىرىئاننىڭ ئىككى شەھەردىن تۈزۈلگەنلىكىدەك ئالاھىدىلىكىدىن باشقا يەنە بىر كۆرۈنەرلىك ئۆزگىچىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا يەنە ئوخشاش بولمىغان رەڭدە بويالغان غايەت زور بىر جۈپ قوشماق مۇنار بار ئىكەن. بىرى قىزىل رەڭلىك مۇنار بولۇپ شەھەر مەركىزىدىن بىر ئىنگلىز مىل ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپ ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرىدىكەن. يەنە بىرى سېرىق رەڭلىك بولۇپ ئېگىزلىكى ئوخشاش ئىكەن. بۇ ئىككى قوشماق مۇنار خىرىئان مەملىكىتىدىكى ئاچا ـ سىڭىل ئىككى شەھەرنىڭ بەلگىسىگە ئايلانغان ئىكەن .

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# تارس تاركاس دوستىنى تاپتى

چۈشكە يېقىن مەن پەسلەپ مارسنىڭ قەدىمىي دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن چوڭ بىر شەھەرنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتۈم. مەن شەھەردىن ئۆتۈپ ئالدىمدىكى تەكشىلىككە يېقىنلاشقان ۋاقتىمدا كۆز ئالدىمدا ئۆزئارا جەڭ قىلىشۋاتقان نەچچە مىڭ يېشىل تەنلىككە يولۇقتۇم. مەن ئۇلارنى ئەمدىلا كۆرۈشمىگە بىر توپ زەمبىرەك ئوقى ماڭا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى. زەمبىرەكلەر ئىنتايىن توغرا قارىغا ئېلىنىپ ئېتىلغاچقا ئايروپىلانىم پارە - پارە بولۇپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مەن جەڭ مەيدانىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا، جان ھەلەكچىلىكىدە ماڭا دىققەت قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن رىتسارلارنىڭ ئارىسىغا چۈشتۈم. ئۇلار شەمشەرلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ شىددەت بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. يىراقتىكى بىرى مۆكتۈرمە مىلتىق ئىشلىتىپ كۆزگە چېلىققىنىنى بىر پاي ئوق بىلەنلا يەر چىشلىتەتتى.

ئايروپىلانىم ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشكەچكە ھايات قالغان تەقدىرىدىمۇ جەڭدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. شۇڭا دەرھال شەمشىرىمنى چىقىرىپ ئۆزۈمنى قوغداشقا تەييارلاندىم. مەن ئۆزى يالغۇز ئۈچىسى بىلەن ئېلىشىۋاتقان بىر گىگانت يېشىل تەنلىكنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئالدىمدىكى چىرايلارنى كۆزىتىۋېتىپ ساكلىق تارس تاركاسنى تونۇپ قالدىم. مېنىڭ ئورنۇم دەل ئۇنىڭ كەينىدە بولغاچقا مېنى كۆرمىدى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كەلگەن ئۈچ يېشىل تەنلىك شەمشەرلىرىنى چىقىرىشتى. پەمىمچە بۇ ئۈچ رىتسار ۋارخۇن قەبىلىسىدىن ئىدى. تارس تاركاس شۇئانلا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنى جايلاپ تاشلىدى ھەم ئارقىغا چېكىنىپ يەنە بىر شەمشەر ئۇرۇپ دەپ تۇرغاندا كەينىدىكى بىر جەسەتكە پۇتلىشىپ يىقىلدى. ۋارخۇنلۇقلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ تارس تاركاسقا تېز سۈرئەتتە يوپۇرۇلۇپ كەلدى. دەل مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە مەن ئۇنىڭ ئالدىغا سەكرەپ ئۆتۈپ ئۇ ئىككى ئەبلەخكە تاقابىل تۇرمىغان بولسام، تارس تاركاس كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا كەتكەن بولار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنى جايلىۋەتكەندىن كېيىن گىگانت ساكلىق ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ

قالغان يەنە بىرىنىمۇ چاققانلىق بىلەن جايلىۋەتتى.

ئۇ ماشا لەپپىدە بىر قاراپ قويدى. ئارقىدىنلا كەسكىن چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. ئۇ مۇرەمنى سىيلاپ تۇرۇپ:

— جون كارتېر، سىنى تۇنىيالمىغىلى قىل قاپتىمەن. لېكىن، بارسومدا سېنىڭدىن باشقا ئىككىنچى بىر ئادەم مېنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان ئىشنى قىلالمايدۇ. مېنىڭچە مەن دوستلۇقنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتتىم، دوستۇم، — دىدى.

ئۇ ئارتۇق سۆزلىمىدى، سۆزلەشكە پۇرسەتمۇ يوق ئىدى. چۈنكى ۋارخۇنلۇقلار تۆت تەرەپتىن بىزگە قاراپ باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. چۈشتىن كىيىن قىزىق ئاپتاپتا ئىككىمىز مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ تاكى بەتبەشىرە ۋارخۇنلۇقلارنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ ، هايات قالغانلىرى ئاتلىرىغا مىنىشىپ قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولغانغا قەدەر بىللە كۈرەش قىلدۇق. بۇ قېتىمقى قانلىق ئۇرۇشقا ئون مىڭ ئادەم قاتناشقان بولۇپ مەيداندا ئۈچ مىڭ جەسەت ياتاتتى. ئىككىلا تەرەپ بىر ـ بىرىگە يول بەرمەي دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان بولۇپ ئەسىرنىمۇ بوش قويۇۋەتمىگەن ئىدى.

جەڭ ئاخىرلىشىپ شەھەرگە قايتقاندىن كىيىن بىز بىۋاستە تارس تاركاسنىڭ تۇرالغۇسىغا باردۇق. تارس تاركاس مېنىڭدىن باشقا جەڭگە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىگە يىغىن ئاچتى. مەن ئولتۇرۇپ يېشىل تەنلىك رىتسار تارس تاركاسنى ساقلاۋاتقان چاغدا بىر نەرسىنىڭ قوشنا ئۆيدە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. يۇقىرىغا قارىغان چېغىمدا يوغان بىر قورقۇنۇچلۇق مەخلۇقنىڭ ماڭا باستۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. ئۇ دۇمبەمگە ئېسىلىپ تاكى مەن يەردىكى يىپەك رەخت ئۈستىگە يىقىلغۇچە قويۇۋەتمىدى. كىيىن قارىسام بۇ ماڭا سادىقلىق بىلەن ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان ۋولا ئىكەن. ئۇ ئۆزى ساك شەھىرىگە قايتىدىغان يولنى تېپىپ قايتىپ كەلگەن ئىدى. كىيىن تارس تاركاسنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كىيىن ئىلگىرى مەن تۇرغان ئۆيگە كىرىپ ئازابلانغان ھالدا مېنىڭ قايتىپ كېلىشىمنى كۈتۈپ يولۇمغا قاراپ يېتىپتۇ.

— جون كارتېر، تەل خاجاس سېنىڭ كەلگەنلىكىڭنى بىلىپتۇ، — دىدى

تارىس تاركاس خان ئوردىسىدىن قايتىپ كېلىپ، — بىز قايتىپ كېلىۋاتقاندا ساركوجا سېنى تونۇپ قاپتۇ. تەل خاجاس ماڭا بۇگۈن كەچتە سېنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشىمنى بۇيرۇق قىلدى.

— مېنىڭ ئون ئېتىم بار، سەن خالىغاننى تاللاپ مىنگىن. مەن سېنى خىرىئانغا بارىدىغان ئەڭ يېقىن يولغا چىقىرىپ قوياي. بەلكىم تارىس تاركاس شەپقەتسىز ئادەمدۇر. ئەمما ئۇ دوستمۇ بولالايدۇ. بۇياققا كەل، بىز ماڭايلى.

— ئۇنداقتا، مېنى يولغا سېلىۋېتىپ قايتىپ كەلگىنىڭدە قانداق ئاقىۋەت يۈز بېرىدۇ ؟ تارىس تاركاس، — سورىدىم مەن.

— بەلكىم تىل ـ ئاھانەتكە ئۇچرىشىم مۇمكىن. ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ چاتاق بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ، — ۋە ياكى مەن ئۇزۇندىن بۇيان ساقلاۋاتقان پۇرسەت يېتىپ كېلىپ تەل خاجاس بىلەن بىر مەيدان ئېلىشارمەن.

— بىز قېپقالايلى، تارىس تاركاس. بۈگۈن كەچتە تەل خاجاسنى زىيارەت قىلغىلى بارايلى. سەن ئۆزۈڭنى قۇربان قىلساڭ بولمايدۇ. بەلكىم سەن بۈگۈن كەچ شۇ پۇرسەتكە ئېرىششىڭ مۇمكىن.

تارىس تاركاس مېنىڭ تەكلىپىمگە قاتتىق قارشى تۇردى ھەم تەل خاجاسنىڭ ھەر قېتىم مەندىن ئەدەپ يېگەن ئىشنى ئويلىغىنىدا غەزەپتىن قۇيقا چاچلىرىنىڭ تىك تۇرۇپ كىتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ مېنى تۇتىۋالىدىغان بولسا ئەڭ ۋەھشىي جازاغا تارتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتى.

تاماق ۋاقتىدا مەن يەنە بىر تۇخۇم بىسىش ئۆيىدىن ساك شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن ئاخشىمى سولانىڭ ماڭا سۆزلەپ بەرگەن ئانىسى توغرىسىدىكى ۋەقەنى تارىس تاركاسقا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم. ئۇ ھېچقانداق گەپ قىلمىدى. ئەمما ئېچىنىشلىق تراگېدىيىنى، قورقۇنۇچلۇق ھەم ئۆچمەنلىككە تولغان ھاياتىدا ئۇ بىردىنبىر سۆيىدىغان ئادىمىنىڭ تۆرلۈك ئازابلارغا دۇچار بولغىنىنى ئەسلىگىنىدە ھاياجانلىنىش ۋە ئازابتىن ئۇنىڭ يۈزىدىكى يوغان مۇسكۇللىرى تىترەپ كەتتى.

مەن تەل خاجاسىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن ساركوجانىڭ قىشىغا بېرىپ سۆزلىشىپ بېقىشنى تەكلىپ قىلدىم، ئۇ قارشى تۇرمىدى. تارس تاركاسنىڭ ئۆتىنىشىگە ئاساسەن مەنمۇ ئەگىشىپ ساركوجانىڭ تۇرالغۇسىغا كەلدىم. ساركوجانىڭ ئۆچمەنلىك چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىكى سوغۇق نۇر مېنىڭ ساك شەھىرىگە تاسادىپىي قايتىپ كېلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن بۇندىن كېيىن ئۇچرايدىغان بەختسىزلىكتىن دېرەك بېرىپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

— ساركوجا، — دېدى تارس تاركاس، — قىرىق يىل ئىلگىرى گوزاۋا ئىسىملىك بىر ئايال سېنىڭ كاساپىتىڭدىن جازاغا تارتىلىپ ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كەتتى. ئاڭلىسام ئۇ ئايالنى سۆيىدىغان رىتسار ئاخىرى سېنىڭ شۇ قېتىمقى ۋەقەدە ئوينىغان رولۇڭنى بىلىپتۇ. ساركوجا، بەلكىم ئۇ رىتسار سېنى ئۆلتۈرمەس، بۇ بىزنىڭ ئادىتىمىزگە خىلاپ. ئەمما ئونىڭ ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى بوينىڭغا سېلىپ يەنە بىر ئۇچىنى بىر ياۋا ئاتقا باغلاپ سېنىڭ ھايات قىلىش قالالماسلىقىڭنى سىناپ باقماقچى بولسا بىز بۇنى توسۇپ قالالمايمىز. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇ ئەتە شۇنداق قىلماقچىكەن. مەن ساڭا ئادىل بولسۇن دەپ سېنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتىمەن. ساركوجا، يىس دەرياسى بۇ يەردىن ئانچە يىراقتا ئەمەس. جون كارتېر، بىز ماڭايلى.

ئىككىنچى كۈنى ساركوجا كەتتى، شۇندىن كېيىن ئۇنى ھېچكىم كۆرمىدى.

بىز خان ئوردىسىغا كەلگەندىن كېيىن تەل خاجاسىنىڭ ھوزۇرىغا كىرىش دەرھال تەستىقلاندى. ئەمەلىيەتتە ئۇ مۇنبەردە تىك تۇرۇپ مېنىڭ كېلىشىمنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرىۋاتقان ئىكەن. مەن كىرىشىمگە ئۇنىڭ غەزەپلىك نەزىرى ماڭا نەشتەردەك تىكىلدى.

— ئۇنى تۇۋرۇككە باغلاڭلار، — چىقىراق ئاۋازى بىلەن ھۆركىرىدى تەل خاجاس، — قېنى كۆرۈپ باقايلى، كىم تەل خاجاسقا قاپ يۈرەكلىك بىلەن چىقىلالايدىكىن. داغمالنى قىزىتىڭلار، مەن ئۆز قولۇم بىلەن ئونىڭ بېشىدىكى ئىككى كۆزىنى ئويۇۋالىمەن. ئۇنىڭ ئىپلاس كۆزى بىلەن ئادەملىرىمىزگە قارىيالماس

قىلىۋېتىمەن.

— ساكلىق سەركەردىلەر، — دېدىم يۇقىرى ئاۋازدا ئولتۇرغان يىغىن ئەھلىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، — مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى مۆھىم بىر ئەزايىڭلار. بۈگۈن مەن ساك شەھىرىدىكى ئەڭ قالتىس رىتسار بىلەن بىللە مۆرىنى ـ مۆرىگە تىرەپ جەڭ قىلدىم. سىلەر ھېچ بولمىغاندا مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈمنى ئاڭلاپ بېقىشىڭلار كېرەك. بۈگۈن مەن مۇشۇنداق ھوقۇقنى تەلەپ قىلىشقا مۇناسىپ. سىلەر ئادالەتنى ياقلايدىغان خەلق.

— ئاغزىڭنى يۇم، گەپ قىلىشىڭغا رۇخسەت يوق. ئۇنى باغلاڭلار، — دېدى تەل خاجاس گۈركىرەپ.

— بىزگە ئادالەت كېرەك، تەل خاجاس، — دېدى لوركاس پۈتمىل ۋارقىراپ، — سەن قانداق ئادەم، ئەجەبا ساكلىقلارنىڭ ئۆزۈڭدىن بۆيانقى ئۆرۈپ ـ ئادىتىنى كۆزگە ئىلمامسەن.

— توغرا، بىزگە ئادالەت كېرەك، — ئون نەچچە سەركەردە لوركاس پۈتمىلغا تەڭلا ئەگەشتى. شۇڭا مەن تەل خاجاسنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى چېكىگە يەتكەن پەيتتە سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم.

— سىلەر قەيسەر مىللەت، قىنىڭلاردا باتۇرلۇق ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئەمما بۈگۈنكى جەڭدە سىلەر ئەزىزلەيدىغان خان نەگە كەتتى؟ كەسكىن جەڭ بولۇۋاتقاندا ئۇ بىزنى تاشلاپ قويۇپ تىكىۋەتتى. ئۇ بۇ يەردە، ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىدا قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق ئاياللار، باللارنى ئۆلتۈردى، زىيانكەشلىك قىلدى. ئاراڭلاردا قايسىڭلار يېقىندا ئۇنىڭ بىرەر ئەركەك بىلەن ئېلىشقانلىقىنى كۆردۈڭلار؟ مەن، ئۇنىڭدىن كۆپ پاكار ھەم ئاجىز تۇرۇقلۇقمۇ ئۇنى بىر مۇشت بىلەنلا يەرگە يىقىتىپ تاشلىيالىدىم. ساكلىقلار مۇشۇنداق ئادەمنى ئۆزلىرىگە خان قىلىپ سايلامدۇ؟

— يېنىمدا ئۇلۇغ بىر ساكلىق رىتسار، قۇدرەتلىك ۋە ئالىيجاناب خىسلەتكە ئىگە ئەزىمەت تۇرۇپتۇ. سەردارلار، تارس تاركاس ساكنىڭ خاقانى بولسا نىمىشكە

بولمايدىكەن؟

بۇ تەكلىپىم ئەتراپتىكىلەرنىڭ پەس ئاۋاز بىلەن تولۇق تەستىقلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

— بۇ ئىشنى مۇشۇ يىغىن ئارقىلىق بەلگىلەيلى. تەل خاجاس ئالدىمىزدا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىقتىدارىنى نامايان قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ بىر ئەزىمەت بولسا تارىس تاركاسنى جەڭگە چاقىرىشى كېرەك. چۈنكى ئۇ تارىس تاركاسقا ئۆچ. ئەمما تەل خاجاسنىڭ ئۇنچىلىك جىگىرى يوق. سىلەرنىڭ خانىڭلار توخۇ يۈرەك، ئۇچىغا چىققان ئالدامچى. مەن قورقۇق قولۇم بىلەنمۇ ئۇنى جايلىۋېتەلەيمەن. تەل خاجاس بۇنى ئوبدان بىلىدۇ.

مەن سۆزۈمنى توختاتتىم. ھەممەيلەن ئۈن - تىنسىز تەل خاجاسقا تىكىلدى. تەل خاجاس گەپمۇ قىلمىدى، مىدىرلاپمۇ قويمىدى. ئەمما ئونىڭ كېلەڭسىز يۈزى يېشىل رەڭدىن كۆك قارا رەڭگە ئۆزگەردى. ئېغىزىنىڭ گىرۋىكىدىكى كۆپۈكچىلەرمۇ قېتىپ قالدى.

— تەل خاجاس، — دىدى لورگاس پوتمىل بىردىنلا ئاۋازىنى كەسكىن قىلىپ، — مەن بۇ ئۆمرۈمدە ئەزەلدىن ساك خانىنىڭ مۇنچىلىك ھاقارەتكە ئۇچرىغىنىنى كۆرمىگەن. بۇنداق زەربىگە پەقەت بىرلا جاۋاب بار. بىز بۇ جاۋابنى كۈتىۋاتىمىز.

ئەمما تەل خاجاس جايىدا قېتىپ قالغاندەك تۇراتتى.

— سەركەردىلەر، — دىدى لوركاس پۇتمىل سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — خان تەل خاجاس ئۆزىنىڭ تارىس تاركاسقا رەھبەرلىك قىلىش سالاھىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىسۇنمۇ؟

مۇنبەرنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغان يىگىرمە ئاقساقال ۋە سەركەردە يىگىرمە تال شەمشىرىنى قىنىدىن سۇغۇرىۋېلىپ يالت - يۇلت قىلىپ ئېگىز كۆتۈرۈشتى.

تەل خاجاسقا باشقا تاللاش قالمىغان ئىدى. بۇ ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ جەڭ، شۇڭا تەل خاجاس شەمشىرىنى چىقىرىپ ئالدىغا قەدەم تاشلاپ تارىس تاركاس بىلەن

بولىدىغان جەڭگە تەييارلاندى.

بۇ قېتىمقى جەڭ ناھايىتى قىسقىلا داۋاملاشتى. تارىس تاركاس ئالىقاچان جىنى چىقىپ كەتكەن موردىنىڭ بويىنىغا دەسسەپ تۇرۇپ ساك خانلىقىنىڭ خاقانىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ قىلغان بىرىنچى ئىشى مېنى تولۇق ئىمتىيازلىق سەردار قىلىپ تەيىنلەش بولۇپ ئۇلار تەرىپىدىن ئەسىر بولغان ئەڭ دەسلەپكى سەككىز ھەپتە ئىچىدە مەن جەڭدە قولغا كەلتۈرگەن ھەربىي ئۇنۋانغا رەسمىي ئېرىشتىم.

رىتسارلارنىڭ تارىس تاركاس ۋە ماڭا بولغان ئەڭ ياخشى مۇئامىلىسىنى كۆرگەندىن كېيىن مەن پۇرسەتنى تۇتۇپ ئۇلارنىڭ ماڭا ياردەم بېرىپ زودانگانى مەغلۇپ قىلىش تەكلىپىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئۆزۈمنىڭ تەۋەككۈلچىلىك سەرگۈزەشتەمنى تارىس تاركاسقا ئېيتتىم ھەم بىر نەچچە جۈملە سۆز بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئويىنى ئونىڭغا يەتكۈزدۈم.

— جون كارتېرنىڭ بىر تەكلىپى بار ئىكەن، — دېدى ئۇ كېڭەش ئەزالىرىغا،

— مەن بۇ تەكلىپكە قوشۇلدۇم. مەن سىلەرگە ئىخچام قىلىپ سۆزلەپ بېرەي. ئىلگىرى بىزنىڭ ئەسىرىمىز بولغان خىرئىان مەلىكىسى دېكا تورىس زودانگا خانى تەرىپىدىن تۇتۇپ كىتىلىپتۇ. مەلىكە ئۆز دۆلىتىنى زودانگالىقلارنىڭ ۋەيران قىلىشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قىلىش ئۈچۈن زودانگا خانىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق بولماقچى بولۇۋتىپتۇ.

— جون كارتېر بىزنىڭ بېرىپ مەلىكىنى قۇتۇلدۇرۇپ بېرىشىمىزنى ھەم ئۇنى خىرئانغا يەتكۈزۈپ قويۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىدىكەن. زودانگادا بىز چوقۇم نۇرغۇن ئولجىغا ئېرىشىمىز. مەن ئويلاپ باقتىم، ئەگەر بىز خىرئان بىلەن ئىتتىپاق تۈزسەك يېتەرلىك يېمەكلىك تەمىناتىغا ئېرىشەلەيدىكەنمىز. بۇ بىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز ئۈچۈن نۇرغۇن قۇلايلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ بىزنى بارسومدىكى ھەرقانداق يېشىل تەنلىكلەر ئىچىدە شەك شۈبھىسىز ئەڭ قۇدرەتلىك مىللەتكە ئايلاندۇرىدۇ. سىلەرچە قانداق؟

بۇ بىر ئۇرۇش قىلىش پۇرستى، شۇنداقلا بايلىققا ئېرىشىش پۇرستى بولۇپ ساكلىقلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇلار قىزغىنلىق بىلەن ئاۋاز قوشتى. يېرىم سائەتكە

يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يىگىرمە نەپەر مەلۇماتچى ئاتقا مىنىپ دېڭىزدىن ئۆتۈپ ھەرقايسى جايلارغا تارقالغان ساك خانلىقىنىڭ قەبىلىلىرىگە بۇ قېتىمقى يىراق سەپەرگە ئاتلىنىشقا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن يولۇپ كەتتى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن بىز زودانگاغا ھەربىي يۈرۈش قىلدۇق. تارس تاركاس ساكقا تەۋە بولمىغان كىچىكرەك ئۈچ قەبىلىنىڭ ئادىمىنى زودانگادىن ئېلىنىدىغان ئولجىغا ئېرىشتۈردىغانلىقىغا قايىل قىلىپ جەمئىي يۈزمىڭ كىشىلىك قوشۇن سەپەرۋەر قىلدى. قىسمىنىڭ ئەڭ ئالدىدا، گىگانت ساكلىقىنىڭ يېنىدا مەن ۋە مەن ياخشى كۆرۈدىغان ۋۇلا يېنىك قەدەملىرى بىلەن ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى.

ئارلىقنى توغرا مۆلچەرلەش ھەم دۈشمەنگە ئالدىن بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن بىز ئاساسەن كېچىسى ئىلگىرلىدۇق. كۈندۈزى تاشلاندۇق شەھەرلەردە بارگاھ قۇرۇپ ئارام ئالدۇق. كۈندۈزى ھەتتا ياۋايى ھايۋانلارمۇ بىزنى بايقىمىدى. ھەربىي يۈرۈش جەريانىدا تارس تاركاس ئۆزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى قابىلىيىتى ۋە سىياسىيونغا مۇناسىپ ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ ساكقا تەۋە بولمىغان ھەرقايسى قەبىلەردىن يەنە ئەللىك مىڭ ئەسكەرنى قوشۋالدى. شۇنداق قىلىپ يولغا چىقىپ ئون كۈندىن كېيىن بىزنىڭ بىر يۈز ئەللىك مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنىمىز يېرىم كېچىدە ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان زودانگا شەھىرىنىڭ يېنىدا قەدىمىنى توختاتتى.

بۇ ياۋايى يېشىل تەنلىكلەر قەبىلىسىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە جەڭ ئۇنۇمدارلىقى ئوخشاش ساندىكى قىزىل تەنلىكلەرنىڭ ئون ھەسسىسىگە باراۋەر كېلەتتى. تارس تاركاسنىڭ ئېيتىشىچە بارسوم تارىخىدا ئەزەلدىن بۇنداق زور يېشىل تەنلىكلەر قوشۇنى بىرلىشىپ جەڭگە قاتنىشىپ باقمىغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا يۈكسەك ماسلىشىش ئىقتىدارىغىمۇ ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ماڭا ھەممىدىن سىرلىق تۇيۇلغىنى تارس تاركاس ئۇلارنى بۇ شەھەرگە تېپتىنچ ئېلىپ كېلەلىدى ، ئوتتۇرلىقتا ئۆزئارا جەڭ بولمىدى. بىز زودانگاغا يېقىنلاشقان ۋاقىتتا ئۇلار ئوتتۇرىدىكى ئۆز ئارا تالاش ـ تارتىشلارنىڭ قىزىل تەنلىكلەر، بولۇپمۇ قىزىل تەنلىك زودانگالىقلارغا بولغان ئۆچمەسلىك

ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆزلۈكىدىن پەسكويغا چۈشتى. چۈنكى زودانگالىقلار ئۇزۇندىن بۇيان يېشىل تەنلىك مارسلىقلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئىرقىي يوقۇتۇش خاراكتېرىدىكى شىددەتلىك ھۇجۇمنى توختىتىپ قويمىغان بولۇپ، يېشىل تەنلىكلەرنىڭ تۇخۇم بېسىش ئۆيىنى ۋەيران قىلىشنى ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى قىلىپ كەلگەن ئىكەن.

بىز ھازىر زودانگاغا يېتىپ كەلدۇق. شەھەرگە كىرىدىغان يولنى ئېچىش ۋەزىپىسى مېنىڭ زىممەمگە يۈكلەندى. مەن تارس تاركاسقا ئىككى دىۋىزىيە ھەربىي قىسمىنى شەھەر ئاھالىسى كۆرەلمىگۈدەك يىراقلىقتا ئورۇنلاشتۇرۇش تەكلىپىنى بەردىم. ھەر بىر دىۋىزىيە بىردىن چوڭ شەھەر دەرۋازىسىغا يۈزلىنىپ تۇراتتى. مەن يىگىرمە نەپەر پىيادە رىتسارنى باشلاپ سېپىل تۈۋىدىكى ھەرۋاقت ئېچىلىپ تۇرىدىغان كىچىك دەرۋازىغا يېقىنلاشتىم . شەھەر دەرۋازىسىنىڭ يېنىدا مۇقىم قويۇلغان مۇھاپىزەتچى ئەسكەر يوق بولۇپ پەقەت قاراۋۇللا بار ئىدى. ئۇلار شەھەر سېپىلى ئىچىدە شەھەر يوللىرىنى ئايلىنىپ چارلاش ئېلىپ باراتتى. خۇددى بىزنىڭ چوڭ شەھەرلەردە ساقچىلار شەھەرنى چارلاپ يۈرگىنىدەك.

زودانگا شەھەر سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى يەتمىش بەش فوت، كەڭلىكى ئەللىك فوت بولۇپ غايەت زور پېرىسلانغان ئالماس پارچىلىرىدىن قوپۇرۇلغان ئىدى. ماڭا ئەگىشىپ كەلگەن رىتسارلارنىڭ شەھەرگە كىرىشى مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. بۇلار باشقا قەبىلىدىن كەلگەن بولۇپ مېنى تونۇمايتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچىسىنىڭ يۈزىنى تامغا قاراتقۇزۇپ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇشقا بۇيرۇدۇم. ئاندىن يەنە ئىككى رىتسارنى ئۇلارنىڭ مۈرىسىگە چىقاردىم. ئاخىرىدا يەنە بىر رىتسارنى ئۈستىدىكى ئىككى رىتسارنىڭ ئۈستىگە چىقىشقا بۇيرۇدۇم. ئەمدى ئەڭ ئۈستىدىكى رىتسارنىڭ بېشىدىن يەر يۈزىگىچە بولغان ئارلىق قىرىق نەچچە فوتقا يەتتى. مۇشۇنداق قىلىپ مەن ئون نەپەر رىتسارنى تەشكىللەپ يەر يۈزىدىن ئەڭ ئۈستىدىكى رىتسارنىڭ مۈرىسىگە چىققىلى بولىدىغان ئۈچ پەلەمپەيلىك شوتا ھاسىل قىلدىم. ئاندىن ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىرىبىرلەپ

ئۆمۈلەپ ئەڭ ئۈستىدىكى رىتسارنىڭ كەڭ مۈرىسىگە چىقتىم. ئاندىن بۇ يەردىن كۆچەپ بىرلا سەكرەپ سېپىل تامىنىڭ گىرۋىكىنى تۇتىۋالدىم ھەم يېنىك كۆچەپلا تامىنىڭ ئۈستىگە چىقتىم. مەن ئېلىپ چىققان ئالتە تال تاسمىنى ئۆزئارا چېتىپ بىر بېشىنى ئەڭ ئېگىزدىكى رىتسارغا تۇتقۇزدۇم، يەنە بىر بېشىنى شەھەر سېپىلىدىن ئارتىلدۇرۇپ شەھەر ئىچىدىكى يولغا تاشلىدىم. ئەتراپتا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. مەن ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن سىيرىلىپ شەھەر ئىچىگە چۈشتۈم.

مەن كانتوس كاندىن شەھەر دەرۋازىسىنى قانداق ئېچىشنى ئۆگىنىۋالغان بولۇپ ئىشىك ئېچىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي مېنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن يىگىرمە نەپەر رىتسار ھۇجۇم قىلىپ ئېلىش تەس بولغان شەھەر سېپىلىدىن ئۆتۈپ زودانگا شەھەرگە كىردى.

مەن خۇشاللىق ئىچىدە شۇنى بايقىدىمكى، مەن غايەت زور خانلىق مەيدانىنىڭ سىرتقى چېتىگە يېتىپ كەلگەن ئىكەنمەن. يىراقتىن خان ئوردىسىنىڭ پىلدىرلاپ چاقناپ تۇرغان چىراغلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. شۇڭا ئاساسىي قوشۇن ئەسكەرلەر گازارمىسىغا ھۇجۇم باشلىغاندا بىر بۆلۈك رىتسارنى باشلاپ خان ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىشنى قارا قىلدىم.

بۇ پىلانىمنى  تارس تاركاسقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ماڭدۇرۇپ ئۇنىڭ يەنە ئەللىك نەپەر ساكلىق رىتسار ئەۋەتىشىنى ئېيتتىم. مەن يەنە ئون نەپەر رىتسارغا چوڭ دەرۋازىنى ئىشغال قىلىپ ئۇنى ئېچىشقا بۇيرىدىم. ئۆزۈم قالغان رىتسارلارنى باشلاپ يەنە بىر چوڭ دەرۋازىنى كونترول قىلدىم. بىز يول بويى ئۇچرىغان دۈشمەننى تۈيدۈرماي جايلاپ ئەللىك نەپەر رىتسارنى باشلاپ خان ئوردىسىغا يېتىپ بارغۇچە بىر پايمۇ ئوق چىقارماسلىقىمىز ھەم كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇمغا ئۆتمەسلىكىمىز كېرەك ئىدى.

پىلانىمىز ئوڭۇشلۇق بولدى. بىز يولۇققان ئىككى قاراۋۇلنى كىروس ئۆلۈك دېڭىزنىڭ بويىدىكى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا يولغا سېلىۋەتتۇق. چوڭ دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى قاراۋۇللارمۇ ھېچنېمە تۇيمايلا ئالدىنقى قاراۋۇللارنىڭ كەينىدىن كېتىپ قالدى.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

# زودانگادىكى بالايى ـ قازا

مەن يوغان شەھەر دەرۋازىسىنىڭ يېنىدا تۇراتتىم. دەرۋازا ئېچىلغاندىن كېيىن ئەللىك نەپەر ساكىلىق رىتسار تارس تاركاسنىڭ باشچىلىقىدا ئاتلىرىغا مىنىشىپ ئىنتىلىپ كىرىپ كەلدى. مەن ئۇلارنى باشلاپ خان ئوردىسى قورشاۋ تېمىنىڭ يېنىغا كەلدىم ۋە ھېچكىمنىڭ ياردىمىسىزلا بىرلا سەكرەپ ئىچىگە كىردىم. ئەمما ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن دەرۋازىنىڭ يېنىدا ئازراق ئاۋارىيەگە يولۇقتۇم. دەرۋازا چاتقۇچ بىلەن ئېتىۋېتىلگەن بولۇپ ئېچىش خېلى قىيىنغا توختىدى، شۇنداقتىمۇ بىر ئامال قىلىپ دەرۋازىنىڭ يوغان چاتقۇچىنى ئاچتىم. ئۇزاق ئۆتمەي مېنىڭ ياۋۇز ھەمراھلىرىم زودانگا خانىنىڭ گۈللىكىدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى. خان سارىيىغا يېقىنلاشقان ۋاقتىمدا مەن بىرىنچى قەۋەتنىڭ چوڭ دېرىزىسىدىن سەيىن كوسىسىنىڭ چىراغ بىلەن يورۇپ تۇرغان قوبۇلخانىسىنى كۆردۈم.

زال ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئاقسۆڭەك ئاياللار بىلەن تولغان بولۇپ چوڭ بىر مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئوردا سىرتىدا بىرمۇ قاراۋۇل كۆرۈنمەيتتى. قارىغاندا ئۇلار

شەھەر سىپىلى ۋە ئوردا تېمىنى ھۇجۇم قىلىپ ئالغىلى بولمايدىغان مۇستەھكەم قورغان دەپ ئويلاپ بەخىرامان ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. مەن ئالدىغا ئازراق مېڭىپ ئەتراپنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆزەتتىم . قوبۇلخانىنىڭ بىر بىشىدىكى بىرلىيانت ئولتۇرغۇزۇپ نەپىس ياسالغان كاتتا ئالتۇن تەخت ئۈستىدە سەيىن كوسىس بىلەن ئۇنىڭ خانىشى ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ۋە ئېسىلزادىلەر تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىككى تەرىپىدە بىر رەتتىن ئەسكەر تۇرغۇزۇلغان مەخمەك يول سوزۇلۇپ ياتاتتى. يەنە بىر تەرەپتە، زالنىڭ يىراق ئۇچىدا بىر رەت ئادەم تەختكە  قاراپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلارغا باشلامچى بولۇپ ماڭغان كىشى تەخت ئالدىدىكى يولغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقىنى يوغان بىر تەخسە كۆتۈرگەن خان مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ تۆت نەپەر ئوفىتسېرى بولۇپ تەخسىنىڭ ئىچىدىكى قىپقىزىل يىپەك تەگلىك ئۈستىگە ئىككى ئۇچىدا بىردىن ھالقا ۋە قۇلۇپ ئېسىلغان ئالتۇندىن ياسالغان  بىلەيزۈك قويۇلغان ئىكەن. بۇ ئوفىتسېرلارنىڭ كەينىدىن سوڭدىشىپلا يەنە تۆت نەپەر ئوفىتسېر كېلىۋاتقان بولۇپ قولىدا ئوخشاش تەخسە كۆتۈرگەن، تەخسە ئىچىگە زودانگا خان جەمەتىنىڭ شاھزادىسى بىلەن مەلىكىسىگە ئاتالغان نەپىس زىننەت بۇيۇملىرى قويۇلغان ئىدى.

بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئادەم تەخت ئالدىدا ئايرىلغاندىن كېيىن توختاپ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۆزئارا روبىرو تۇردى. كەينىدىنلا يەنە خان سارىيى ۋە ھەربىي قىسىمنىڭ تېخىمۇ كۆپ مەردىۋىلىكلىرى ۋە ئوفىتسېرلىرى يېتىپ كەلدى. ئەڭ ئاخىرىدا كەلگەن ئىككى ئادەمنىڭ باش قىسمى ئوتقاشتەك قىزىل يىپەك رەخت بىلەن ئورالغان بولۇپ ھېچكىم قىياپىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. بۇ ئىككىسى تەختنىڭ ئالدىدا يۈزىنى سەيىن كوسىسقا قىلىپ ئۆرە تۇردى.

زالغا كىرىدىغانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ تېگىشلىك جايلىرىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن سەيىن كوسىس بۇ بىر جۈپ ئادەمنى ئۆز ئالدىغا چاقىرتتى. مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئېنىق ئاڭلىيالمىدىم. ئىككى نەپەر ئوفىتسېر دەرھال ئالدىغا چىقىپ ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ

بېشىدىكى يىپەك رەختنى ئېلىۋەتتى. كانتوس كاننىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغانلىقىنى شۇ ھامانلا چۈشەندىم. چۈنكى مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تۇرغىنى دەل زودانگا شاھزادىسى سابو سەيىن ئىدى.

بۇ چاغدا سەيىن كوسىس تەختىدىن بىر يۈرۈش زىننەت بۇيۇمى ئىچىدىن بىر دانە بىلەيزۈكى ئېلىپ ئوغلىنىڭ بويىنىغا ئېسىپ چاتقۇچىنى مەھكەم چېتىپ قويىدى ھەم ئۇنىڭغا بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلدى. ئاندىن ئۇ يەنە بىر ئادەمگە يۈزلەندى. ئۇفتىسېر بۇ ئادەمنىڭ بېشىدىكى يۈپۈقنىمۇ ئېلىپ تاشلىدى. ئەمدى مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تۇرغىنى دېكا تۇررېس — خىرئان مەلىكسى ئىدى.

بۇقىتىمقى مۇراسىمنىڭ مەنىسىنى دەرھال چۈشىنىپ يەتتىم. دېكا تۇررېس ھازىرلا زودانگا شاھزادىسى بىلەن مەڭگۈ بىر گەۋدە بولۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. بۇ ئۇنتۇلغۇسىز، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان مۇراسىم بولسىمۇ ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەن كۆرۈۋاتقان ئەڭ ئېچىنىشلىق ماتەم مۇراسىمغا ئوخشايتتى. سەيىن كوسىس بىلەيزۈكنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ ئۇنى دېكا تۇررېسنىڭ گۈزەل قامىتىگە ئارتماقچى بولۇۋاتقاندا مەن شەمشىرىمنى بېشىمدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇختا سېپى بىلەن دېرىزە ئەينەكلىرىنى چېقىپ زالغا ئېتىلىپ كىردىم ھەم توپتوغرا سەيىن كوسىسنىڭ يېنىدىكى پەلەمپەيگە سەكرەپ بېرىپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان خاننىڭ قولىدىكى دېكا تۇررېس بىلەن يەنە بىر ئادەمنى ئۆزئارا مەڭگۈلۈك باغلايدىغان بىلەيزۈككە غەزەپ بىلەن چاپتىم.

ئىشلار بىر دەمدىلا قالايماقانلىشىپ كەتتى. سانسىز شەمشەر تەرەپ تەرەپتىن ماڭا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كەلدى. سابۇ سەيىن تويلۇق زىننەت بۇيۇملىرى ئىچىدىن بىر دانە ئالماس بىلەن نەقىشلەنگەن خەنجەرنى چىقىرىپ ئالدىمغا سەكرەپ كەلدى. مەن ئۇنى بىر تال چىۋىننى ئۆلتۈرگەندەك ئاسانلا ئۆلتۈرۈپ تاشلىيالايتتىم. ئەمما بارسۇملۇقلارنىڭ ئادىتى مېنى بۇنداق قىلىشتىن توسۇپ قويدى. ئۇ خەنجەرنى ماڭا قارىتىپ زەرپ بىلەن شىلتىغاندا مەن ئۇنىڭ قول بېغىشىنى ئامبۇردەك قىسىۋېلىپ شەمشىرىم بىلەن زالنىڭ يەنە

بىر تەرىپىنى كۆرسىتىپ:

— قاراڭلار، زودانگا تۇگەشتى، — دەپ ۋارقىرىدىم.

ھەممەيلەننىڭ نەزىرى مەن كۆرسەتكەن تەرەپكە ئاغدى. تارس تاركاس شۇ ھامان قول ئاستىدىكى ئەللىك نەپەر رىتسارنى باشلاپ يوغان جەڭ ئاتلىرىغا مىنىپ زال ئىشىكىدىن بۆسۈپ كىرىپ كەلدى. كىشىلەر تويى چۇچىگىنىدىن چىقىرىشىپ كەتتى. ئەمما ھېچكىم قورققاندەك قىلمايتتى. زودانگالىق ئەسكەر ۋە ئاقسۆڭەكلەر شەمشەرلىرىنى يالىڭاچلاپ باستۇرۇپ كىرگەن ساكلىقلارغا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كەتتى.

مەن سابۇ سەيىننى مۇنبەردىن ئىتتىرىپ چۈشۈرىۋېتىپ دېكا تۇررېسنى يېنىمغا تارتىۋالدىم. تەختنىڭ كەينىدە بىر كىچىك ئىشىك بولۇپ سەيىن كوسىس شەمشىرىنى چىقىرىپ ئىشىك ئىچىدىن ماڭا قاراپ تۇراتتى. بىز دەرھاللا ئۆزئارا تۇتىشىپ كەتتۇق. رەقىبىم نانقىپىلىردىن ئەمەسكەن. بىز كەڭ مۇنبەر ئۈستىدە ئېلىشىۋاتقاندا، سابۇ سەيىننىڭ دادىسىغا ياردەمگە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا دېكا تۇررېس ئۇنىڭ ئالدىغا سەكرەپ بېرىپ ئۇنى توسىۋالدى. دەل شۇ پەيتتە مېنىڭ شەمشىرىم سابۇ سەيىننى زودانگانىڭ خانلىق ئورنىغا ئۆلتۈرغۇزدى. ئونىڭ دادىسى ئەجەللىك زەربە يەپ يەردە دوملاۋاتقاندا يېڭى خان دېكا تۇررېستىن ئاجراپ چىقىپ بىز روبىرو تۇتۇشۇپ قالدۇق. شۇ ھامان تۆت نەپەر ئوفىتسېر ئونىڭغا ھەمدەمگە يىتىپ كەلدى. مەن تەختنى دالدا قىلىپ دېكا تۇررېس ئۇچۇن جان تىكىپ ئېلىشتىم ھەم ئۆزۈمنى قوغداشقا مەجبۇر بولدۇم، چۈنكى سابو سەيىننى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرسەم بولمايتتى. مەن سۆيىدىغان ئايالنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت سابۇ سەيىندە ئىدى. شەمشىرىم چاقماقتەك ھەرىكەت قىلىپ رەقىبىمنىڭ قىلىچىنى كەينىگە قايتۇراتتى. ئوفىتسېرلاردىن ئىككىسى قۇرالسىزلانغان، بىرى يەر چىشلىگەن بولسىمۇ يەنە نەچچىسى يۈگۈرۈپ كېلىپ يېڭى خانغا ھەمدەم بولۇپ كونا خان ئۇچۇن قىساس ئېلىشقا تىرىشىۋاتاتتى.

ئۇلار باستۇرۇپ كەلگەندە بىرى:

— ئاۋۇ ئايالنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، بۇ ئۇنىڭ سۇيىقەستى، — دەپ ۋارقىرىدى.

مەن دىكا تۇررېىسنى كەينىمگە ئۆتتۈشكە چاقىردىم ھەم ئامال قىلىپ تەخت كەينىدىكى كىچىك ئىشىككە يۆتكەلدىم. ئوفىتسېرلار مەقسىتىمنى بىلىپ قالدى بولغاي ئۇلاردىن ئۈچىسى كەينىمگە ئۆتتى. دېكا تۇررېىسنى قوغداش ئۈچۈن مەن پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم.

ساكلىقلار زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالدىراش بولۇپ تارىس تاركاس ئەتراپىدىكى پاكارلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتاتتى. شۇڭا مەن پەقەت مۆجىزە يۈز بەرگەندىلا تۇررېىس ئىككىمىزنىڭ ھايات قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. تارىس تاركاسنىڭ يوغان قىلىچى بىر چۈشكەندە يەرگە بىر جەسەت يىقىلاتتى. ئۇ مۇشۇنداق قانلىق يول ئېچىپ بىردەمدىن كېيىن مېنىڭ يېنىمدا پەيدا بولۇپ ئوڭ ـ سولدىن تەڭلا قىر ـ چاپقا چۈشتى.

زودانگالىقلارنىڭ باتۇرلۇقى ئادەمنى قايىل قىلىدىكەن. بىرمۇ ئادەم قېچىپ كېتىشنى خىيال قىلمىدى. ئاخىرىدا زالدا پەقەت ساكلىقلار بىلەن دېكا تۇررېىس ئىككىمىز ھايات قالدۇق. جەڭ ئاخىرلاشتى.

سابۇ سەيىن دادىسىنىڭ يېنىغا يېقىلىپ ئۆلدى. تارىس تاركاسنىڭ ئەجەللىك زەربىسى ئۇنىڭ خىرئان مەلىكىسىگە ھامىيلىق قىلىش ھوقۇقىدىن مەڭگۈلۈك مەھرۇم قىلغان ئىدى. باشقا زودانگالىق ئاقسۆڭەك ۋە ھەربىي قىسىمدىكى سەرخىل ئەسكەرلەرنىڭ جەستى قان دەريا ياساپ ئېقىۋاتقان پولدا دۆۋىلىنىپ ياتاتتى.

كەسكىن جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مېنىڭ بىرىنچى بولۇپ ئويلىغىنىم كانتوس كان بولۇپ دېكا تۇررېىسنى تارىس تاركاسنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ ئۆزۈم ئون ئىككى رىتسارنى باشلاپ تېزلىكتە خان ئوردىسىنىڭ يەر ئاستىدىكى زىندانىغا يېتىپ باردىم. قاراۋۇللارنىڭ ھەممىسى زالدىكى جەڭگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەتكەچكە سىرلىق كارىدور ئىچىدە ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىدۇق. ھەر بىر كارىدور ۋە ئۆي كۆرۈنگەندە مەن كانتوس كاننىڭ ئىسمىنى ئۈنلۈك چاقىردىم. ئاخىرى ئاجىز بىر ئاۋاز جاۋاب قايتۇردى. ئاۋازنىڭ

يول كۆرسەتكۈچى بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي كىچىك بىر قاراڭغۇ ئۆيگە يالغۇز سولانغان كانتوس كاننى تاپتۇق. ئۇ مېنى كۆرۈپ جەڭنىڭ نەتىجىسىنى بىلدى ھەم خۇشاللىقىدىن ئېلىشىپ قالغىلى تاس قالدى. جەڭ مايدانىدىكى ئاۋازلار بۇ يەرگە ئانچە ـ مۇنچە ئاڭلىنىپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ ماڭا ھېلىقى كۈنى مۇنارغا بارماي تۇرۇپلا چارلىغۇچى ئايروپىلاننىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن سابۇ سەيىننىڭ قارىسىنى كۆرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي زىندانغا تاشلىنىپتۇ.

بىز تەكشۈرۈپ زىنداننىڭ ئىشىك ۋە كىشەنلىرىنى ئاسان ئاچقىلى بولمايدىغانلىقىنى بايقىدۇق. كانتوس كاننىڭ يول كۆرسەتكۈچى بىلەن مەن زالغا قايتىپ بېرىپ زىندان ئىشىكىنى ۋە كىشەننى ئاچىدىغان ئاچقۇچنى تاپماقچى بولدۇم. بەختكە يارىشا ناھايىتى ئاسانلا ئۇنىڭغا قارايدىغان قاراۋۇلنىڭ جەسىدىنى تېپىپ ئاچقۇچنى ئالدىم. ئۇزاق ئۆتمەي كانتوس كان ئىككىمىز قۇچاقلاشقىنىچە قوبۇلخانا زالىدا پەيدا بولدۇق.

قاتتىق زەمبىرەك ئوقى كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرىنى بېسىپ شەھەر كوچىلىرىدا يامرىدى. ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. تارس تاركاس سىرتقا چىقىپ جەڭگە قوماندانلىق قىلمىسا بولمايتتى. كانتوس كان ئۇنىڭغا يول باشلاش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. باشقا رىتسارلار خان ئوردىسىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا يوشۇرۇنۇۋالغان دۈشمەنلەرنى ۋە جەڭ غەنىيمەتلىرىنى ئىزلەپ چىقىپ كەتتى. زالدا پەقەت دېكا تورىس ئىككىمىزلا قالدۇق.

ئۇ بىر ئالتۇن كۇرسى ئۈستىدە ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا بۇرۇلغاندا ماڭا قاراپ سوغۇقلا كۈلۈپ قويدى.

— مۇشۇنداقمۇ ئەر بولىدىكەن، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ، — مېنىڭ بىلىشىمچە بارسومدا ھېچقاچان سىزدەك ئادەم چىقىپ باقمىغان. ئەجەبا يەر شارىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى سىزگە ئوخشاشمۇ؟ سىرتقى دۇنيادىن كەلگەن ئاجايىپ بىر ئادەم، قوغلاش، تەھدىتكە ئۇچراش ۋە تۈرلۈك زىيانكەشلىكلەرگە، ھەر ۋاقىت يوقۇتۇلۇش

خەۋپىگە دۇچ كېلىشۋاتقان بىر ئادەم، قىسقىغىنا بىر نەچچە ئاي ۋاقىت ئىچىدە بارسومنىڭ تارىخىدا ھازىرغىچە ھېچكىم قىلالمىغان ئىشنى قىلدى. دېڭىز تېگىدىكى ياۋايى خەلقلەرنى بىر يەرگە يىغىپ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، قىزىل تەنلىك خىرىئانلىقلارنىڭ دوستىغا ئايلاندۇرالىدى.

— بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي، دېكا تۇررىس، — مەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردىم، — بۇ ئىشلارنى قىلغان مەن ئەمەس، بەلكى ھەقىقى سۆيگۈ — دېكا تۇررىسقا بولغان يالقۇنجاپ تۇرغان مۇھەببەت. ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بۇ قېتىم كۆرگەندىنمۇ بۈيۈك مۆجىزىلەرنى يارىتالايدۇ.

ئۇنىڭ يۈزىدە چىرايلىق قىزىللىق پەيدا بولدى.

— سىز ھازىر ھېلقى گەپنى قىلىسىڭىز بولىدۇ، جون كارتېر. مەنمۇ ئۇ گەپنى ئاڭلاشقا تەشنا. چۈنكى مەن ئەمدى ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايمەن.

— مەن ھازىرلا بۇ گەپنى قىلىمەن، بۇ قېتىم ھەرگىز كېچىكمەيمەن، — دېدىم مەن، — بۇ ئۆمرۈمدە نۇرغۇن كەم ئۇچرايدىغان غەلىتە ئىشلارنى قىلدىم. مېنىڭدىن ئەقىللىق كىشىلەر قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىدىم. لېكىن مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى ئەڭ توغرا دەپ قارىغان ئىشلار ئىچىدە، دېكا تۇررىس ئىسىملىك بىر قىزغا ئېرىشىشنى چۈشۈمدىمۇ ئويلاپ باقمىغان ئىدىم. چۈنكى پۈتۈن كائىناتتا خىرىئان مەلىكىسى دەپ ئاتىلىدىغان مۇنداق ئايالنىڭ بارلىقىنى ئەزەلدىن چۈشۈمدىمۇ كۆرمىگەنمەن. سىز بىر مەلىكە بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن مېنى بۇنچىلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندىگىنىڭىز يوق. بەلكى سىزنىڭ ئۆزىڭىز، سىزنىڭ بۈيۈكلىكىڭىز ۋە يۈكسەكلىكىڭىز. مۇشۇنداق بولغاچقا، مېنىڭ مەلىكەم ماڭا ياتلىق بولىدىغان چاغدا ئەقلىي ـ ھوشۇمنىڭ جايىدا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيمەن.

— تەلەپ قويۇشتىن ئاۋۋال قوبۇل قىلىدىغان ئادەمنىڭ خىجىل بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىش لازىم، — دېدى ئۇ ۋە ئورنىدىن تۇردى.

تۇررىس يېنىمغا كېلىپ قولىنى مۇرەمگە قويدى. مەن دەرھال ئۇنى قۇچاقلاپ

قىزغىن سۆيۈپ كەتتىم.

شۇنداق قىلىپ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق، ئۇرۇش ئوتىغا تولغان شەھەر مەركىزىدە، ئەتراپىمىزدا ئۆلۈم ۋە يوقۇتۇلۇش ھەر ۋاقىت يۈز بېرىۋاتقان چاغدا دېكا تۇررىس — خىرئان مەلىكسى، ئۇرۇش ئىلاھى مارسنىڭ ھەقىقى قىزى ۋىرگىنىيىلىك ئەرباب جون كارتېرغا ياتلىق بولۇشقا قوشۇلدى.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

# قىرغىنچىلىق كەينىدىكى خۇشاللىق

ئۇزاق ئۆتمەي تارس تاركاس بىلەن كانتوس كان قايتىپ كېلىپ زودانگانىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى. زودانگا قوشۇنىدىن ھايات قالغانلىرى ئەسىر بولۇپ قارشىلىق قىلغۇدەك كۈچى قالماپتۇ. بىر نەچچە ئۇرۇش كېمىسى قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ ئەمما قالغان مىڭدىن ئوشۇق جەڭ كېمىسى ۋە سودا كېمىسى ساكلىقلارنىڭ قولىدا ئىكەن.

يېشىللارنىڭ بەزى كىچىك قەبىلىلىرى ئالىقاچان تالان ـ تاراج قىلىشنى باشلىۋەتكەن ئىدى. بىز دەرھال بارلىق رىتسارلارنى يىغىپ كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ زودانگالىق ئەسىرلەرگە ھەيدىتىپ تېزدىن خىرئانغا بېرىش قارارىغا كەلدۇق. بەش سائەتتىن كېيىن بىز بىنانىڭ ئۈستىدىن بوشلۇققا كۆتۈرۈلدۇق. قوشۇن يۈزمىڭغا يېقىن يېشىل تەنلىك رىتسارنى ئېلىپ ماڭغان ئىككى يۈز ئەللىك چوڭ جەڭ كېمىسىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، جەڭ ئاتلىرىنى ئېلىپ ماڭغان تىرانسپورت كېمىلىرىمۇ كەينىمىزدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى.

ۋەيرانە شەھەر كىچىك قەبىلىلەرنىڭ توت مىڭدىن ئارتۇق ياۋۇز رىتسارلىرىغا تاشلاپ قويۇلدى. ئۇلار ھەممىلا يەردە كۆيدۈرۈپ،ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلاتتى. ئۆزئارامۇ جېدەل ـ ماجىرا ئۈزۈلمەيتتى. ئۇلار مەشئەل بىلەن يۈزدىن ئارتۇق جايغا ئوت يېقىۋەتكەن بولۇپ شەھەر ئۈستىدە تۈرۈم ـ تۈرۈم قويۇق ئىس ـ تۈتەك ئۆرلەپ يۇقىرىدىكىلەرنىڭ كۆزىنى توساپ تۆۋەندە بولىۋاتقان قورقۇنۇچلۇق ئىشلارنى كۆرسەتمەيتتى.

چۈشتىن كېيىن بىز خىرىئاننىڭ قىزىل ۋە سېرىق ئىككى مۇنارىنى كۆردۇق. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەردىكى زودانگا ئۇچار كېمىلىرى شەھەرنى قورشاپ تۇرغان گازارمىلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ بىزگە قاراپ باستۇرۇپ كەلدى. بىزنىڭ كېمىلەرنىڭ باش ـ ئاخىرىغا خىرىئاننىڭ بايرىقى قادالغان بولۇپ، ئۇلار بايراقتا قارىمايمۇ دۈشمەنگە يولۇققانلىقىنى بىلىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى. چۈنكى ئۇلار يەر يۈزىدىن كۆتۈرلىشىگىلا بىزنىڭ يېشىل تەنلىك رىتسارلار ئۇلارغا قارىتىپ ئوت ئاچتى. يېشىل تەنلىك رىتسارلار ئادەمنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەن جەڭ تاكتىكىسىنى ئىشقا سېلىپ بىزگە قاراپ كېلىۋاتقان كېمىلەرنى ئوققا تۇتماقتا ئىدى.

خىرىئاننىڭ ئاچا ـ سىڭىل شەھىرىدىكىلەر بىزنىڭ دوست ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلغاندىن كېيىن دەرھال نەچچە يۈز جەڭ كېمىسىنى ئەۋەتىپ ياردەمگە كەلدى. بىر مەيدان ھەقىقى ھاۋا ئورۇشى باشلىنىپ كەتتى.

يېشىل تەنلىك مارسلىقلار ئولتۇرغان ئۇچار كېمىلەر بوشلۇقتا ئايلىناتتى. ساكلاردا دېڭىز ئارمىيە قىسمى بولمىغاچقا كېمىدىكى زەمبىرەكلەرنى مەشغۇلات قىلىشنى بىلمەيتتى. شۇڭا كىمدىكى زەمبىرەكلەر ئەھمىيىتىنى يوقاتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ كىچىك تىپتىكى قورالىرى خېلى چوڭ قۇدرەتكە ئىگە ئىكەن. گەرچە جەڭنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى ئۇلار بەلگىلىيەلمىسىمۇ ئەمما ئەڭ زور تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتتى.

دەسلىپىدە ئىككى تەرەپنىڭ كېمىلىرى ئوخشاش ئېگىزلىكتە ئايلىنىپ ئۆزئارا ئېتىشتى. ئۇزاق ئۆتمەي چوڭ بىر زودانگا كېمىسىنىڭ گەۋدىسىدە بىر تۆشۈك پەيدا بولدى

ھەم كېمە تۇيۇقسىز قىڭغىيىپ كەتتى. كېمىدىكى كىچىك ئادەملەر مىلىك فوت ئېگىزلىكتىن تۆرلۈك قىياپەتتە يەر يۈزىگە كەينى كەينىدىن سەكرەشكە مەجبۇر بولدى. كېمە كىشىنى چۆچۈتكىدەك تېزلىكتە تۆۋەنلەپ بىر بېشى قەدىمىي دېڭىزنىڭ قۇرۇپ كەتكەن يۇمشاق تۇپرىقىغا كىرىپ كەتتى. خىرىئاندىن ئەۋەتىلگەن كېمىدىكىلەر ئۆيئىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ تەبرىكلەشتى. ئۇلار تېخىمۇ باتۇرلۇق بىلەن زودانگا كېمىلىرىگە زەربە بېرىشكە باشلىدى. خىرىئانىنىڭ ئىككى جەڭ كېمىسى ئەپچىللىك بىلەن رەقىبىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە چىقىپ ئۇ يەردىن دۈشمەنگە قارىتىپ ئەجەللىك زەربە بەردى. بارا ـ بارا خىرىئان كېمىلىرىنىڭ ھەممىسى زودانگا كېمىلىرىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە چىقىۋالدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا زودانگانىڭ خىرىئانىنى قورشاپ تۇرغان جەڭ كېمىلىرى بىر دۆۋە كېرەكسىز مېتاللغا ئايلىنىپ قىزىل مۇنار تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. بىر نەچچە كېمە قاچماقچى بولۇۋىدى دەرھاللا خىرىئانىنىڭ مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان يالغۇز كىشىلىك كېمىلىرى تەرىپىدىن قورشىۋېلىندى. ئۈستى تەرەپتە يەنە بىر يوغان خىرىئان كېمىسى دۈشمەن كېمىلىرىنىڭ پالوبىسىغا ئەسكەر چۈشۈرۈشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇردى.

ئۆزرىلىرىنىڭ غالىب چاغلايدىغان زودانگا قىسمىنىڭ كېمىلىرى گازارمىسىدىن چىقىپ بىزگە ھۇجۇم قوزغىغاندىن باشلاپ تاكى جەڭ تاماملانغىچە پەقەت بىر سائەتتىن ئارتۇق بەرداشلىق بېرەلىدى. قالغان كېمىلىرى ئەسىرگە چۈشۈپ خىرىئانغا ھەيدەپ كېتىلدى.

جەڭ كېمىلىرىنىڭ تەسلىم بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئۆزگىچە ئۇسۇلى بار بولۇپ، كونا قائىدە بويىچە مەغلۇپ بولغان كېمە كاپىتانى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كېمىدىن يەرگە سەكرەپ تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىكەن. قەيسەر كېمە كاپىتانلىرى دۆلەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ كېمە تۇمشۇقىدىن سەكرىشىپ قورقۇنۇچلۇق ئەزرائىلنى كۆتۈۋېلىشتى. مۇشۇ تەرىقىدە تاكى ئۇرۇش كېمىلىرىنىڭ باش قوماندانىمۇ سەكرەپ تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىغاندىلا ئاندىن پۈتكۈل جەڭ رەسمىي ئاخىرلىشىپ قەيسەر ئەزىمەتلەرنىڭ بىھۇدە قۇربان بېرىشى

توختىدى.

بىز خىرئان كېمىلىرىگە سىگنال بېرىپ ئۇلارنى بىزگە يېقىنلىششقا چاقىردۇق. ئۇلار مېنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىمنى ئاڭلىيالىغۇدەك يېقىنلىغاندا مەن مەلىكە دېكا تۇررېسنىڭ مۇشۇ كېمىدە ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا خەۋەر قىلدىم. بىز ئۇلارنىڭ مەلىكىنى دەرھال شەھەر ئىچىگە ئېلىپ كىرىشنى ئېيتتۇق. ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنگەندىن كېيىن پالۋىدا قارىشى ئېلىش سادالىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇزاق ئۆتمەي يۈزدىن ئارتۇق خىرئان مەلىكىسىنىڭ بايرىقى چىقىرىلدى. باشقا خىرئان كېمىلىرىمۇ ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن مەلىكىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى قارىشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چىقىرىلغان مەلىكە بايرىقى ئالتۇنرەڭ قوياش نۇرىدا ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنەتتى.

كېمىلەر يېقىنلاپ كەلگەندىن كېيىن ئەپچىللىك بىلەن بۇرۇلۇپ يېنىنى بىزگە توغرىلىدى. ئون نەچچە نەپەر ئوفىتسېر بىزنىڭ كېمىگە سەكرەپ چۈشتى. ئۇلار كېمىنىڭ ئىچىدىكى نەچچە يۈز يېشىل تەنلىك رىتسارلارنى كۆرۈپ چۆچىگىنىدىن قەدەملىرىنى توختىتىشتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ نەزىرى قارىشى ئېلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقان كانتوس كانغا چۈشكەندىن كېيىن داۋاملىق ئالدىغا قەدەم تاشلىدى ھەم ئونى ئورىۋېلىشتى.

تۇررېس ئىككىمىزمۇ ئۇلارنى قارىشى ئالغىلى چىقتۇق. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پەقەت مەلىكىلا بار ئىكەن. دېكا تۇررېس ئۇلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشتى ھەم ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چىقتى. بۇ كىشىلەر ئونىڭغا ناھايىتى تونۇش بولۇپ ھەممىسلا ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئۇنۋانغا ئىگە، بىۋاستە خانىنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلىدىغان ئوفىتسېرلار ئىكەن.

— قولۇڭلارنى جون كارتېرنىڭ مۇرىسىگە قويۇپ ئونىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈڭلار — دىدى تۇررېس ئۇلارغا، ئاندىن ماڭا بۇرۇلۇپ دېدى ، — خىرئان مەلىكىسىنىڭ قايتىپ كېلىشى ۋە بوگۆنكى جەڭ غەلبىسى ئۇنىڭغا مەنسۇپ .

ئۇلار ماڭا ئىنتايىن ئەدەپ بىلەن كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان نۇرغۇن

ئىسىل سۆزلەرنى قىلدى. ئۇلارنى ھەممىدىن قاتتىق ھەيران قالدۇرغىنى، مېنىڭ ياۋۇز ساكلىقلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ دېكا تۇررېسنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈشۈم ھەم خىرىئاننى قورشاۋدىن خالاس قىلىشىم بولدى.

— سىلەر رەھمەت ئېيتىدىغان ئادەم مەن ئەمەس، بەلكى يەنە بىر ئادەم، — دېدىم مەن ئۇلارغا، — ئۇ دەل بارسومدىكى ئەڭ ئۇلۇغ رىتسار ھەم سىياسىيون تارس تاركاس، ساك خانلىقىنىڭ خانى بولىدۇ.

بايىقىغا ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئۇلار يەنە بۇيۇك ساك خانىغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى. مېنى تېخىمۇ قاتتىق ھەيران قالدۇرغىنى تارس تاركاسنىڭ قىزىل تەنلىكلەردىن قېلىشمايدىغان ئېسىل خىسلىتى، ئۆزگىچە قائىدە ـ يوسۇنلۇقى ۋە ئالىيجانابلارغا خاس ئاجايىپ نوتىقى بولدى. ساك قەبىلىسى ناھايىتى ئاز گەپ قىلىدىغان مىللەت تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ نۇتقى ئادەمنى ئىنتايىن قايىل قىلارلىق بولدى.

دېكا تۇررېس خىرىئان كېمىسىگە چىقتى. ئۇ مېنىڭ بىللە ماڭمايدىغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى. مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ ئۇرۇش تېخى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشمىغانلىقىنى، بىز يەنە خىرىئاننى قورشاپ تۇرغان زودانگانىڭ قۇرۇقلۇق قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىمىزنى، ھەققى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى ئۆزۈمنىڭ تارس تاركاستىن ئايرىلمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

خىرىئان دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى شەھەر ئىچىدىن بىزنىڭ قۇرۇقلۇق قىسىمغا زەربە بېرىشكە ماسلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كېمىلەر ئىككى يولغا بۆلۈندى. خىرىئان كېمىلىرى دېكا تۇررېسنى ئېلىپ خىرىئان خانى تاردوس مورسنىڭ ئوردىسىغا قايتتى.

يىراقتا جەڭ ئاتلىرىنى ئېلىپ ماڭغان ترانسپورت كېمىلىرى كۆرۈندى. بىز جەڭ قىلىۋاتقاندا ئۇلار تېخى يېتىپ كېلەلمىگەن ئىدى. بۇ كېمىلەرنىڭ توختايدىغان يېرى بولمىغاچقا كېمىدىكى ئات ـ ئۇلاقلارنى يەرگە چۈشۈرۈش ئىنتايىن قول تۇتىدىغان ئىش ئىدى. مۇۋاپىق جاي بولمىغاچقا بىز شەھەردىن ئون مىل يىراقلىقتىكى بىر يەرنى تاللاپ

خىزمەتنى باشلىۋەتتۇق. ئاتلارنى تاسما بىلەن باغلاپ بىر ـ بىرلەپ يەرگە چۈشۈرۈش تۇغرا كەلگەچكە بۇ ئىش  تاكى تۈن يېرىمىغىچە سوزۇلدى. بۇ جەرياندا زودانگانىڭ ئاتلىق قوشۇنى ئىككى قېتىم بىزگە ھۇجۇم قىلدى. ئەمما چوڭ زىيان كەلتۈرەلمىدى. كۈن كەچ بولغاندا ئۇلار چېكىندى.

ئاتلارنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن تارس تاركاس قوشۇنغا دەرھال ئاتلىنىش بۇيرۇقى بەردى. بىز ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ شەرق، جەنۇپ، شىمال يۆلۈنىشتىن زودانگانىڭ قۇرۇقلۇق قىسىمىغا تەڭلا ھۇجۇم باشلىدۇق.

گازارمىدىن بىر مىل يىراقلىقتا بىز قاراۋۇلغا يولۇقتۇق. كېلىشكىنىمىز بويىچە بۇ قاراۋۇلنى جايلاپ تاشلاش جەڭ سىگنالى قىلىندى. بىر پارچە چوقان ـ سۈرەن ئىچىدە بىز زودانگا قىسىملىرىنىڭ گازارمىسىغا باستۇرۇپ باردۇق. زودانگا قىسىملىرىمۇ قاتتىق تەييارلىق كۆرگەن ئىكەن. شۇڭا بىز مۇستەھكەم موداپىئە لىنىيىسىگە دۈچ كەلدۇق. بىزنىڭ قايتا ـ قايتا ھۇجۇمىمىزنىڭ ھەممىسى نەتىجىسىز بولۇپ چىقتى. چۈش ۋاقتى بولغاندا مەن جەڭنىڭ غەلىبىسىدىن ئەنسىرەپ قالدىم.

زودانگالىقلار جەنۇپ ـ شىمال قۇتۇپ ئارىلىقىدىكى بەلۋاغ شەكلىدىكى زېمىنغا مىليونغا يېقىن ئاتلىق قوشۇن ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ بىزنىڭ يېشىل تەنلىك قىسمىنىڭ ئادەم سانى يۈز مىڭغا يەتمەيتتى. خىرئان قىسمى كۆپ كېچىككەن بولۇپ ئۇلار بىلەن ئالاقىلاشقىلىمۇ بولمايتتى.

دەل مۇشۇنداق ئاچقۇچلۇق ۋاقىتتا زودانگالىقلار بىلەن خىرئان شەھىرى ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك ملتىق ئاۋازى ياڭرىدى. بىز زىرقىپ كۈتكەن ياردەمچى قوشۇننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۇق. تارس تاركاس يەنە بىر قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقى چۈشۈردى. گىگانت مەخلۇقلار قورقۇنۇچلۇق رىتسارلارنى يۈدۈپ دۈشمەن ئىستىھكامىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا خىرئان قوشۇنىمۇ سەلدەك دۈشمەن موداپىئە لىنىيىسگە باستۇرۇپ كەلدى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە زودانگا قىسمىلىرى ئىككى تاش ئوتتۇرىسىدا قالغان تۇخۇمدەك بىتچىت قىلىپ تاشلاندى. شۇنداق بولسىمۇ

ئۇلار يەنىلا جاھىللىق بىلەن قارشىلىق قىلىۋاتاتتى.

ئەڭ ئاخىرقى بىر زودانگالىق تەسلىم بولغىچە شەھەر سىرتىدىكى جەڭ مەيدانى قۇشخانىغا ئايلاندى. چوڭ قىرغىنچىلىق ئاخىرى توختىدى. ئەسىرلەر خىرىئانغا يالاپ ئېلىپ مېڭىلدى. بىزنىڭ غالىب قىسىممۇ كەينى ـ كەينىدىن خىرىئانىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى.

كەڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپى ئاياللار، باللار ۋە جەڭ ۋاقتىدا خىزمەت تۆپەيلى شەھەر ئىچىدە قىلىپ قالغان ئاز بىر قىسىم ئەرلەر بىلەن تولغان ئىدى. بىزنىڭ كىرىشىمىز قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە كۈتۈۋېلىندى. ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتتىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرى ئۈستىمىزگە يامغۇردەك تاشلاندى. پۈتكۈل شەھەر شاد ـ خۇراملىققا تولدى.

بەتبەشىرە ساكلىق رىتسارلارنىڭ بىردىنلا شەھەرگە كىرىشى شەھەر ئاممىسىنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. بۇندىن ئىلگىرى تولۇق قوراللانغان بىرمۇ يېشىل تەنلىك رىتسارلار قىسمى خىرىئان شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدىن ئاتلاپ باقمىغان ئىكەن. ھازىر ئۇلار خىرىئانلىقلارنىڭ دوستى، ئىتتىپاقدىشى سۈپىتىدە بۇ يەرگە كەلگەن ئىدى. بۇ قىزىل تەنلىكلەرنى بىر تەرەپتىن قاتتىق ھەيران قالدۇرسا بىر تەرەپتىن خۇشال قىلاتتى.

كىشىلەر توپى مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتاپ ۋارقىرىشاتتى ھەم مەن ۋە مېنىڭ زور مەخلۇقىمغا زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرىنى ئارتىشاتتى. ئېنىقكى مەن ئۇلار قەدىرلەيدىغان سۆيۈملۈك مەلىكسى ئۈچۈن قىلغان تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىشلارنى ئاڭلىغان ئىدى. بەتبەشىرە ۋۇلا يېنىمدا بولسىمۇ كىشىلەر ئۇنىڭغا قارىماي ماڭا يېقىنلىشاتتى، قولۇمنى تۇتۇۋېلىشنى، چىرايىمنى كۆرۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى.

بىر توپ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى قارىشى ئالغىلى كەلدى ھەم ماڭا چوڭقۇر ئېھتىرام بىلدۈردى. ئۇلار تارس تاركاس ۋە ئۇنىڭ سەردارلىرىنى، يول بويى قوشۇلغان ئىتتىپاقداش قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ سەردارلىرىنى ھەم مېنى ئاتتىن چۈشۈپ ئۆزلىرى بىلەن بىللە بېرىپ، تاردوس مورسنىڭ ئۇلارنىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن قىلىدىغان ئالىي

ئېھتىرامىنى قوبۇل قىلىشنى ئېيتتى.

خان ئوردىسىنىڭ ئالدى دەرۋازىسىغا تۇتىشىدىغان غايەت زور مۇنبەرنىڭ ئۈستىدە بىر توپ خان جەمەتى ئەزالىرى تۇراتتى. بىز بىرلىكتە مۇنبەرگە قاراپ ماڭدۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى دەرھال مۇنبەردىن چۈشۈپ بىزنى قارشى ئالغىلى كەلدى. بۇ كىشىنى ھەقىقەتەن ئىنسانلارنىڭ مۇكەممەل ئەۋرىشكىسى دېيىشكە بولاتتى. قامەتلىك، ئەزىمەتلەرگە خاس ئالىيجاناب ، ئېسىل پەزىلەتلىك بولۇپ قاراشتىنلا ئونىڭ خىرىئان خانى تاردوس مورس ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

ئۇ بىرىنچى بولۇپ كۆرۈشكەن كىشى تارس تاركاس بولدى. ئۇنىڭ تارس تاركاسقا بىلدۈرگەن مىننەتدارلىقى ۋە سۆزىدىن ئىككى دۆلەتنىڭ مەڭگۈ ئىتتىپاقداش دوست بولۇپ ئۆتىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن:

— بارسومدىكى ئەڭ بۈيۈك رىتسار بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولغانلىقىم مەن تاردوس مورسنىڭ شەرىپى. شۇنداقلا ئىتتىپاقداش دوستۇمغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش مېنىڭ تېخىمۇ چوڭ خۇشاللىقىم ، — دېدى.

— خان ئالىيلىرى، — دېدى تارس تاركاس، — باشقا بىر دۇنيادىن كەلگەن ئادەم بارسومدىكى يېشىل تەنلىك رىتسارلارغا دوستلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆگەتتى، ساكلىقلار سىلەرنى چۈشىنىدۇ. بىز سىلەرنىڭ بىزگە بىلدۈرگەن ھۆرمىتىڭلارغا رەھمەت ئېيتىمىز. بۇ تۆھپىنىڭ ھەممىسى شۇ كىشىگە مەنسۇپ .

ئارقىدىن تاردوس مورس باشقا كىچىك خانلىقلارنىڭ خانلىرى ۋە سەردارلىرى بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشۈپ چىقتى.

ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەندە ئىككى قولىنى مۈرەمگە قويدى.

— سىزنى قارشى ئالىمەن، ئوغلۇم، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ سىزگە بولغان سەممىي ھۆرمىتىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مەن پۈتكۈل خىرىئان زېمىنىدىكى ، ياق پۈتكۈل بارسومدىكى ئەڭ قىممەتلىك سوۋغىنى سىزگە ھەدىيە قىلىمەن.

بىز يەنە خىرىئانلىق سەردارلار بىلەن كۆرۈشتۇق. دېكا تۇررىسنىڭ دادىسى مورس

كاجاك تاردوس مورسىنىڭ كەينىدىن بىللە كېلىۋاتقان بولۇپ دادىسىدىنمۇ زىيادە ھاياجانلانغان ئىدى. نەچچە قېتىم ماڭا بولغان مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولۇپ ھاياجانلانغانلىقىدىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. كېيىن بىلسەم ئۇرۇش ئىس - تۈتەكلىرى بىلەن تولغان بارسومدا قەيسەر، مەردانىلىقى بىلەن نامى ئەلگە تونۇلغان بۇ ئادەم، باشقا خىرىئانلىقلارغا ئوخشاشلا قىزىغا چەكسىز چوقۇنىدىكەن. شۇڭا ھەر قېتىم قىزىنىڭ تۈرلۈك خەتەرلەردىن قۇتۇلۇپ قالغىنىنى ئويلىغىنىدا ئېيتقۇسىز ھاياجانغا چۆمىدىكەن.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

# ھـــــالاكـــــــەت

ئون كۈن جەريانىدا ساك خانلىقىنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنى ياخشى كۈتۈۋېلىندى. ئاندىن ئۇلار قىممەت باھالىق سوۋغا ـ سالاملارنى لىق قاچىلىشىپ مورس كاجاكنىڭ باشچىلىقىدىكى ئون مىڭ ئەسكەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە ئۆز دۆلىتىگە قايتتى. خىرىئاننىڭ قوشماق شەھىرىنىڭ ئاقساقىلى بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەرنى باشلاپ ئۇلارنى تاكى ساك شەھىرىگىچە ئۇزۇتۇپ باردى. شۇ ئارقىلىق ئوتتۇرىدا ئورنىتىلغان دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق ۋە ئىشەنچ يەنىمۇ كۈچەيتىلدى.

سولامۇ شۇ قېتىم تارس تاركاس بىلەن قايتىپ كەتتى. ئۇنىڭ دادىسى بارلىق قەبىلە ئاقساقاللىرىغا ئىككىسىنىڭ ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتىنى جاكارلىدى.

ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن مورس كاجاك ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى بىر ئۇچار كېمىگە ئولتۇرۇپ ساك شەھىرىگە بېرىپ تارس تاركاس ۋە سولانى ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنى دېكا تۇررىس بىلەن جون كارتېرنىڭ قۇتلۇق توي مەرىكىسىگە قاتنىشىپ بېرىشقا تەكلىپ قىلدى.

تاردوس مورىس خان جەمەتىنىڭ ئەزالىرى قاتارىدا مەن خىرىئان كېڭەش يىغىنىدا ۋە ھەربىي قىسىمدا توققۇز يىل تۇردۇم. بۇ جەرياندا ئۆزۈلمەي كېلىۋاتقان تۆرلۈك شان ـ شەرەپلەرگە مۇيەسسەر بولدۇم. خىرىئانلىقلار مەلىكىگە، مەن ئۆچۈن تەڭداشسىز بولغان دېكا تۇررېسقا ھەر كۈنى يېڭىچە ئۇسسۇللار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئونىڭغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلىشەتتى. ئوردېنىڭ ئۆستىدىكى ئالتۇندىن ئىشلەنگەن قاچىدا قاردەك ئاپئاق بىر تۇخۇم ساقلاقلىق بولۇپ بەش يىلدىن بېرى خان مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ ئون نەپەر ئەسكىرى ھەر ۋاقىت ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نەپىس قېپى يېرىلاي دەپ قالغان كۈنلەردە مەن شەھەر ئىچىدە بولساملا دېكا تۇررېس بىلەن بىللە قول تۇتۇشۇپ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ كەلگۈسىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزنى ۋە شېرىن پىلانلىرىمىزنى دېيىشتۇق .

مېنىڭ خاتىرەمدە ئەڭ ئاخىرقى شۇ كەچتىكى مەنزىرە ھېلھەم ئېنىق يادىمدا تۇرۇپتۇ. شۇ كۈنى كەچتە بىز ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ پەس ئاۋازدا ھاياتىمىزنى ئۆزئارا مەھكەم باغلىغان قالتىس رومانتىك تارىخنى، بىزگە پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان تېخىمۇ چوڭ خۇشاللىقنى سۆزلەشتۇق. شېرىن خىياللار بىزنى ئالىقاچان ئۆز قوينىغا ئېلىپ پەپىلەشكە باشلىغان ئىدى.

يىراقتىن بىر كېمە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئاپئاق نۇر چاقنىتىپ بىزنىڭ بۇياققا قاراپ ئۇچۇپ كەلدى. بۇنداق ئىش دائىم كۆرۈلۈپ تۇرغاچقا ئانچە دىققەت قىلمىدۇق. كېمە خۇددى چاقماقتەك سۈرئەت بىلەن خىرىئانغا يېقىنلاپ كەلدى. ئادەتتىن تاشقىرى تېز سۈرئەتتىن ئۇنىڭ ئالاھىدە بىر ۋەزىپە بىلەن كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ بىر تەرەپتىن جىددىي سىگنال تارقىتىپ خاننىڭ ئالاھىدە تېز خەۋەرچىسى ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن جىددىي ئايلىنىپ كېچىكىپ قالغان چارلىغۇچى كېمىنىڭ كېلىپ خان ئوردىسىغا كىرىشكە يول باشلىشىنى ساقلاۋاتاتتى. بۇ كېمە خان ئوردىسىغا كىرىپ ئون مىنۇتتىن كېيىن مەن كېڭەش يىغىنىغا چاقىرتىلدىم. خان ئوردىسىنىڭ قوبۇلخانىسى كېڭەش ئەزالىرى بىلەن لىق تولۇپ كەتكەن ئىدى.

تەخت ئورنىتىلغان ئېگىز مۇنبەردە ئاردوس مورس ئالدى ـ كەينىگە مېڭىپ يۈرەتتى. چىرايىدىن ناھايىتى جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى. بارلىق كېڭەش ئەزالىرى كېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئۆرۈلدى.

— بۈگۈن ئەتىگەن، — دېدى ئۇ، — بارسۇمدىكى بەزى ھۆكۈمەتلەر ئىگىلىگەن ئۇچۇرغا ئاساسەن ئېيتىلىشىچە، ئوكسىگېن زاۋۇتىنىڭ خادىمى ئىككى كۈنگىچە ھېچقانداق سىمسىز رادىئو سىگنالى تارقاتماپتۇ. نۇرغۇن دۆلەتنىڭ باشلىقلىرى ئۇلارغا رادىئو سىگنالى يوللاپ ئۈزۈلدۈرمەي چاقىرغان بولسىمۇ ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمەپتۇ.

— باشقا دۆلەتلەر ئەلچى ئەۋەتىپ بۇ ئىشقا بىزنىڭ قول تىقىپ بىرتەرەپ قىلىشىمىزنى، دەرھال زاۋۇتقا ياردەمچى خادىم ئەۋەتىشىمىزنى تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ. بىر كۈندىن بۇيان بىز مىڭغا يېقىن چارلىغۇچى كېمە ئەۋەتىپ ئوكسىگېن زاۋۇتىنىڭ خادىمىنى ئىزدىدۇق. تېخى بايىلا بىر كېمە ئونىڭ جەسىتىنى ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ. زاۋۇت خادىمى ئۆز ئۆيىنىڭ ئاستىدىكى زىنداندا ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلۈپ جەسىتى پارچىلىنىپ تاشلىنىپتۇ.

— مەن پەقەت سىلەرگە بۇ ئىشنىڭ بارسۇمغا نىسبەتەن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويماقچىمەن. زاۋۇتقا كىرىش ئۈچۈن سىخنىڭ قېلىن تاملىرىنى تېشىپ بولۇشقا بىر نەچچە ئاي ۋاقىت كېتىدۇ. ھازىر بۇ خىزمەت ئالىقاچان باشلىنىپ كەتتى. توشۇش سېخىينىڭ ماتورلىرى نەچچە يۈز يىلدىن بۇيانقىغا ئوخشاش نورمال ئايلىنىۋاتقان بولسا ئانچە غەم قىلمىساقمۇ بولاتتى. بىراق، ئەڭ چاتاق بولغىنى شۇكى، ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە بارسومنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئاتموسفېرا بېسىمى شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ بېرىۋېتىپتۇ. ماتور ئاللىقاچان ئايلىنىشتىن توختاپتۇ.

— ئەپەندىلەر، — دېدى ئۇ ئاخىرى، — بىز ئەڭ كۆپ بولغاندا يەنە ئۈچ كۈنلا ھايات تۇرالايمىز.

پۈتكۈل يىغىن مەيدانى جىمجىتلىققا چۆمدى. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ياش

بىر ئاقسۆڭەك ئورنىدىن تۇرۇپ شەمشىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تاردوس مورسقا دېدى :

— خىرىئانلىقلارنىڭ ئەڭ پەخىرلىنىدىغىنى ئۇلار پۈتۈن بارسوملۇقلارغا بىر قىزىل تەنلىك مىللەتنىڭ قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. ھازىر پۇرسەت يېتىپ كەلدى، بىز ئەمدى ئۇلارغا قانداق ئۆلۈش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ قويايلى. مەجبۇرىيىتىمىزنى داۋاملىق ئادا قىلايلى، خۇددى بىز يەنە مىڭ يىل ياشىيالايدىغاندەك.

ئالقىش سادالىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن ياڭراپ كەتتى. كىشىلەردىكى تەشۋىشنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن بىز كىشىلەرنىڭ ئالدىدا زورغا كۈلۈمسىرەپ، ئازابىنى قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر يېرىگە تىقىۋەتتۇق.

مەن دېگىنى ئارىسىنىڭ يېنىغا قايتقىنىمدا خەۋەر ئالغاچان ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن ئىكەن. شۇڭا بىلىدىغانلىرىمنىڭ ھەممىنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم.

— بىز بىللە بولغان چاغلار ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتتى، جون، — دېدى ئۇ، — بىزنىڭ بېشىمىزغا قانداقلا بالا ـ قازا يېقىنلاپ كەلسۇن مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىمەن. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ بىللە ئۆلۈشىمىزگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ.

كېيىنكى ئىككى كۈن ئىچىدە ئاتموسفېرادىكى ئوكسىگېنىنىڭ ئازايغىنى ئانچە بىلىنمىدى. ئەمما ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەن ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىمۇ نەپەس ئېلىش قىيىنلاشتى. كىشىلەر خىرىئانىنىڭ كوچىلىرىغا ۋە مەيدانىغا يىغىلدى. بارلىق سودا ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى توختىدى. نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان تەقدىرگە باتۇرلۇق بىلەن يۈزلەندى. شۇنداقتىمۇ ھەممىلا يەردە بەزى ئەر ـ ئاياللارنىڭ قايغۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى.

چۈش بولغاندا تېنى ئاجىز كىشىلەر بەرداشلىق بېرەلمىگىلى تۇردى. بىر سائەت ئىچىدە مىڭدەك بارسوملۇق يەرگە يېقىلىپ سېزىمىنى يوقاتتى. ئۇلار ناھايىتى تېزلا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتەتتى.

تۇرىبىس ئىككىمىز ۋە خان جەمەتى ئەزالىرى ئوردىنىڭ ئالدىدىكى يەرنى كولاپ ياسالغان گۈللۈككە يىغىلۋالدۇق. قورقۇنۇچلۇق ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئالدىدا بىز ناھايىتى ئاز

گەپ قىلالىتتۇق. گەپ قىلىش توغرا كەلسىمۇ تۆۋەن ئاۋازدا سۆزلىشەتتۇق. ۋۇلا تۇررىبىس ئىككىمىزنىڭ يېنىدا بولۇپ نەپەس يېتىشمىگەنلىكتىن خىقىرايتتى. ئىتمۇ قىچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئاپەت يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدى.

تۇررىبىسنىڭ تەلىپىگە بىنائەن خان ئوردىسىنىڭ ئۆگزىسىدىكى تۇخۇم قويۇلغان قاچا پەسكە ئېلىپ چۈشۈلدى. تۇررىبىس ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۆمىدكە تولغان كۆزلىرىنى تېخى دۇنياغا كەلمىگەن ھاياتلىققا تىكتى.

نەپەسلىنىشنىڭ تەسلىشۋاتقانلىقى تېخىمۇ روشەن بىلىنىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا تاردوس مۇرس ئورنىدىن تۇردى ۋە:

— بىز خوشلىشايلى، بارسومنىڭ پارلاق دەۋرى ئاخىرلاشتى. ئەتە قوياش ھاياتلىق مەۋجۇت بولمىغان بىر دۇنيانى يورىتىدۇ. بوشلۇقتا مەڭگۈ مۇشۇنداق ئايلىنىپ تۇرىدىغان بۇ پىلانىت ھالاكەت دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ. ھەتتا ئەسلىمىمۇ قالمايدۇ. ھەممە نەرسە ئاخىرلاشتى، — دېدى.

ئاندىن قەددىنى ئېگىپ جەمەت ئىچىدىكى ئاياللار بىلەن بىر ـ بىرلەپ سۆيۈشۈپ خوشلاشتى، كۈچلۈك قوللىرىنى ئەرلەرنىڭ مۈرىسىگە قويدى.

مەن ئازابلانغىنىمدىن نەزىرىمنى ئۇنىڭدىن يۆتكەپ دېكا تۇررىبىسقا قارىدىم. ئۇنىڭ بېشى ئالدىغا چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ قاراشتىن قازا قىلغان كىشىدەك كۆرۈنەتتى . مەن ۋارقىرىغان پېتىم ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى قۇچاقلىدىم.

ئۇ ئىككى كۆزىنى ئىچىپ مېنىڭ كۆزلىرىمگە تىكىلدى.

— جون كارتېر، مېنى سۆيۈپ قويۇڭ، — دېدى ئۇ ئارانلا، — مەن سىزنى سۆيىمەن، سىزنى سۆيىمەن. بىزنىڭ ئەمدىلا باشلانغان مۇھەببەت ۋە خۇشاللىققا تولغان ھاياتىمىز مۇشۇنداقلا ئاخىرلىشامدۇ؟ بۇ نېمە دېگەن رەھىمسىزلىك.

مەن ئۇنىڭ ئوماق لېۋىگە سۆيدۈم. بۇ چاغدا تۇيۇقسىز توسۇپ بولغىلى بولمايدىغان بىر خىل كۈچ ـ قۇدرەت ۋە ھەيۋە ۋۇجۇدۇمدا ئۇرغۇپ، تىنىمدىكى ئۇرۇشخۇمار ۋىرگىنىيىلىكلەرگە خاس قان قايناپ تاشتى.

— ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، مېنىڭ مەلىكەم، — دىدىم ۋارقىراپ، — چوقۇم ئامال تېپىلىدۇ، جون كارتېر سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشىش ئۈچۈن يات دۇنيادا جان تىكىپ جەڭ قىلدى. مەن چوقۇم ئامال تاپىمەن.

مۇشۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقىنىمدا ئالىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن، ئوكسىگېن زاۋۇتىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشقا ئىشلىتىلىدىغان توققۇز دانە نوتا بەلگىسى شۇئان كاللامدا پەيدا بولدى. چاقماقتەك تېزلىكتە بۇ بەلگىلەرنىڭ رولىنى ئەسكە ئالدىم. بۇلار ئوكسىگېن زاۋۇتىنىڭ ئۈچ ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچنىڭ دەل ئۆزى ئەمەسمۇ.

قولۇمدا ھالاكەتكە قاراپ كېتىۋاتقان مەلىكىنى قۇچاقلىغىنىمچە مەن تۇيۇقسىز تاردوس مورسقا بۇرۇلدۇم.

— ئۇچار كېمە، ئالىيلىرى، تېز بولۇڭ ، ئەڭ تېز ئۇچار كېمىنى بۇ ياققا ئەۋەتىڭ. مەن بارسومنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالايمەن.

ئۇ مەندىن نېمە ئىشلىقىنى سورىمايلا بىر مۇھاپىزەتچىنى ئەڭ يېقىن ئورۇندىكى ئامبارغا ئەۋەتتى. ئۆيىنىڭ ئۈستىدە گەرچە ھاۋا يوق دېيەرلىك بولسىمۇ ئەمما ئۇلار ئامال قىلىپ تا ھازىرغىچە بارسومدىكى ئەڭ ياخشى تېخنىكا ئىشلىتىلىپ ياسالغان يالغۇز كىشىلىك تېز سۈرئەتلىك بىر كېمىنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى. مەن كەينىدىنلا بۇرۇنقىدەك چاققانلىق ۋە كۈچ بىلەن خان ئوردىسىنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ بارلىق بارسوملۇقنىڭ ئۈمىدىنى ئېلىپ تېز سۈرئەتتە يۈرۈپ كەتتىم.

نەپەسلىنىش ئۈچۈن پەس ئۇچۇشقا توغرا كەلدى. بىر قەدىمى دېڭىز تېگىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئارلىقنى قىسقارتىش ئۈچۈن مەن ئايروپىلاننى پەقەت يەردىن بىر نەچچە فوتلا ئېگىزلىكتە ھەيدەپ ماڭدىم.

مەن كىشىنى چۆچۈتكۈدەك سۈرئەت بىلەن كېتىۋاتاتتىم. چۈنكى مېنىڭ بۇرۇچۇم ئەزرائىلنىڭ قولىدىن ۋاقىتنى تارتىۋېلىش ئىدى. تۇررىبسىنىڭ چىرايى ھەرۋاقىت كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. مەن ئايرىلىش ئالدىدا ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بۇرۇلۇپ قارىدىم. ئۇ تۇخۇم قويۇلغان قاچىنىڭ يېنىغا يانتۇزۇلغان بولۇپ ئېنىقكى ئەگەر

ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلەش ۋاقتىدا ئەسلىگە كەلمىسە ئۇنداقتا ئۇ مەڭگۈ قايتا ئويغانمايتتى. شۇڭا ماتور بىلەن كومپاستىن باشقا ھەممە نەرسىنى، ئۇستۇمدىكى زىننەت بۇيۇملىرىنىمۇ قويماي ئايروپىلاندىن تاشلىۋەتتىم.

مەن بىر قولۇم بىلەن رولنى، يەنە بىر قولۇم بىلەن سۈرئەت ئۆزگەرتكۈچنى ئەڭ يۇقىرى خوتقا توغرىلاپ كېمىنى خۇددى بىر تال ئاقار يۇلتۇزدەك ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتقان مارسنىڭ شالاڭ ئاتمۇسفوراسىنى يېرىپ ئالغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتىم.

قاراڭغۇ چۈشۈشكە بىر سائەت قالغاندا ئوكسىگېن زاۋۇتىنىڭ يوغان بىناسى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. مەن ئوقتەك سۈرئەتتە ھىلقى كىچىك ئىشكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختۇدۇم. دەل مۇشۇ ئىشىك پۈتكۈل بارسومدىكى ھاياتلىقنى خىرىس قىلىپ تۇراتتى. ئىشىك يېنىدا بىر توپ ئادەم ناھايىتى تەستە تامنى بورغىلاۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ناھايىتى مۇستەھكەم تامنىڭ يۈزىدە تېخى كۆزگە چېلىققۇدەك بىر يەرنى بۇزالمىغان ئىدى. كۆپ ساندىكىلىرى ئالىقاچان مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ ھاۋا بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلار قايتا ئويغانمايتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى خىرئاندىنىمۇ چاتاق بولۇپ نەپەس ئېلىش تېخىمۇ تەسلىشىپ كەتكەنتى. مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىگە ئېيتتىم:

— ئەگەر مەن ئىشكىنى ئاچالىسام بۇيەردە ماتورنى قوزغىتالايدىغان ئادەم بارمۇ؟

— مەن قوزغىتالايمەن. سىز ناھايىتى تېزلىكتە ئاچالىسىڭىزلا. چۈنكى مەن بىردەمچىلىكلا چىدىيالايمەن. ئەمما ئىشكىنىڭ ئېچىلىش سىرىنى بىلىدىغانلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئۆلدى. ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم ئىشكىنى ئاچالمايدۇ. ئۈچ كۈندىن بۇيان كىشىلەر بۇ يەردە ئىشكىنىڭ سىرىنى يېشىش ئۈچۈن ئېلىشىپ قالايلا دېدى .

ئارتۇق گەپ قىلىشقا ۋاقىت يوق ئىدى. مەن ناھايىتى تەسلىكتە پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىپ ئەڭ ئاخىرقى تىرىشچانلىقىم بىلەن يەرگە تىزلىنىپ تۇرۇپ ئالدىمدىكى ئىشىككە قاراپ تۇرۇپ بىردىنلا توققۇز خىل تەپەككۇر دولقۇنىنى چىقاردىم. قالغانلار ئەتراپىمغا يىغىلىپ ئىشىككە مىختەك تىكىلدى. بىز گۆرىستان جىمجىتلىقىدا ساقلاشقا باشلىدۇق.

يوغان ئىشىك ئاستا ـ ئاستا يىغىلىپ كەينىگە ياندى. مەن ئورنۇمدىن تۇراي

دېۋىدىم بەك ھالسىراپ كەتكەنلىكىمدىن تۇرالماي قالدىم.

— ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار، — ۋارقىرىدىم ئەتراپىمدىكىلەرگە، — سىلەر يەتكۈزۈش ماتورى سېخىغا بارالىساڭلار بارلىق ماتورنى ئېچىڭلار. بۇ بارسومدىكى ھاياتلىقنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىدىكى بىردىن ـ بىر پۇرسەت.

مەن ئۆز ئورنۇمدا تۇرۇپ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئىشىكلەرنى ئاچتىم. بارسوملۇقلارغا ئۈمىد بېغىشلايدىغان كىشلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىشىكتىن كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە سىزىمىمنى يوقۇتۇپ يەرگە باشچىلاپ يىقىلدىم.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# ئارىزونادىكى تاغ ئۆڭكۈرى

مەن قايتىدىن كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا كۈن قارايغان بولۇپ غەلىتە ھەم قاتتىق كىيىم ئۈستۈمگە كىيىكلىك ئىدى.

مەن ئولتۇرۇۋالدىم. شۇ ھامان ئۈستۈمدىكى كىيىمگە سىڭىپ كەتكەن تۇپا يەرگە پاراشوكتەك تۆكۈلدى.

مەن بەدىنىمنى باشتىن ـ ئاخىر سىيلاپ چىقتىم. شۇنداق، مەن تولۇق كىيىنگەن ئىدىم. شۇنىسى كىچىك ئىشىكنىڭ ئالدىدا ھوشۇمدىن كەتكەن چاغدا ھېچقانداق كىيىم كەيمىگەنتىم. كۆز ئالدىمدا بىر تۆشۈك بولۇپ بۇ يەردىن ئازراق ئاي نۇرىنى كۆردۈم.

مەن ئۈستى ـ بېشىمنى سىيلاپ كىيىمدىكى يانچۇقلارغا قولۇم ئورۇندى . بىر يانچۇقتىن ماي قەغەزگە ئورالغان سەرەڭگىنى تېپىۋالدىم. بىر تال سەرەڭگىنى تۇتاشتۇرۇپ ئاجىز يورۇقىدا تاش غارنىڭ ناھايىتى يوغانلىقىنى بايقىدىم. مەن يەنە ئۆڭكۈرنىڭ كەينى تەرىپىدە بىر كىچىك ئورۇندۇق بارلىقىنى، ئۈستىگە قېتىپ كەتكەن بىر غەلىتە گەۋدىنىڭ ياتقۇزۇلغانلىقىنى كۆردۈم. يېقىن بېرىپ ئۇنىڭ ئالىقاچان مۇمىياغا

ئايلىنىپ كەتكەن جەسەت ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇ ۋىجىك كەلگەن بىر قىبرى ئايال كىشىنىڭ جەستى بولۇپ قاپقارا ھەم ئۇزۇن چاچلىرى ئورۇندۇقتا تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئورۇندۇق ياغاچ كۆمۈر كۆيدۈرۈلىدىغان بىر ئوچاقتا يۆلەپ قويۇلۇپتۇ. ئوچاقتا يۇمىلاق بىر مىس ئاسقۇ ئېسىلغان بولۇپ ئۇستىدە ئاززاق يېشىل رەڭلىك پاراشوك بار ئىكەن.

ئۇنىڭ كەينىدە ئۆڭكۈرنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان، ئۇزۇن تىزىلغان ئىسكىلىت بار بولۇپ ئارغامچا بىلەن ئۆڭكۈرنىڭ ئۆگزىسىگە ئېسىپ قويۇلغان ئىدى. ئىسكىلىتقا باغلانغان بىر تال ئارغامچىنىڭ يەنە  بىر ئۇچى ئايالنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇلۇپتۇ. مەن ئارغامچىنى تۇتۇپ بىقىۋىدىم شۇئانلا ئىسكىلىت پولاڭلاپ قۇرۇپ كەتكەن قاقشال دەرەخ يوپۇرمىقىدەك كىرىس ـ كىرىس ئاۋاز چىقتى.

بۇ قورقۇنۇچلۇق ھەم كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان مەنزىرىنى كۆرۈپ كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقتىم ۋە ساپ ھاۋادىن نەپەسلەندىم. ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان يەردىن چىقىپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن كۆڭلۈم ئازادىچىلىك ھېس قىلدى.

مەن ئالدىمدىكى بىر كىچىك تاغ ئومۇرتقىسىغا يامىشىپ چىقتىم ۋە ئەتراپتىكى مەنزىرىدىن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدىم.

مەن تامامەن بىر يېڭىچە دۇنيانى، يېڭىچە بىر تۈزلەڭلىكنى كۆردۈم. يىراقتىكى كۈمۈش رەڭلىك تاغ، ئاسماندا تېپتىنىچ تۇرغان ئاي، ئايىغىم ئاستىدىكى كاكتۇس ئۈسكەن تاغ جىراسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئۆزۈمنىڭ مارستا ئەمەسلىكىمنى شەرتسىز ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئۆز كۆزۈمگە ئىشىنەلمەيلا قالدىم. ئەمما ئەمەلىيەت بۇنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى— مەن راستىنلا تاغ ئۈستىدىن ئارىزونانىڭ كەڭ زېمىنىغا نەزەر تاشلاپ تۇراتتىم.

قاتتىق قايغۇ ئىچىدە بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ تاغ ئارىسىدىكى كىچىك چىغىر يول بىلەن ئۆڭكۈردىن ئايرىلدىم.

باش ئۈستۈمدە مارس كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان سىرلىرىنى مۇجەسسەم قىلىپ بوشلۇقتا، 48 مىليون كىلومېتىر يىراقلىقتا قىپقىزىل كۆزلىرىنى جىمىرلاتماقتا ئىدى.

ھېلقى مارسلىقلار توشۇغۇچى پومپا ئۆيگە يېتىپ بارالىغاندىمۇ؟ ھاياتلىقنى ساقلاپ قالىدىغان ئاتموسفېرا يىراقتىكى بۇ پىلانىتقا قويۇپ بېرىلگەندىمۇ؟ ئۇنىڭ خەلقى ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالغاندىمۇ؟ مېنىڭ تۇرىبىسىم ھېلىمۇ ھاياتمىدۇ ياكى خىرىئان خانى تاردوس مورسىنىڭ ئوردىسى ئالدىدىكى گۈللۈكتە ئۇنىڭ گۈزەل، ئەمما روھسىز جەسىمى تۇخۇم قويۇلغان قاچىنىڭ يېنىدا ياتامدۇ؟

ئون يىلدىن بۇيان كۈتۈپ كېلىۋاتىمەن، بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىلىشىنى تىلەۋاتىمەن. ئون يىلدىن بۇيان مەن مۇھەببىتىمنى يوقۇتۇپ قويغان دۇنياغا قايتىپ كېتىش ئۈچۈن ساقلاۋاتىمەن، دۇئا قىلىۋاتىمەن. مەن ئۇنىڭ يېنىدا كۆز يۇمۇشقا چىن قەلبىمدىن رازىكى ئۇنىڭدىن مىليون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يەر شارىدا ئۆلۈشنى ھەرگىز خالىمايمەن.

ئالتۇن كان تېخى باشقىلار تەرىپىدىن بايقالماپتۇ. ئۇ مەن ئۈچۈن غايەت زور بايلىق. شۇنىسى مەن بۇ بايلىقلارنى نېمە قىلىمەن؟

بۈگۈن كەچتە مەن خادسۇن دەرياسىنىڭ بويىغا سېلىنغان كىتابخانامدا ئولتۇرۇپتىمەن. بىرىنچى قېتىم مارستا كۆزۈمنى ئاچقاندىن تارتىپ ھازىرغىچە تويتوغرا يىگىرمە يىل ئۆتۈپ كەتتى. يېزىق ئۈستىلىمنىڭ يېنىدىكى كىچىك دېرىزىدىن ئۇنىڭ بوشلۇقتا جىمىرلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۈگۈن كەچ ئۇ مېنى قايتىدىن چاقىرىۋاتقاندەك قىلماقتا. شۇ قېتىمقى ھالاكەتلىك كېچىدىن كېيىن ئۇ مېنى بىر قېتىممۇ چاقىرىپ باقمىدى.

چەكسىز ھەم قورقۇنۇچلۇق ئالەم بوشلۇقىدىن ئۆتۈپ بىر چىرايلىق ئائىلىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇ خان ئوردىسىنىڭ گۈللىكىدە تۇراتتى. يېنىدا بىر كىچىك ئوغۇل بالا ئۇنىڭغا چىڭ يېپىش تۇرماقتا. ئۇ قولى بىلەن يەر شارىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئېسىل پەزىلەتكە ئىگە بەتبەشىرە بىر مەخلۇق بار...

مەن ئىشىنىمەن، ئۇلار ئۈمىد بىلەن مېنى كۈتمەكتە، بۇنى مەن ھامان بىر كۈنى چۈشىنىمەن.

# تـــــۇگـــــدى

تەرجىمە قىلغۇچى : ئەركىن ئىسھاق

تـــەھـــــــرىـــــــر : كۆلكە0997

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى : كۆلكە0997